توختاجى روزى

# عقده



شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

توختاجى روزى

# ئەقىدە

(پوۋېست)



شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ياسىن ئىمىن

تېخ رېداكتورى: ئىبراھىم مۆمىن

# ئەقىدە

•

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 ـ نومۇر)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا ئاھېلىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 787×1092mm، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 8.5
1985 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1985 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10124·157
سانى: 1 — 6,200
باھاسى: 65 پۇڭ

## مۇندەرىجە


بىرىنچى باپ ........................................ 1
ئىككىنچى باپ ........................................ 27
ئۈچىنچى باپ ........................................ 35
تۆتىنچى باپ ........................................ 50
بەشىنچى باپ ........................................ 80
ئالتىنچى باپ ........................................ 95
يەتتىنچى باپ ........................................ 145
سەككىزىنچى باپ ........................................ 192
توققۇزىنچى باپ ........................................ 234

# بىرىنچى باپ

مەن ئالغا قاراپ باراتتىم،
گۈللەرنى كۆرگەن هامان
قەدىمىمنى ئاستىلىتاتتىم،
— دانتې

گۈلزارلىقتىكى تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەرنى يېتىشتۈرگەن كىم؟

كىشىلەر ئۈچۈن خۇش پۇراقلىق مۇهەببەت بەرپا قىلىشنىلا ئويلايدىغان هالال ئەجىرلىك باغۋەنلەر — ئوقۇتقۇچىلار...

1977 - يىلىنىڭ باهارى راستىنلا خاسىيەتلىك كەلدى!... ئۇنىڭ ئىللىق نۇرى يالغۇز يەر - زېمىننىلا ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ دىللىرىنىمۇ كۆلدۈردى. ئەنە، مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ يورۇق، ئازادە كارىدورىدا بىناسىنىڭ ئىشىكلىرى ئالدىدا، ئىككى تەرىپى قىيسىن دەرەخلىق، پاكىز

سۈپۈرۈلگەن چوڭ ـ كىچىك يوللاردا، تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا شوخ تېتىك ياش ـ ئۆسمۈرلەر خىلمۇ خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانماقتا؛ ئۇلار ئارىسىدا مەلۇم مەسىلىنى قىزغىن تالىشىۋاتقانلارمۇ، پۈتۈن خىيالىنى كىتاپ ـ كونسپېكتلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىۋاتقانلارمۇ، توپ مەيدانلىرىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتىنى نامايەن قىلىشىۋاتقانلارمۇ، تېخى بىر سائەت ئىلگىرىلا ئېچىلغان داغدۇغىلىق چوڭ يىغىن توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىنى ئۆز ئارا ئورتاقلىشىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى...

مەكتەپ مەمۇرىيىتى بىناسىنىڭ ئۈستىدىكى بالكوندا رىشاتكىغا تايانغىنىچە ئەتراپقا قاراپ تۇرغان نىجات مۇئەللىم شۇ تاپتا يۈرىكىگە سىغمايۋاتقان بەختىيارلىق تۇيغۇسىنى گويا بىپايان يەر شارىدىنمۇ چوڭ ۋە چەكسىز ھېس قىلاتتى.

20 يىلدىن بۇيان ھېساپسىز روھىي ئازاپلىنىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ مۇئەللىم تېخى بىر سائەت ئىلگىرىلا 2000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان يىغىن سەھنىسىگە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتىنى كۆرۈشكە توسقۇنلۇق قىلغان، ئەمەلىيەتتە ھېچبىر تەشكىلىي ئورگاننىڭ رەسمىي تەستىقى بولمىسىمۇ ھازىرغىچە ناھەقتىن بېكىتىلىپ كەلگەن «ئوڭچى» قالپىقى ئېلىپ تاشلانغانلىقى ئېلان قىلىندى. پۈتكۈل زالدا ياڭرىغان گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى

ئىچىدە، ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان كىشىدەك ھاياجاندىن كۆزلىرىنى قاپلىغان ياشلىرىنىمۇ سۈرتۈشنى ئۇنتۇپ كۆپـچىلىك بىلەن تەڭ چاۋاك چالدى.

تۈنۈگۈن ئۇنىڭغا ئاقلانغانلىقى ئالدىن ئۇقتۇرۇلغان ئىدى. شۇندىن تارتىپ ئۇنىڭ كېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى. ئۇيقۇ بولسا گويا ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرىگەندەك ئىدى. ئۇ كېچىچە مەكتەپنى تەنھا نەچچە قېتىم ئايلاندى ئۇ تۈن قاراڭغۇسىدا غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان دەل ـ دەرەخلەرگە، چاقناپ تۇرغان ھېساپسىز يۇلتۇزلارغا... ھەممىلا نەرسىگە گويا ئۇلارنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك تويـماستىن قارايتتى.

ئەنە، مەكتەپنىڭ چوڭ مشۇلىدىكىغى ئىچىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئېرىقنىڭ كۈمۈشتەك سۈيى تۈن جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ شىقىرلىماقتا. مەيىن شامال گويا نىجاتنىڭ شۇ تاپـتىكى شاتلىقىغا ئورتاقلاشماقچى بولغاندەك، قۇلاقلىرى تۈۋىدە نازۇك شىۋىرلاپ، مەڭزىلىرىگە سۆيمەكتە.

ئۇ ھاياجانلىناتتى، كۆز ئالدىغا گاھ ئۆتكەن كۈنلەرـنىڭ خاتىرىلىرى، گاھ بۈگۈنكى ھاياجانلىق پىكىرلەر، كەلـگۈسى ھەققىدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن گۈزەل تەسەۋۋۇرلار كېلىۋاتاتتى تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا قانداقتۇ بىر تاسادىپى پىكىر ئۇنى چۈش بىلەن رېياللىق ئوتتۇرىسىدىكى يولدا چايقۇزاتتى. «ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ياق، بۇ قانداقتۇ بىر شىرىن چۈش ئەمەس، ھەقىقى رېيالـ

لىق ئىدى. بۇ رىياللىق بۈگۈن رەسمىي جاكالاندى ...

نىجات مۇئەللىم بالكوندا تۇرۇپ ئۆزىگە ھەر بىر دى‑رىخى، ھەر بىر تىمى، ھەر بىر ئېرىغى ... تونۇش بولۇپ كەتكەن مەكتەپكە، مەكتەپ سىرتىدىكى كەڭرى ئېكىنزارلارغا، نۇرلانغان سۈزۈك ئاسمانغا تويماستىن يېنىشلاپ - يېنىشلاپ قارايتتى.

ئۇ قايتىپ كەلدى! ئۆزى سۆيگەن — گۈزەل مەرىپەت بېغىغا قايتىپ كەلدى. ئەمگەكچى خەلق قوينىغا قايتىپ كەلدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بۇنى ئۇ نەقەدەر ئارزۇ قىل‑غان ئىدى - ھە!؟...

دەرت - ئەلەم يۈرىكىنى مۇجۇپ، رەھىمسىز تەلۋە نەتۇر قۇيۇنلار باش - كۆزى ئەتراپىدا پىقىراپ يۈرگەن كۈن‑لەردىمۇ ئۇ پارتىيىگە ئۈمىت باغلىغان، تەلپۈنگەن، ئۇنى ئېسىدىن زادىلا چىقارمىغان، قولى يەتكەن، قەدىمى تەككەن‑لىكى جايىنىڭ ھەممىسىدە ھالال تەرىنى مىننەتسىز تۆككەن ئىدى...

— نىجات مۇئەللىم!...

بۇ ئاۋاز ئۇنى چەكسىز پىكىرلەر قايىنىمىدىن قارتىپ ئۆزىگە كەلتۈردى، ئۇ بۇرۇلۇپ قارىدى. بالكونغا چىقىش ئىشىكىدە مەكتەپنىڭ پىشقەدەم مۇدىرى يوغان ئارخىپ خال‑تىسىنى كۆتىرىپ كۈلۈپ تۇراتتى.

— مۇدىر...

— بۇ ئۆتكەندە مەن ئېيتقان سىزگە تەئەللۇق خەت‑

لەر ئىكەن، ئارخۇئىگىزدىن چىقتى،— مۇدىر سۆزلىگەچ ئۇ-نىڭغا ئىككى پارچە خەتنى سۇندى. نىجات خەتلەرنى قولىغا ئېلىپلا كونۇۋېرتقا يېزىلغان ئادرىسقا كۆز يۈگۈرتتى.

— رەيھان!؟ ...، — ئىختىيارسىز پىچىرلىدى ئۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىن قاتتىق دۇپۇلدەپ، قوللىرى تىترەپ كەتتى. مۇدىر، نىجاتنىڭ رەڭگىدىكى ھاياجانلىنىشنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئېغىر ئۇھ تارتىپ بېشىنى ئېغىتتى - دە، قو-لىنى ئاكىلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويدى.

— چۈشىنىشلىك ئۇكام! ... ئاۋال خەتلەرنى كۆرۈپ چىقىڭ. ئەگەر راستىنلا شۇنداق ...، — ئۇسۆزىنىڭ ئاخىرى-نى نىمشكىدۇ ئېيتالمايلا نىجاتنىڭ چىرايىغا بىردەم قاراپ قالدى ۋە كېيىن مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئاستا قوشۇپ قويدى، —بىرلىكتە ئىزلەپ تاپىمىز!...

— ياق، ياق! ... ھاجىتى يوق،— دېدى ئۇ دۇدۇق-لاپ ۋە قولىدىكى خەتلەرگە يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى پىكىرلەرنى بىلگىلى بولمايتتى. رەڭگىدە بولسا قېيىن بىر ئىش ئالدىدا بېشى قېتىپ، خى-ياللەنچىلىك ئىچىدە قالغان كىشىلەرگە ئوخشاش بىر مە-يۈسلۈك ئەكس ئېتەتتى.

— نىملىكى بولمىسۇن خەتلەرنى كۆرۈپ چىقىڭ! — دېدى مۇدىر ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ ۋە ئاستاقەدەم بىلەن بالكون ئىشىكىدىن چىقىپ كەتتى. نىجات بولسا خەتلەرنى

. . . ۇنقىسچە خىيالچان تۇرۇپ قالدى.

كەچقۇرۇن بىر توپ دېخان يىگىتلىرى كىرىپ، ئۇنىڭغا قويماستىن ىجاتنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىشتى. ئۇنىڭ ئاقلىنىپ نامىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى يالغۇز ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇ نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئاقكۆڭۈل يۇرتداشلىرىنىڭمۇ زور خوشاللىقى ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەت بويىچە كەچلىك مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئوقۇتقۇچى دوستىنى مۇبارەكلەشنى مەسلىھەت قىلىشقان ئىدى.

مەشرەپ ئويۇنىنى ىجات ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىدا ئۆز يۇرتىدا بىرقانچە قېتىم كۆرگەن. لېكىن ئۇ چاغلاردا يېشى تېخى كىچىك بولغاچقا مەشرەپ سورۇنىدىكى ئەدەپ قائىدىلەر، ئوينىلىدىغان ئۇسۇل ۋە ئوقۇلىدىغان مۇقاملارنىمۇ ئانچە كۆپ بىلمەيتتى.

مەشرەپ قاتناشچىلىرى 30 دىن ئارتۇقراق كىشى بولۇپ كۆپچىلىگى ياشلار ئىدى. ىجاتنىڭ يۇقۇرىسىدا تۆرنى ئىگەللەپ ئولتۇرغان ئۈچ - تۆت ئاقساقال، بۇرۇندىن مەشرەپكە خۇمار بولۇپ كەلگەن، ئۆز دەۋرلىرىنىڭ «يىگىت بېشى»لىرىدىن ئىدى.

مەشرەپ باشلىنىش ئالدىدا ىجاتنىڭ سول تەرىپىدە

ئولتۇرغان دادۋي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابلىمىت كۆپچىلىككە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ سۆزىنى باشلىدى:

— بىزنىڭ دادۋيىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى نىجات مۇئەللىمنى ياخشى تونۇيدۇ. خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھەممىمىز تولىمۇ خۇرسەن بولدۇق، — شۇجى، نىجات مۇئەللىمگە نەزەر تاشلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ نەچچە يىلدىن بۇيان بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنىمىز بولغان مەشرەپمۇ «فېئودالىزىمغا خاس»، «سېرىق» ... دەپ قارىلىنىپ، تۇسۇۋېتىلگەن ئىدى. بۈگۈن بىزمۇ ئۇنىڭ بېشىغا زورلاپ كىيگۈزۈلگەن قالپاقلارنى ئېلىپ تاشلاپ، بەتنامدىن ئازات قىلىنغان دوستىمىزنى، بەتنامدىن ئازات قىلىنغان مەشرەپ ئويۇنىمىز بىلەن تەبرىكلىمەكچىمىز ...

ئۆي ئىچىدە ئولتۇرۇشقانلار ئۆز ئارا پۈتۈشۈۋالغاندەك بىردىنلا چاۋاك چېلىشتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ تەبىئى ھاياجانلىق كۆرۈنۈش ئىدى. نىجات قانداقتۇ بىر خىل ئىللىق سېزىمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارقىلىپ، يۈرىكىنىڭ ئەنە شۇ سېزىم تەسىرى بىلەن ئۈركەشلەۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— رەھمەت، رەھمەت! — دەيتتى ئۇ قايتا - قايتا كۆڭلىدىكى چەكسىز مىننەتدارلىقىنى ئاشۇ «رەھمەت» سۆزى بىلەن بىلدۈرۈپ. مەشرەپ باشلاندى.

مەشرەپ — ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى تەرتىۋى بويىچەمۇقام بىلەن باشلىنىپ، تەمبۇر، قالۇن، راۋاپ ۋە داپنىڭ

تەڭكەشلىگىدە ئەۋجىگە كۆتىرىلدى. ئاۋازى ساز بىر يېڭىت
يۇقۇرى ئاۋازدا مۇقام مۇقەددىمىسىنى ئوروۇنلىغاندىن كې-
يىن، بىر قانچە كىشى داپىنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن
لەمدىكى نۆۋەت بويىچە «چىكىتمە»قىسمىغا تەڭلا قوشۇلدى.
باياتىن يۇت - قوللىرى قىزىپ، تاقەتسىزلىنىپ ئول-
تۇرغان يىگىتلەر جۈپ - جۈپ بولۇپ ئۇسۇلغا چۈشتى. بە-
زىدە شوخ، بەزىدە لەرزان، ئەمما قاتتىق تەرتىپ بىلەن
ئوينىلىدىغان مەشرەپنىڭ بۇ ئۇسۇللىرى كۆڭۈللەرنى مەھ-
لىيا قىلغۇچى «زىل باياۋان»، «ئۆزھال»، «راك»، «مۇشا-
ۋىرەك»، «جۇلا»، ... قاتارلىق مۇقاملار بىلەن ھەر خىل
ئۆزگىرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ قەدىمىي سەنئەت بايلىغىنى
نامايەن قىلاتتى. نىجات ئۇسۇل ئويناۋاتقان، مۇقام ئېيتى-
ۋاتقان ۋە ساز چېلىۋاتقان يىگىتلەرگە قاراپ ئويلىنىپ كەت-
تى: «... قىزىق! بۇ ياشلارنىڭ ھەممىسى ئون يىل ئىلگىرى
تېخى گۆدەك باللار ئىدىغۇ، بۇ ئۇسۇللارنى ئۇلار قاچان،
قەيەردە ئۆگىنىۋېلىشتىكىن!؟ ...» بىرقانچە يىگىت بىر-
لىشىپ يۇقۇرى ئاۋازدا ئېيتقان «زىل باياۋان» مۇقامى ئۇ-
نىڭ خىيالىنى بۆلدى:

ئىككى تاغنىڭ ئاراسى،
يارىمنىڭ گۈل باغىدۇر،
ئۇنى كىبلەر دېيىشىنىڭ،
ۋەسلىگە دىل ئازىدۇر،

ناخشىلار ئەۋجىگە چىقىپ تەرگە چۆمۈلگەن ئۇسۇلچىلار ئويۇنغانسېرى قىزىماقتا ئىدى.

قارچۇغۇم كۆكۈلدا قالدى،
مەن يېنىپ كەلدىم بويان
مەن يېنىپ كەلگەن بىلەن
كۆڭلۈمىز كۆكۈل سايان.

جانىمغۇ بەردى خۇدا،
سىر كۆن ئامانەت ئالغۇدەك
مىلڭ مۇشەققەتلەر بىلەن
سالغان ئىمارەت قالغۇدەك ...

مۇقامغا ئەسىر بولۇپ قالغان نىجاتنىڭ كۆزلىرى ئۇسۇلدا. قولىغى مۇقامنىڭ يېڭى - يېڭى ناخشىلىرىدا ئىدى.

كۆيمەنا كۆيمەن،
قاشى قاراغا كۆيمەن.
كۆزلىرىنى ئويىنتىپ،
جاننى ئالارغا كۆيمەن.

«قاشى قاراغا كۆيمەن!...» نىجات كۆڭلىدە ئىختىيارسىز تەكرارلىدى ۋە ھە. ئۇمۇ «قاشى قاراغا كۆيگەنىمدە

كمن؟...» شۇ هامان خىيال ئەينىگىدە غۇۋا بىر گەۋدە پەيـ
دا بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا روشەنلىنىشكە، چىرايى ئېنىق كۆ-
رۈنۈشكە، ھەتتا... تولىمۇ تىونـۇش بىر چاغلاردا سۆيۈملۈك
بولغان يېقىملىق چېھر كۆلۈمسىرەشكە باشلىدى. نىجات
ئۆزىنىڭ ئېغىر تىنىپ «ئۇھ!» تارتقۇەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي
قالدى. كۆڭلىنىڭ قەيرىدىدۇ بىرپىكىر خۇددى ئۇنىڭ بىـ
لەن قېرىشقاندەك «رەيھان، رەيھان!...» دەپ تەكرارلايتتى
نىجات كاللىسىغا كېلىۋالغان پىكىرلەرنى ئۆزىدىـن
نېرى ھەيدىۋەتمەكچى بولغاندەك بېشىنـى بـىر ـ ئىككى
ئېغىتتى:
ـــ ئۇ ... مېنىڭ ... شۇنچە، كىمىم ئىدى؟! شۇنچە
زامانلار ئۆتۈپ كەتتى، بەلكىم، ئاللىقاچان...
ئۇ، ئۇسۇل ئويىاۋاتقانلارغا قارىدى، لېكىن كاللىسـ
دىن يەنىلا ھىلىقى پىكىرلەر نېرى كەتمەيتتى، «... باشقىـ
لاردىن ئۇن نەچچە يىل بۇرۇنلا توي قىلىپ كەتكىنىنى ئېـ
نىق ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنە شۇنى ئويلاش... تولىمۇ بىمەنىـ
لىك ئەمەسمۇ؟...»
يىرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، ئۇ مەكتەپتىكى يـاتىقىغا
قايتىپ كەلدى. ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇيقۇسىز ئىكەنلىكـ
گە قارىماي، ئۇ يەنىلا يېتىشقا ئالدىرىمىدى. يۈز ـ قوللىـ
رىنى مۇزدەك سوغاق سۇدا يۇغاندىن كېيىن. تامدىكى مىخـ
قا ئىلىپ قويۇلغان قورۇق لۆڭگىنى ئېلىپ يۈزىـنى سۈرتـ
كەچ، كارۋىتى ئالدىغا كېلىپ، دەپتەر ۋە ھەر خىل كىتاپـ

لار ۋەتەلىك تىزىلغان شىرەسىگە قاراپ قويدى، شۇ چاغ كىتاپلارنىڭ ئالدىغا يۆلەپ قويۇلغان كىچىك ئەينەكتە ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ، بىر هازاغىچە تۇرۇپ قالدى. ئاقىرىشقا باشلىغان چىكە چاچلىرى باشىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا كېڭى-يىشكە باشلىغان ئىدى. ئىككى قاش ئارىسى ۋە كۆز جى-ھەكلىرى ئەترايىغا چۈشكەن قورۇقلار نىجاتنى 45 لەرگە بې-رىپ قالغاندەك كۆرسىتەتتى. نىجات ئىختىيارسىز هالدا ھە-قىقى پېشىنى ئەسكە ئالدى:

«38 ياش! ... ئۆمۈر راستىنلا سۈدەك ئۆتىدىكەن-دە!...»

ئۇ لۆڭگىنى جايىغا ئىلىپ قويۇپ، ياتاق ئىچىدە ئۇ-ياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

«بىر چاغلاردا ... تېخى بالا ئىدۇق. ئىنىستىتۇتتىكى شۇ قايناق هايات...» ئۇ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ، ئالدىدىكى شىرەگە جەينەكلىرىنى قويغىنىچە ساۋاقداشلىرىنى ئەسلەپ كەتتى. ئەنە، شوخ، زىرەك دوستى شۈكۈر قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەپ دەرستىكى سىرەر تېما ئۈستىدە باشقىلار بىلەن مۇ-نازىرىلەشمەكتە... ئەنە، ئۇنىڭغا روسىرو تۇرۇپ سۆزلەۋاتقان سېلىم، ئۆمۈ شۈكۈرگە ئوخشاش مۇنازىرىگە ئامراقلاردىن... كىشىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىكى هاياتى ھەقىقەتەنمۇ كۆ-ڭۈللۈك ۋە بەختلىك دەۋر - دە! ئەمما. بۇنداق كۆڭۈللۈك ۋە بەختلىك دەۋرى مەسىلىك، ياخشى ئۆتكۈزۈش ھەرقانداق كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ.

نىجاتچۇ؟ ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىكىدىنلا يېتىم قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان تۇزۇكرەك تۇققىنى بولمىغاچقا، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغان ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ، ئانىسىمۇ، تۇرۇق-تۇققانلىرىمۇ خەلق ھۆكۈمىتى ئىدى. ئۇنىڭ مەسۇم گۆدەك قەلبىدە، ئۆزىگە پاسىۋانلىق قىلغان، بېشىنى سىلىغان پارتىيىگە، يېڭى دەۋرگە نىسبەتەن بىر خىل چوڭقۇر مۇھەببەت ئۇنى باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقىغا ئەمەلىي جاۋاپ بېرىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. ئىنستىتۇتقا كەلگەندە ئۇ ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويدى. ھەقىقەتەنمۇ بىلىم ئاجايىپ قىزىق نەرسە، ئۇنى ئۆگەنمىسەڭ سېنىڭدىن يىراق ۋە تولىمۇ يات بىلىنىپ سىرلىق تۇيۇلىدۇ، ئۆگەنسەڭ، ئۆگەنگەندىمۇ راست بېرىلىپ ئۆگەنسەڭ ئۇ ساڭا يېقىن، قىزىقارلىق بولۇپ، ئالەمدە تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن سېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. نىجاتمۇ ئەنە شۇنداق مەھلىيا بولغانلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەر دائىم تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنەتتى. ھەر بىر كۈننى مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىككە تىرىشتى...

ئۇ، ئوقۇغانسېرى كۆز ئالدىغا ئىنستىتۇتتىكى ئوقۇغۇچىلىقتىن ئىبارەت ئالتۇندىنمۇ قىممەت، مەنىلىك، شاۋقۇنلۇق كۈنلەرنىڭ تۈرلۈك كارتىنىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى...

... ھەر ھەپتىنىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشۈپ مەكتەپ بويىچە چوڭ تازىلىق قىلىش، ئۆزۆندىن بويان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت ئىدى. بۈگۈنمۇ مەيدان تازىلىغىدىن يېنىپ سىنىپقا كىرگەن نىجات بۇ يەردە بولۇۋاتقان جىددى، قىزىقارلىق ئىلمىي مۇنازىرە قايىنىمىغا كىرىپلا كەتتى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بۈگۈن خىمىيە دەرسىدە ئالىدكىم مۇئەللىم ئوتتۇرىغا قويغان «نېمە ئۈچۈن تەبىئەتتە مۇتلەق كۆپ خىمىيۋى رېئاكسىيىلەر ئۆزلۈگىدىن بارىدۇ؟» دىگەن سوئال ئۈستىدە ھەرقايىسى ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى بەس - بەستە ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى. رەيھان، سېلىم، شۈكۈر، نۇردۇنلار بۇ مۇنازىرىنىڭ ئاساسىي قاتناشچىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا يەنە بەش - ئالتە ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچىمۇ ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسىگە قۇلاق سېلىپ جىم ئولتۇرۇشاتتى.

— ھە، مانا نىجاتمۇ كىردى، — دېدى قىزىققان شۈكۈر پاخپايغان چاچلىرىنى قوللىرى بىلەن ئارقىسىغا تاراپ قويۇپ — قېنى سەنمۇ بىر نېمە دىگىنە ئاداش.

ئۇلار بەس - بەس بىلەن بىر بىرىنىڭ ئاغزىدىكى سۆزلىرىنى تارتىۋېلىپ چۇۋۇلدىشىپ كەتتى. كىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىغىنى پەرق ئېتىشمۇ تەس ئىدى. نىجات ئىككى قۇلىغىنى ئالقانلىرى بىلەن ئېتىۋېلىپ ۋاقىرىدى:

— بولدى، بولدى! ئاغزىڭلارغىمۇ، قۇلىغىڭلارغىمۇ

ئۇۋال.

تالىشىۋاتقانلار بىر ئاز تىنچىدى، نىجات كۈلگىنىچە سۆزلىدى:

— بۇنداق تالاشساق ھېچ نەتىجە چىقمايدۇ. مېنىڭ چەجايىمىزدا ئولتۇرۇپ، تەرتىپ بىلەن بىر بىرلەپ سۆزلەيلى. سۆزلىگۈچى ئۆز كۆزقارىشىنى تولۇق شەرھىلەپ بولغاندىن كېيىن يەنە باشقىمىز سۆزلەيلى. شۇ ۋاقىتتىلا كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا. ئايرىۋالغىلى بولىدۇ.

— ھە، مانا بۇنىسى بولىدۇ، — دېدى رەيھان ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ

1 — يىللىقىدىكى ئۆسمۈرلەرمۇ بىزدەك بولمىسا كېرەك.

— مەنمۇ قوشۇلىمەن، — دېدى شۆكۈر ئۆزىنىڭ پارتىسى تەرەپكە مېڭىپ، — مانا مەن ئولتۇردۇم.

— بىزمۇ قوشۇلىمىز! — دېدى ھەممە ئوقۇغۇچىلار كۈلۈشۈپ.

— بۇ ئۇسۇلغا مەنمۇ قوشۇلىمەن، — ئىشىك تەرەپتىن چىققان تونۇش، تەمكىن ئاۋاز ھەممىنى ئۆزىگە قاراتتى. ئىشىكتە ئابلىكىم مۇئەللىم كۈلۈپ تۇراتتى.

— كېلىڭ مۇئەللىم، كېلىڭ، — دېيىشتى ئوقۇغۇچىلار ھۆرمەت بىلەن.

— باشقىلار دەم ئېلىشقا چۇشۇپ كەتكىلى نەۋاق، — دېدى ئابلىكىم مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا سىناش نەزىرى بىلەن

بىر بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈپ، — «بۈگۈنكى شەنبە» مۇنازىرەبىلەن
تۈگەپ كەتمىسۇن يەنە ...

— پەندىكى ئىختىيارىي مۇنازىرە ھەرقانداق دىم ئې-
لىشتىنمۇ ياخشىدەك قىلىدۇ، — دېدى رەيھان كۈلۈپ.

— ھە، سىلەرنىڭ بۇ روھىڭلار يارايدۇ، — دېدى ئاب-
لىكىم مۇئەللىم سەممى كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ قاراش-
لىرىدا ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا كۆيۈنۈش، زوقلىنىش ھىسسىياتى
چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا بىر بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈپ
چىققاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇنازىرىدە
باشقىلارنىڭ ئۆز پىكىرلىرىنى تولۇق شەرھىلىشىگە يول
قويۇش كېرەك. چۈنكى، ھەربىر كىشىنىڭ ئوخشىمى-
غان پىكىرلىرىدە يەنىلا مەلۇم يېڭى پىكىرلەر چىقىپ
قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا بۈگۈنكى سوئالغا جاۋاپ تېپىش-
تىمۇ ھەربىر كىشى ئۆز قارىشىنى ئالدىرىماي شەر-
ھىلەپ باقسۇن. قېنى، كىم ئاۋال سۆزلەشنى خالايدۇ؟

— مەن سۆزلەپ باقاي، — دېدى شۈكۈر قولىنى
كۆتىرىپ ۋە مۇئەللىمنىڭ باش لىڭشىتىپ قوشۇلۇشىنى
ئالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى، — نىمە ئۈچۈن تەبى-
ئەتتە مۇتلەق كۆپ خىمىيۋى رېئاكسىيەلەر ئۆزلۈگىدىن
بارىدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، بىز ماددىلارنىڭ
قانۇنىيىتىگە مۇراجەت قىلىمىز. ماددىلار ھامان رېئاكسى-
يىگە كىرىشىش خاھىشىغا ئىگە. ئەگەر رېئاكسىيەلەشكۈچى
ماددىلارنى ئۆزئارا ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىل-

ساقلا. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن رېئاكسىيىگە كىرىشىپ مەھسۇلاتقا ئايلىنىدۇ.

شۈكۈر «مېنىڭ كۆزقارىشىم مانا شۇنداق» دېگەنىدەك قىلىپ ئەتراپىمىكىلەرگە ۋە ئابلىكىم مۇئەللىمگە قاراپ قويۇپ، ئورنىغا ئولتۇردى، مۇئەللىم كۈلۈمسىرىگىنىچە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن شۈكۈرنىڭ جاۋابىغا قانائەت ھاسىل قىلغانلىقى ياكى قىلمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— مېنىڭ پىكرىم، — دېدى نۇردۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاندىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ شۈكۈردىن جىددىيھالدا سورىدى، — سېنىڭ قارىشىڭنى مۇبادا توغرا دەپ قارىساق، ھاۋا ئاردىلاشمىسىدىكى ئازوت بىلەن ئوكسىگېن مالېكۇلىلىرى سېكۇنتىغا مىليون قېتىم ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلۈكىدىن رېئاكسىيىلىشىپ بىر قاتار ئازوت ئوكسىد مالېكۇلىلىرىغا ئايلىنىپ كەتمەيدۇ؟

قىزىققان شۈكۈر تەرتىپنىمۇ ئۇنتۇپ، نۇردۇننىڭ سوئالىغا ئىتتىكلا جاۋاپ بەردى:

— گەرچە ئۇلار ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۆزئارا ئۇچرىشىپ تۇرسىمۇ رېئاكسىيىگە كىرىشىش شەرت-شارائىتىنى يارىتىپ بەرمىدۇق - دە!

— مەنمۇ ئۆز كۆز قارىشىمنى ئېيتىپ باقاي — دېدى سېلىم، مۇئەللىم تەرەپكە قاراپ.

— ھە،ھە! .... — مۇئەللىم ئۇنى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈردى.

— بىسگىچە. — دېدى ئۇ شوكۇرگە بىر نەزەر تاشلاپ قويۇپ — بۇ خا ايلار دېگەندەك ئەترابلىق بولمىدى. يەنە شوكۇرنىڭ جاۋابى مەسىلىنىڭ پەقەت بىر تەرىپىنى يېشىپ بېرەلىدى. ماددىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن رېئاكسىيىلىشىپ مەھسۇلاتقا ئايلىنىشى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ تۇراقلىق ئېلېكترون قۇۋەت تۈزۈشىگە ئىنتىلگەنلىكىدىن بولىدۇ ...

ئۇ ئۆرنىنىڭ بۇ كۆزقارىشىنى يەنە بىردەم شەرھلىگەندىن كېيىن ئورنىغا ئولتۇردى. كۆزلىرى بولسا ئابلىكىم مۇئەللىمدە ئىدى، بىراق ئابلىكىم مۇئەللىمنىڭ چىرايىدىن ھېچبىر ئېنىق ئىپادە تاپالمىدى. يەنە ئىككى ئوقۇغۇچى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۆز قاراشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. نىجات چوڭقۇر خىيالغا چۆككەن ھالدا بىر ئوقتىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ قاپ-قارا قاشلىرى قاتتىق تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى سەل قىسىلغان ئىدى. ئۇ بىر نەرسىنى جىددىي ئويلاۋاتقاندا ھامان ئاشۇ قىياپەتتە بولاتتى. شۇ چاغدا رەيھان مۇئەللىمگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— مۇمكىنمۇ؟ مەن ئۆز قارىشىمنى سۆزلەپ باقسام...

— ھە، — دېدى ئابلىكىم مۇئەللىم ئىسسىق چىراي بىلەن قىزغا قاراپ. — سۆزلەڭ رەيھان.

— مەن بايا ئۆز قارىشىمنى شەرھلىگەن، — دېدى

رەيهان ساۋاقداشلىرىغا قاراپ قويۇپ — هازىر يۇقۇرىدا
سۆزلەپ ئۆتكەنلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئويلىنىپ كۆرسەم
مىڭەمدە يەنە بىر قانچە سوئاللار پەيدا بولدى. ئالدى
بىلەن بۇشۇ ھەقتىكى قارىشىمنى ئېيتسام؛ هازىر سۆزلىگە-
نلەرنىڭ جاۋاۋى پەقەت ئېلېمېنت ئاتوملىرىنىڭ نىمە
ئۈچۈن تەنها مەۋجۇت بولماي ئۆزلۈكىدىن باشقا ئاتوملار
ياكى باشقا ماددا مالىكۇلىلىرى بىلەن تەسىرلىشىپ،
سىرتقى ئېلېكترون قەۋەتلىرىنى تۇراقلىق ئېلېكترون
قەۋەتلىرىگە ئۆتاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن خىمىيىۋى
رېئاكسىيىلەرگە كىرىشىدۇ دېگەن مەسىلىنىلا چۈشەندۈرۈپ
بېرەلەيدۇ. ئەگەر ئۇلارچە بولغاندا، مۇرەككەپ مالىكۇلىلار
ئارىسىدا خىمىيىۋى رېئاكسىيىلەر ئۆزلۈكىدىن بارماي
قالامدۇ؟

سىنىپ ئىچى بىردىن جىمجىت بولۇپ كەتتى،
سىنىپتىكىلەر چىراق ياندۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى.
ئابلىكىم مۇئەللىم ئورنىدىن تۇرۇپ لامپىنىڭ كۇنۇپكىسىنى
باستى. سىنىپ يوپ - يورۇق بولۇپ كەتتى.

—يېڭى-يېڭى پىكىرلەر چىقىۋاتىدۇ، — دېدى مۇئەللىم
ئولتۇرغانلارغا قاراپ قويۇپ، — بۇ ياخشى ئەھۋال. ئەمما
مەسىلە تەل - تۆكۈس يېشىلدىمۇ؟ يەنىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ
باقايلى. بۈگۈن شەنبە، دەم ئېلىش ۋاقتىڭلارنىمۇ
كۆپ تەسىر يەتمىسۇن ...

— مۇئەللىم، مەن قارىشىمنى قويۇپ باقسام قانداق؟ —

دېدى نىجات ئېسىدىنلا مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

ئوقۇغۇچىلار يالت قىلىپ ئۇنىڭغا قاراشتى. نىجات-
نىڭ قاشلىرى تۈرۈلگەن، كۆزلىرى جىددى ۋە ئىشەنچلىك
چاقناپ تۇراتتى.

— سۆزلەڭ! — دېدى مۇئەللىم كۈلۈپ.

— ساۋاقداشلارنىڭ كۆزقاراشلىرىدىمۇ بەزى
ھەقىقەتلەر بار، — دەپ سۆز باشلىدى نىجات. — سىلەر
ئېيتقاندەك ماددىلاردا ئۆزئارا رېئاكسىيىلىشىش خاھىشى
بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارمۇ ئۆزئارا توقۇنۇشقاندا رېئاكسىيە-
لىشىدۇ شۇنىڭدەك ئېلېمېنت ئاتوملىرى خىمىيۋى
رېئاكسىيەلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىرتقى ئېلېكترون
قەۋەتلىرىنى تۇراقلىق تۈزۈلۈشكە ئىگە قىلىشقا ئىنتىلىدۇ.
ئەمما ئۇلار خىمىيۋى رېئاكسىيەلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن
بارىدىغانلىقىغا تولۇق جاۋاپ بولالمايدۇ، مېنىڭچە...
خىمىيۋى رېئاكسىيەلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن بېرىشىدىكى تۈپكى
سەۋەپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ماددىلار ئىمكانىيىتى-
نىڭ بېرىچە ئەڭ تۆۋەن ئېنېرگىيە ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ.
شۇنداقلا ماددىلار تېخىمۇ تۇراقلىق ھالەتكە ئۆتىدۇ. بۇنىڭ
ئۈچۈن چوقۇم ماددا ئۆز ھالىتىدە ئۆزگىرىش ياسىشى، بىرەر
جەرياننى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ باشقا بىر خىل ھالەتكە
ئايلىنىشى لازىم بولىدۇ. ماددىلارنىڭ خىمىيۋى رېئاك-
سىيەلەرگە كىرىشىشى — مانا مۇشۇ خىل ھالەت ئۆزگىرىشىنى
ياساپ، ئەڭ تۆۋەن ئېنېرگىيە ھالىتىگە ئايلىنىپ، تېخىمۇ

تۇراقلىق ھالەتكە ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرت - شارائىت ياردەملەن ھامان ماددىلار ئوتتۇرىسىدىكى خىمىيۋى رېئاكسىيەلەر ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا كېلىدۇ.

ئابلىكىم مۇئەللىم سىنىپتىكىلەرگە سىناش نەزىرى بىلەن قارىغىنىچە سورىدى:

— قانداق توغرا بولدىمۇ؟

ئوقۇغۇچىلار باشلىرىنى لىڭشىتىشىپ كۈلۈمسىرەشتى.

— شۇنداق، — دېدى مۇئەللىم ئورنىدىن تۇرۇپ،— نىجات بۇ مەسىلىگە جايىدا جاۋاپ بەردى...، — ئۇ ئاندىن نىجات جاۋاپ بەرگەن تېما ئۈستىدە قىسقىچە خۇلاسە قىلىپ بەردى

سىنىپتىن كەچ قايتقان ئوقۇغۇچىلار بۈگۈن كەچ نىمە قىلىشلىرى، قەيەرگە بېرىشلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ كېتىشىۋاتاتتى

— نىجات، بۈگۈن كىنوغا بارامسىز — دېدى نۇردۇن،— مېڭىلەرمۇ ئاپچە - مۇنچە ئارام ئالسۇن دەيمەن...

— ياق،— دېدى شۈكۈر رەت قىلىپ،— تانسىغا چىقىمىز تانسا مېڭىنى ياخشى ئارام ئالدۇرىدۇ.

— تىياتىرچۇ؟ — سورىدى سەبىلىم، نىجاتنى نوقۇپ قويۇپ كۈلگىنىچە.

— تىياتىرمۇ بولاتتى. ئەپسۇس كېچىكىپ قالدۇق-دە.

نىجاتنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان شۈكۈر باشقىلارغا



سەزدۈرمەي، نىجاتنىڭ يېشىنى تارتىپ، ئارقا تەرەپنى شەرەتلىدى. نىجات كەينىگە بۇرۇلۇپ قىزلار ياتىقى تەرەپكە قاراپ ئاستا كېتىۋاتقان رەيھاننى كۆردى. رەيھان، نىجاتنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقىنىنى كۆرۈپ قەدىمىنى تېخىمۇ ئاستىلاتتى. نىجات بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇردى ـ دە:

— سىلەر مېڭىۋېرىڭلار، — دەپ قويۇپ قىز تەرەپكە قەدەم تاشلىدى...

نىجات خىيالدىن باش كۆتىرىپ ئەتراپىغا ئىتتىك سەپسالدى. ئۇ خېلىلا ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ياتاق ئىچىدە بىر ـ ئىككى قېتىم ئايلاندى. سائەت قانچە بولدىكىن؟... ئۇنىڭ سائىتىمۇ يوق ئىدى. ھېلىقى بىر يىلى تەجرىبىخانىدا ئۇنى چالا ئۆلۈك بولغىچە ئۇرۇشقاندا، سائىتىمۇ يوقالغان ئىدى. شۇنىدىن كېيىن ئۇ سائەت سېتىۋالمىدى. دەرسكە كىرىش، دەرستىن چۈشۈش ۋاقىتلىرىدا مەكتەپ قوڭغۇراق چالاتتى. دەرستىن سىرتقى چاغلاردا بولسا سائەتكە ھاجىتىمۇ چۈشمەيتتى... «تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالغان بولسا كېرەك...» تەخمىن قىلدى ئۇ دەرىزىدىن تون قاراڭغۇسىغا قاراپ قويۇپ، خۇددى ئۇنىڭ تەخمىنىنى تەستىقلىغاندەك يىراقتىن خورازنىڭ چىللىغىنى ئاڭلاندى: «ئازراق بولسىمۇ كۆز يۇمۇۋالاي، ئەتىگەندە تېخى دەرسىم بار...» ئۇ شۇلارنى ئويلىغاچ ئورۇن ـ كۆرپىسىنى ئىتتىك سالدى. ياستۇقىنى ئوڭلاۋېتىپ بىردىنلا ياستۇق

ئاستىدىكى كۈندۈزدە مۇدىر بەرگەن ۋە تېخى ئوقۇلمىغان ئىككى پارچە خەتكە كۆزى چۈشتى. ئوخشىمىغان يېزىقتىكى بۇ ئىككى خەت مۇئەللىمنىڭ ساۋاقدىشى نىجاتنىڭ ئەسلىمىسىنى قوزغاپ قويدى، ئۇ كونۋېرتلارنى قولىغا ئالدى- دە، «كونۋېرتلارنى ئاچ! خەتنى ئوقۇ!...» دېگەندەك قىلاتتى.

ئۇ ئېھتىيات بىلەن كونۋېرتلارنىڭ بىرىسىنى ئاچتى. پەقەت قىزلارنىڭ نازۇك قوللىرىدا ئۆگەنگەن، گۈل چىقىرىپ قاتلانغان بىر ۋاراق خەت چىقتى. نىجات خەتلەرنى ئوقۇماي تۇرۇپلا قەغەز ئايىغىدىكى «رەيھان» دېگەن چىرايلىق پۈچۈركىگە ھەم 1964 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دېگەن چېسلاغىلا كۆز تاشلىدى.

«تويى 1963 - يىلى بولغان بولسا، بىر يىلدىن كېيىن بۇ خەتنى يازغان ئىكەن- دە؟ ...» دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە. ئاندىن خەتتە نېمە يېزىلغانلىقىغا قىزىقمىغاندەك ئۇنى قويۇپ قويۇپ 2 - كونۋېرتنى يىرتتى. ئىككى ۋاراق قەغەزگە چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان بۇ خەتلەرنىڭ ئايىغىدىكى چېسلا «1966 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى» دەپ يېزىلغان. ئۇ بۇ خەتنىمۇ ئوقۇماي كۆڭلى غەش ھالدا بىردەم تۇردى- دە، نېمىشكىدۇ يەنە بۇرۇن ئاچقان قىسقا بىر ۋاراق خەتنى ئېلىپ ئىختىيارسىز ئوقۇشقا باشلىدى:

«قەدىرلىك ساۋاقدىشىم نىجات!

سىز ئۈچۈن دائىم ئازاپلىنىۋاتقان ۋىجدانىمنىڭ دەۋىتى بىلەن سىزگە ئۇنىڭ ئەچچە پارچە خەت يازدىم. ئەپسۇسكى

بىرسىڭىزمۇ جاۋاپ ئالالمىدىم. مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا گۇناكار! ئەمما، ئەجەبا ... سىز مېنىڭ «گۇناكار» بولۇش سەۋەبىمنى بىلمىسىڭىز؟... ماڭا ھەرقانچە نەپ-رەتلەنسىڭىزمۇ. مەن ئۆز قەلبىمدىكى شۇ سۆزنى سىزگە يەنە قايتا يېزىشنى خالايمەنكى، مېنىڭ تۆپەيلىمدىن ئۆز ئىستىقبالى قارىلىنىپ كەتكەن يىگىتكە ھاياتلا بولسام پاك ۋىجدانىم بىلەن جاۋاپ قايتۇرالايمەن!...»

خەتنىڭ ئايىغىدا ئىسىم ۋە يۇقۇرىدىكى چىسلا يېزىل-غان ئىدى.

نىجاتنىڭ كاللىسىدىن چىگىش، بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى تەسەۋۋۇرلار تېزلىك بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ شىرە ئۈستىگە ئوقۇمايلا تاشلاپ قويغان 2 - خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۆزىچە قانداقتۇ بىر خىل سىر-زىم مۇشۇ خەتنى ئوقۇغاندىلا كاللىسى قايدۇرۇۋاتقان چىگىش خىياللارغا جاۋاپ تاپقىلى بولىدۇ دېگەندەك قىلاتتى.

«قەدىرلىك نىجات. بۇ مېنىڭ سىزگە 13 - قېتىم خەت يېزىشىم ئۆتكەندىكى خەتلىرىمدە يازغىنىم-دەك سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىڭىز بىلەن بىر گۇناسىز قىزنى ئاقلايمەن دەپ ھەرقانچە تىرىشىپ خالىس گەپ قىلىپ قويۇپ ئاخىرىدا ئۆزىڭىز تۈگمەس بالا-يى - ئاپەتلەرگە دۇچار بولدىڭىز ئاشۇ ئىشنى ھەر

بىر ئويلىغىنىمدا قەلبىم چەكسىز ئازابلىنىدۇ، ئۆزەم ئۇچرىغان ۋە ئۆزەم بېشىمدىن كەچۈرۈۋاتقان ئېغىر كۈنلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھامان سىزنى ئويلايمەن. سىز مېنى دەپ تولىمۇ ناھەق - تولىمۇ ئادىل بولمىغان ئازارلارغا ئۇچرىدىڭىز...

سىزنىڭ تاكى ھازىرغىچە ئەنە شۇ ھالەتتە ئازابلىنىپ ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى ئۆزەم دۇچكەلگەن ئېغىر كەچۈرمىشلىرىمگە قاراپلا پەرەز قىلىمەن، سىزنى ھەر بىر ئويلىغاندا ۋىجدانىمنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىز ئىكەنلىكىمنى سىزگە قانداق بىلدۈرۈشنىمۇ بىلمەيمەن...

سۆيۈملۈك ساۋاقدىشىم! مېنى كەچۈرۈڭ... بىزنى پالاكەتكە ئۇچراتقان ھېلىقى قاراسىيەت سىنىپ مۇدىرى ھامۇتنىڭ ھەققى ئەپتى - بەشىرىسى ئېچىپ تاشلىنىپ، تېگىشلىك جازاسىنى تاپقانلىقىنى ئۆتكەنكى خەتلىرىمدە يازغان ئىدىم. ئەمما، ئۇ ئاشۇ ھەققانىي جازاغا تارتىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىمۇ بىلمەستىن ماڭا بەكمۇ لازىم بولغان بىر گەپنى — سىزنىڭ قەيەرگە تەقسىم قىلىنغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بەرگەنتى؛ ئۇ سىزنىڭ بىر يىلدىن كېيىن شۇ يەرلىك بىر ئوقۇتقۇچى قىز بىلەن توي قىلغانلىقىڭىزنى، مېنىڭ ئۆزىنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىشىمنى، ئەگەر رازىلىق بىلدۈرسەم ماڭا ئارتىلغان ئاتالمىش «گۇنا» لاردىن تامام خالاس بولىدىغانلىقىمنى

ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ تەلىۋىنى ئۇزۇل - كېسىل رەت قىلدىم. ئادرېسىڭىزنى سىلىۋالغىنىمغا خوش بولغان بولسامۇ كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۆرەممۇ بىلمەيدىغان بىر خىل تۇگۈچ پەيدا بولۇپ قالدى. چۈنكى مەن سىزنىڭ توي قىلغانلىقىڭىز ھەققىدە بىر پارچە خەتمۇ تاپشۇرۇۋالغان ئىدىم. بۇ ئىمزاسىز خەتنى كىم ئەۋەتتى؟ تولا ئويلىنىپ گاڭگىراپ قالدىم...

شۇندىن كېيىن مەن سىزگە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پارچە خەت يازدىم. بىراق سىزدىن ئەمەس، باشقا بىر ياخشى نىيەتلىك كىشىدىن جاۋاپ خەت كەلدى. ئۇنىڭ خەتلىرىدىن ئەھۋالىڭىزنى تېخىمۇ ئېنىقراق چۈشىنىپ خاتىرجەم بولدۇم.

نىجات! سىز ئاخىرقى قېتىم (بۇ — ئىككىمىزنىڭ ئۈستىمدىن خۇلاسە چىقىرىلغان ئوتتۇرا گۇرۇپپا يىغىنىدىكى گەپ) كۆپچىلىككە قاراپ: «كومپارتىيە بار، خەلق ھۆكۈمىتى بار، ھەققەت ھامان ئايدىڭلىشىدۇ!...» دېگەن ئىدىڭىز. بۇ سۆزلىرىڭىز ھازىرغىچە قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرۇۋېتۇ. ئۇمىت ۋە ئىشەنچىگە تولغان ئاشۇ سۆزلەر بىرقانچە يىللاردىن بۇيان ماڭا تەسەللى-ئىلھام بولۇپ كەلدى. مەن ھەققەت ئايدىڭلىشىدىغان كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇم ئۆزەمدىن كۆرە سىز ئۈچۈن كۆپ

رەكتور... ئىككى ئېلىك بولسىمۇ ئۆز قولىڭىزدا يېزىلغان خەتنى كۆرسەم، ۋىجدانىمنىڭ ئازابلىنىشىغا شىپا تاپقان بولار ئىدىم. خۇدايىم سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي

رەيھان

1966 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى»

نىجات خەتنى قايتىدىن يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. گىدىرماش خىياللاردىن ئۇنىڭ بېشى قايىغان، پىكىرلىرى چېچىلىپ، چېكىلىرى لوقۇلداپ ئاغرىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دەرىزىنى ئاچتى. سىرتتىن ئۇرۇلغان سوغاق شامال ئۇنىڭ مېڭىسىنى بىر ئاز سەگىتكەندەك بولدى. «مېنىڭ ھەققىمدە ئۇنىڭغا خەت يازغان ياخشى نىيەتلىك كىشى كىمكىنە؟ — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — ھېلىقى ھاموت ھازىر قەيەردىكىن؟ ئۇنىڭ رەيھان بىلەن توي قىلغانلىقىنىچۇ؟ ... ئۇلار 1963 - يىلى توي قىلغان دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. رەيھانىنىڭ مۇنۇ بىر پارچە خېتى 1964 - يىلى يېزىلىپتۇ، بۇ زادى قانداق گەپكىنە؟...» ئۇ قانچە ئويلىسىمۇ بۇ سوئاللارنىڭ ھېچقايسىسىغا تۈزۈك جاۋاپ تاپالمىدى.

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. قۇشلارنىڭ بەس - بەستە سايراشلىرى ھەر ياندىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سەھەرنىڭ سالقىن نەم ھاۋاسى نىجاتنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلاتتى. ئەمما ئۇ سوغاقنى قىلچە سەزمەيتتى...

## ئىككىنچى باپ

مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە باشلانغان پەۋقۇلئاددە يىغىنى، ئىشتىن چۈشۈش قوڭغۇرىغى چېلىنغىنىغا قارىماستىن داۋام قىلماقتا ئىدى.

پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ بۈگۈنكى بۇ يىغىنى ھەقىقەتەنمۇ پەۋقۇلئاددە دەپ ئاتاش مۇۋاپىق ئىدى. سەۋەبى يىغىندا ۋىلايەتلىك پارتكومدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى كىشى — ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بىر كادىرى. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى، بىر مۇئاۋىن شۇجىسى، تەشۋىقات بۆلۈم بۇجاڭى، مەدەنىي-مائارىپ بۆلۈمىنىڭ ئىككى كېيجاڭى قاتارلىق كىشىلەر، شۇنداقلا مەكتەپتىكى ھەرقايسى بەن - گۇرۇپپىلىرىنىڭ پارتىيىلىك، پارتىيىسىز مەسئۇللىرىمۇ بار ئىدى.

ياچېيكا شۇجىسى ئابدۇرەززاق ئاكا مەكتەپنىڭ ۋە ناھىيىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ دىققىتىنى

قوزغىغان 1968 - يىلدىكى پۈتۈن ساھىيىگە زور خانىۋەيىـ
رانچىلىق كەلتۈرگەن بىر قېتىملىق ئەلەم كۆرىشى قايىنىمى
ئىچىدىن 120 مىڭ يۈەنلىك دۆلەت مۈلكىنى پەم - پاراـ
سەت بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشتىن ئىبارەت پىداكارلىق
توغرىسىدا دوكلات بەرمەكتە ئىدى.

— ... تۆت كېچە - كۈندۈز ئىچىدە، — دەپ داۋام
قىلاتتى ئۇ سۆزىنى، — تەجرىبىخانىدا ئەسلى بار 20 يەـ
شىك ۋە ئۆزى دىخان دوستلىرى ئارقىلىق شەخسى پۇلغا
سېتىۋالغان 16 ساندۇقتا تەجرىبىخانىدىكى سايمانلارنى
قاچىلاپ، 34 ساندۇقتىكىنى شۇ كېچىسى يۆتكەپ كېتىشكە
مۇۋەپپەق بولالىغان ...

— سىز باشتا بۇ ساندۇقلارنى يۆتكەشكە ئۈچ دىخان
يىگىتى ياردەم بەرگەن دىگەنتىڭىزغۇ دەيمەن،— ئۇنىڭ سۆـ
زىنى بۆلدى ھىلىقى ۋىلايەتتىن كەلگەن تەشۋىقات بۆلۈم
خادىمى يىبزىۋاتقان خاتىرىسىدىن بېشىنى كۆتىرىپ ۋە ئابـ
دۇرەززاق ئاكىدىن «شۇنداق» دىگەن جاۋاپنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن داۋام قىلدى، — ئۇلارنىڭ ئادرىسلىرىنى، ئىسىم،
پەمىلىلىرىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

ئابدۇرەززاق ئاكا قەغەزلىرىگە قاراپمۇ قويماستىن
دەرھال جاۋاپ بەردى:

— ئۇلار ئۈرۈمچىنىڭ گۈڭشې «قىزىلنۇر» دادۈيىنىڭ
ئەزالىرى. ئىككىسى 22 - 20 ياشلاردىكى يىگىتلەر، بىرسىـ
نىڭ ئىسمى ئۆمەرجان، بىرسىنىڭ باتۇر ئۇچىنچىسى، شۇ

چاغلاردا تېخى 13-14 ياشلاردىكى بالا بولسا كېرەك، ئىسمى كامال.

— كامال، ئەخمەتنىڭ ئىنىسى ئەمەسمۇ؟ — سورىدى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى.

— ھەئە، ئەخمەتنىڭ 2 - ئىنىسى.

— ئەخمەت دىگەن كىم بولىدۇ؟ — ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىغى قىزىقىپ سورىدى.

— ئەخمەت ... نىچىى تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسى كومىسسارى، — جاۋاپ بەردى ئابدۇرەززاق ئاكا، — بۇ يەردىمۇ قىزىق بىر ۋەقە بار، ئەمما، مەن بۇ ھەقتە يېغىندىن كېيىن سۆزلەپ بەرسەم بولامدىكىن ...

ۋىلايەتتىن كەلگەنلەر باش لىڭشىتىپ قوشۇلغاندىن كېيىن ئابدۇرەززاق ئاكا، 34 يەشلىك ساندۇقتىكى تەجرىبە سايمانلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ تولىمۇ قىممەتباھالىق ئىكەنلىگى، شۇنداقلا بۇ خىل سايمانلارنى تېپىشمۇ تەسكە چۈشىدىغانلىغى ھەققىدە سۆزلىدى.

چۈشتىن كېيىن نىجات خىمىيە تەجرىبىخانىسى ئىشىگى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئىچكىرىگە مۇنداقلا قارىدى. ئاق خالات كىيگەن ياشقىنە لابورانت ئايال ھەر خىل خىمىيۋى دورا شىشىلىرىنى ئۆز تەرتىۋى بويىچە جاۋەنلەرگە تىزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. نىجات ئىشىكنى ئاستا ئىچىپ ئىچكىرى كىر-

دى. لابورانت ئايال نىجاتنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى؛
— ئەجەبمۇ ياخشى كىردىڭىز نىجات مۇئەللىم، — دىدى ئۇ نىمىگىدۇ خوش بولىغاندەك تىخىمۇ ئىچىلىپ، — تېخى ھىلىلا ئابدۇرەززاق ئاكام سىزنى ئىزلەپ كىرگەن ئىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ئىيتىشىچە، سىز يىۇقۇرىدىن كەلگەن رەھبەرلەرگە ئۆزىڭىزنىڭ تەجىرىبىخانىسنى ساقلاپ قالـغان ئەھۋالىڭىزنى سۆزلەپ بىرىدىكەنسىز، ئۇ ماڭا: «نىجات كەلسە مىنىڭ ئىشخانامغا بىرىشنى ئىيتىپ قويۇڭ» دىگەن ئىدى.
— بۇنى سوراپ نىمە قىلىدىكەن؟ — دىدى نىجات ھۇرىلىرىنى قىسىپ، — بۇ يالغۇز مىنىڭلا ئىشىم ئەمەسقۇ؟
— ئەمىسە كىمنىڭ ئىشى؟ — دىدى لابورانت ئايال ئۇدىغا تىكىلىپ.
— سىزنىڭمۇ، ئەكبەر مۇئەللىمنىڭمۇ ۋە يەنە ئۆمەرجان، باتۇر، كامالارنىڭمۇ ئىشى.
— بىزنى بۇ ئىشقا قوشقىلى بولمايدۇ، — دىدى ئىتىراز بىلدۈرۈپ.— ئاۋۇ ئۈچ دىخان دوستىڭىز ھەقىقەتەن سىزگە ياخشى ياردەم قىلغان. بىز دىگەن پەقەت كىيىنكى كۈنلەردە بۇ سايمانلارنى تۇققانلارنىڭ ئۆيلىرىگە تارقىتىپ، ساقلاپ بىرىشكە ئاز - تولا ياردەم قىلدۇق، خالاس...
— شۇنداقتىمۇ، — دىدى نىجات.— بۇ تۆھپە دىيىلمىگەن بولسا. كوللىكتىپنىڭ تۆھپىسى بولۇشى كىرەك. سىلەرنىڭ كۈچلۈك ياردىمىڭلار، ئاشۇنداق ھايات - ماماتـ

لىق پەيتلەردە قوللىشىڭلار بولمىغان بولسا مەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بولاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر «ئوڭچى، خەتەرلىك ئادەم» دەپ قارىلىنىپ تۇرغان مەزگىل - دە ...

— بولدى، بولدى، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، — دېدى ئايال قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋە نىمىگىدۇ قېيدىغاندەك قىيا قارىۋېلىپ، — مەن قاچان خەتەرلىك ئادەم دەپ سىزنىڭ كېپىڭىزنى ئاڭلىمىغان؟ — دەپ سورىدى.

نىجات ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاپ بېرەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى. دېمىسىمۇ، 1964 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قېلىپ، كىچىك ئىككى ئۇكىسى بىلەن يېتىم قالغانلىقى ئۈچۈن تەشكىل تەرىپىدىن مەكتەپنىڭ ئۆزىدە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تەجرىبىخانىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقان بۇ ئايال ھەر دائىم نىجاتقا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن نىجاتمۇ ئۇنى خۇددى ئۆزىنىڭ بىر تۇققان سىڭلىسىدەك يېقىن كۆرەتتى.

— پاتىگۈل، — دېدى ئۇ بايىقى سۆزىدىن ئۆكۈنگەن سىياپەتتە، — مەنمۇ سىزنى تولۇق چۈشىنىمەن، بايىقى سۆزنى مۇنداقلا...

پاتىگۈل ئۆز سوئالىنىڭ نىجاتنى راستىنلا خىجىل قىلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ ھامان پۇشايمان يېدى.

ئۆنىڭ چىرايىدا دەرھال ئىسسىق، سەممىي تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

دەل شۇ پەيتتە تەجرىبىخانىغا كىرگەن بىر ئوقۇغۇچى نىجاتقا قاراپ ئالدىراپ خەۋەر قىلدى:

— مۇئەللىم، سىزنى مۇدىر ئىشخانىسىغا كەلسۇن، — دەيدۇ.

— بېرىڭ، نىجات ئاكا، — دېدى پاتىگۈلمۇ ئالدىرىتىپ.

نىجات ئىشىكتىن چىقتى. پاتىگۈل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پەقەت چىن كۆڭلىدىن قايىل بولغان كىشىلەردىلا بولىدىغان مېھىر، ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن قاراپ قالدى.

مۇدىر ئىشخانىسىدا ئولتۇرغان يەتتە - سەككىز كىشى نىجات ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن ۋە سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئابدۇرەززاق ئاكا نىجاتقا ناتونۇش بولغان ئىككى يولداشنى — ۋىلايەتلىك پارتكومدىن كەلگەن كادىرلارنى تونۇشتۇردى. ناھىيىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى نىجاتقا تونۇش ئىدى. پارتكوم شۇجىسى، نىجاتنى ئۆزىيېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ مەقسەتنى چۈشەندۈردى:

— يولداش نىجات. كوممۇنىستىك پارتىيىنى، خەلقنى، دۆلەتنى قىزغىن سۆيگەن كىشىلا — دۆلەتنىڭ مال - مۈلۈكلىرىگە ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق شارائىتتا جېنىنى پىدا قىلىپ كۆيۈنىدۇ. ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش... ھەرىكەت-

لىرى ئەۋج ئالغان، نۇرغۇنلىغان ئاقكۆڭۈل كىشىلەرمۇ مۇشۇ ئىشلار ئالدىدا ئامالسىز قېلىپ، غەزەپلىنىپ، ئۆز نارازىلىق-لىرىنى قايسى يوللار بىلەن ئىپادىلەشنى بىلەلمەيۋاتقان شۇنداق ئېغىر پەيتلەردە سىزدەك «ئوڭچى ئۇنسۇر» دەپ قارىلىنىپ قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇرغان بىر كىشىنىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا پىسەنت قىلماي، دۆلەت-نىڭ 120 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى مال - مۈلكىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ چوڭ تۆھپىدۇر... يۇقىرى دەر-جىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بۇ ئىشقا ئېتىۋار بىلەن كۆڭۈل بۆلمەكتە. بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممىمىز سىزنىڭ ئۆز ئاغزىڭىزدىن تەجرىبىخانىسىنى يۆتكەپ كېتىش جەريانىنى ئاڭلاپ باقساق دەپ ئاتايىن سىزنى چاقىرتتۇق.

شۇجىنىڭ سۆزى ئاياغلىشىشى بىلەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە قىلدى:

— ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىڭىزنىڭ ئاشۇ ئاخىرقى يىللى-رىدىن باشلاپ تەپسىلىرەك سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمىز.

نىجات ئۇلارنىڭ مەقسىدىنى چۈشەندى. لېكىن سۆ-زىنى قەيەردىن باشلاشنى بىلمەي، ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئىشخانىنىڭ دەرىزىسىدىن سىرتقا كۆز تىككىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئەمما، ئۆي ئىچىدە تۇرغانلارنىڭ ھەممى-سى — خۇددى ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇۋات-قان ئوقۇغۇچىلاردەك ئۇنىڭغا تىكىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ساھات دەرىسىدىن كۆزىنى ئېلىپ ئولتۇرغانلارغا قارىدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان سەممىيلىك ھۆرمەت ئۇنى ئېتىكلەندۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆركەشلەتكەندەك بولدى. مېھرىۋان كۆزلەرنىڭ تەقەززاسى، ئۇنىڭ خىيالىنى ئۆزى ئەسلەشنىمۇ خالىمايدىغان، لېكىن ئەسلىمىسە بولمايدىغان ئاشۇ قورقۇنچلۇق يىللارغا ئېلىپ كەتتى...

## ئۈچىنچى باپ

1958 - يىل.

— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىزنىڭ نىجات يۇلتۇزىمىز، خەلق ھۆكۈمىتى ئۆزىمىزنىڭ ھۆكۈمىتى، بىز پارتىيىمىزنىڭ. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشىنىلا خالايمىز. بىزدە ئۇنىڭدىن باشقا قانداق مەقسەت بولسۇن؟ — يالاڭ باش، بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان 18 ياشلاردىكى ئوقۇغۇچى ئالدىدىكى شىرەنى ئىككى قولىدا چىڭ باسقان ھالدا قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى. — ياخشى نىيەتتە بېرىلگەن پىكىرلەر بىلەن، يامان نىيەتتە بېرىلگەن پىكىرلەرنىڭ پەرقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئايرىتىش، كىمدە گۇنا بولسا شۇ جاۋاپ بېرىش. يېقىن تۇققىنى دەپلا بىراۋنىڭ قارىسىنى قاراملىق بىلەن يەنە بىراۋغا چاپلىۋەرمەسلىك كېرەك! ...

يىگىتنىڭ ھاياجىنىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن
ئىدى، كەڭ كۆچلۈك كۆكرىكى ئېغىر نەپەستىن بىر كۆتى-
رىلىپ، بىر پەسىيەتتى. سىنىپتىكى 36 نەپەر ئوقۇغۇچى
ئۆزلىرىنىڭ بۇ جۈرئەتلىك زىرەك ساۋاقدىشىنىڭ سۆزلىرى-
گە ھەۋەس ۋە قايىللىق بىلەن قۇلاق سالماقتا ئىدى.

ئۈچ يىللىق ئوقۇش ھاياتىدا ئوقۇتقۇچى لېكسىيە
قىلغان ھەر بىر تېمىنى تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزلەشتۈرۈپ،
خۇددى يىپقا مارجان تىزغاندەك سۆزلەپ بېرەلىسىمۇ، لې-
كىن سىياسى مەسىلىلەر ئۈستىدە ھېچكىم ئۇنىڭ بىرەر سو-
رۇندا بۇگۈنكىدەك قاملاشتۇرۇپ سۆزلىگىنىنى ئاڭلىغان
ئەمەس.

مانا بۈگۈن ئۇ سۆزلىمەكتە. سۆزلىگەنىدىمۇ پۈتۈن
ۋۇجۇدى بىلەن يۈرىگىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى پىكىرلەر-
نى، كۆز قارىشىنى، ئىدىيىسىنى راستچىللىق بىلەن ئىپادى-
لىمەكتە ئىدى. مەكتەپ، پاكولتېت ئىستىل
تۈزىتىش ھەركىتى رەھبەرلىك ئورگىنىدىن كىرگەن
بەش ـ ئالتە مەسئۇل خادىمنىڭ بەزىسى پۈتۈن دىققىتى
بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىماقتا. بەزىسى جىددى، ئال-
دىراش خاتىرە يازماقتا. بىر ـ ئىككىسى بولسا قاپاقلىرى
تۈرۈلگەن، سۈرۈن ھالەتتە ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ ئول-
تۇرماقتا...

يىگىت سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بارماقلىرى بىلەن
قىلىن چاچلىرىنى كەينىگە تاراپ قويۇپ، ئورنىغا كېلىپ

ئولتۇردى. ئوقۇغۇچىلار ئۆز ھاياجانلىرىنى باسالماستىن گۇ-
دۇڭ - گۇدۇڭ قىلىشقىنىچە پاكولتېتمۇدىرى بىلەن پىچىر-
لىشىۋاتقان يىغىن باشقۇرغۇچىغا قارىدى.

— باشقىلارنىڭ پىكرىنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى
مۇدىر، يىغىن باشقۇرغۇچىغا جىددى ئاۋازدا.

— ھە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، نىجاتنىڭ كۆزقاراشلىرى
بىزگە چۈشىنىشلىك بولدى، — دېدى يىغىن باشقۇرغۇچى ئال-
دىغا چىقىپ، — مەكتەپ ۋە پاكولتېت ئىستىل تۈزىتىش
ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنىدىن كىرگەن رەھبەر-
لەر (باشقۇرغۇچى — رەھبەرلەردىن كەلگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇر-
غۇ بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ سۆزلىدى) ئەمدى باشقىلارنىڭمۇ
پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى ... ھىم، كىمنىڭ پىكرى بولسا
سۆزلىشىنى قارشى ئالىمىز.

سىنىپ ئىچى بىردەم جىمجىتلىققا چۆكتى. باشقۇر-
غۇچى سۆزىنى يەنە ئىككى - ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. يەنە
ھېچكىم سۆزلىمىدى. ئاخىرى پاكولتېت مۇدىرى ئورنىدىن
تۇرۇپ سورىدى:

— يەنە كىمنىڭ ئوخشىمىغان پىكرى بار؟

— پىكرىمىز يوق! — بىردىن گۇررىدە جاۋاپ بەردى
ئوقۇغۇچىلار.

پاكولتېت مۇدىرى ئىنىستىتوت ئىشخانىسىدىن كىرگەن-
لەرگە قاراپ قويۇپ يەنە سۆزلىدى:

— نىجاتنىڭ پىكرىگە نىسبەتەن تونۇشۇڭلارنى ئوت-

تۇرنىغا قويغىنىڭلار ياخشىمىكىن؟ ئۇنىڭ قارىشىنى ياكى توغرا دېيىش كېرەك، ياكى خاتا دېيىش كېرەك...

— ئىجاتىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمىز!

— كۆز قارىشىمىز ئوخشايدۇ! — سىنىپتىكىلەر تەرەپ - تەرەپتىن چۇقىراشتى.

پىكىر ئېلىشقا كىرگەن بەزى رەھبەرلەرنىڭ قارىشىدىن: «ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېگىنى راست ئەمەسمۇ؟» دېگەندەك مەنا، يەنە بىر - ئىككىسىنىڭ قارىشىدىن «قېنى بۇلارغا نېمە دەيمىز؟...» دېگەندەك سوئال ئەكس ئېتەتتى. ئىجاتىنىڭ ساۋاقداشلىرى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ھەق ۋە دادىل سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەزىيەتنىڭ نازۇكلۇقىنى ئويلىشىپ، ئەنسىرىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. شۇ تاپتا ئىجاتنىڭ ئۆزى نېمە ئويلاۋاتىدىكىن؟ ئۇنى ئەلۋەتتە ھېچكىم بىلمەيتتى. ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا بۈگۈنكىسىنى قوشقاندا ئىجاتنىڭ 2 - قېتىم كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆز پىكرىنى سۆزلىشى ئىدى. دەرستىن باشقا ئىشلار ئۈستىدە كۆپ گەپ قىلمايدىغان بۇ يىگىت ھەركەتنىڭ «ئېچىلىش - سايراش» باسقۇچىدا يىغىن باشقۇرغۇچىنىڭ «سىزمۇ كۆز قارىشىڭىزنى سۆزلەڭ» دەپ قايتا - قايتا زورلىشى ئاستىدا «چەتئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى مۇۋاپىق ئۆگىنىش» ۋە «كەسپىي ئورۇنلاردىكى رەھبەرلەرنىڭ كەسپ ئەھلىلىرىدىن بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ...» قاتارلىق

بىر قاتار ئىشلار ئۈستىدە ئۆز كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بولغۇنكىسىنى بولسا، باشقىلارنى تولىمۇ ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلىگەن ئىدى.

دەم ئېلىش قوڭغۇرىغى چېلىندى.

— يىغىننى، ھىم، مۇنداقچە ئېيتقاندا، كېيىن داۋا-لاشتۇرايلى، — ئېلان قىلدى يىغىن باشقۇرغۇچى ئوقۇتقۇچى، — رەيھان، سىز پاكولتېت ئىشخانىسىغا چىقىڭ!

كەچ. پاكولتېت كۇتۇپخانىسىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى بالغۇز كىشىلىك كىچىك شىرەنى ئىگەللەپ ئولتۇرغان نىجات كۆرۈۋاتقان كىتاۋنى يېپىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئىڭىكىنى ئالقىنى بىلەن تىرىگەن ھالدا ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدا يەسلا باياتىن ئۆزى ئوقۇپ چىققان خىمىيۋى قانۇنىيەتلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ دەرىزىدىن سىرتقا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇدۇلدىكى ئىگىز بىنالاردا ۋاللىداپ يېنىۋاتقان ئېلېكتىر نۇرلىرى كۆرۈندى. ھەممە نەرسە يورۇنقىدەك: سان-ساناقسىز ئېلېكتىر لامپۇچكىلىرى خۇددى ئاسماندىن يۇلتۇزلار يەرگە كۆچۈپ چۈشكەندەك. ئاۋات - گۈزەل شەھەر كېچىسىگە تېخىمۇ گۈزەل ھۆسۈن قوشقان، سىنىپلاردا، ياتاقلاردا، كىتاپخانىلاردا ئوقۇغۇچىلار ئوخشىمىغان كەسىپلەر بويىچە بېرىلىپ دەرس تەييارلىماقتا، ماتېرىيال كۆرمەكتە، قانداقتۇ بىر تېمىلار ئۈستىدە ئىزلەنمەكتە... ئەمما، يىغىنقى

بىرقانچە كۈندىن بۇيان نىجات ئۆزىگە كۈتۈلمىگەن بىر بالايى ـ ئاپەتنىڭ خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ بالايى ـ ئاپەتنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئازادىچىلىكنى بۇغرىلاپ، باش ـ ئايىغى يوق غەم تەشۋىشنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

بۇ ئىشلار قانداق تاسادىپىي ۋە تۇيۇقسىز سادىر بولغان بولسا، ئۇنىڭ تەرەققىياتىمۇ شۇنداق تۇيۇقسىز ھەم تېز بولۇۋاتاتتى. مەكتەپتە داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتى خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى كىرگۈزدى. بۇرۇندىن تارتىپ سىنىپتا ناچار بولۇپ كېلىۋاتقان بەزى ئوقۇغۇچىلار بىرلا سەكرەپ «ئىلغار»، «قىزىل قەلبلىك سولچى» ناملىرىنى ئىگەللەشتى، بەزىلىرى ناچار پېتى قېلىۋەردى. بۇرۇندىن تارتىپ كەسىپتە ئالدىدا ئۈزۈپ مېڭىۋاتقان بەزى ئوقۇغۇچىلار بىردىنلا تۆۋەنگە «قالاق» نامىدىن باشلاپ «ئوڭچى» قالپىقىنى كىيىپ قېلىشقا قەدەر دومىلىدى... ئىنسانىنىڭ تەقدىرى ھەقىقەتەن ئاجايىپ ۋە خىلمۇ خىل بولىدىكەن؛ ئۇ بەزىدە لاي، بەزىدە سۈزۈك، بەزىدە دولقۇنلۇق، بەزىدە تىنچ ئاققان دەريا سۈيىدەك، بەزىدە خوشال-خورام، بەزىدە قايغۇلۇق، دەرتلىك ئۆتىدىكەن ..... نىجاتنىڭ ھاياتىمۇ خۇددى شۇنداق بولغان ئىدى. ئۈچ يىللىق ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى جەريانىدا ئۇ سىنىپنىڭ ئىتتىپاق ياچېيكا شۇجىسى ۋە سىنىپنىڭ ئۆگىنىش ھەيئىتى خىزمىتـ

نى قوشۇمچە ئىشلىگەن. ئۇنى ھەممە ئوقۇتقۇچىلار «زىرەك»، «تىرىشچان يىگىت! ...» دەپ ماختاشسا، ساۋاقداشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستى، تەدبىرلىك مەس-لىھەتچىسى قاتارىدا كۆرۈپ ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ دەرستە ھەقىقەتەن تىرىشچان بولۇپ ئۆگىنىش ۋە ئادەتتىكى تۇرمۇشىمۇ بىر خىل تەرتىپتە ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ باشقا ساۋاقداشلىرىغا ھەر ئايدا ئائىلىلىرىدىن خەت - خالتىلار، پۇللار كېلىپ تۇراتتى بىجاتقا خالىسا، پۇل دېگەنلەر ئەمەس، خەتمۇ كەلمەيتتى دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ خەت يازىدىغان ئاتا-ئانىسى ياكى بىرەر يېقىن تۇغقىنى يوق ئىدى. ئۇ مەكتەپ-تىن بېرىلىدىغان تاماق، كىيىم - كېچەككە قانائەت قىلاتتى. ھەتتا ئۇ ئاددىي رەختلەردە تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى شۇنچىلىك پاكىز - رەتلىك كىيەتتىكى، سارجا، سوكنا رەختلەردە ئالىپپە كىيىدىغان ساۋاقداشلىرى ئارىسىدىمۇ ئالا-ھىدە كۆزگە تاشلىنىپ، قەددى - قامىتى تېخىمۇ سۇمباتلىق بولۇپ كۆرۈنەتتى. كىم بىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئۈچ يىللىق سىنىپ مۇدىرى ئابلىكىم مۇئەللىم توساتتىن «ئوڭ-چى» بولۇپ بېقىلىپ نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. سىنىپقا ھامۇت ئىسىملىك يېڭى مۇئەللىم تەيىنلەندى.

— ھىم، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۈگۈندىن باشلاپ مەن سىلەرگە سىنىپ مۇدىرى بولغان ئوخشايمەن، ھىم، ئەمدى بىز ئۆز ئارا ئىناق بولۇپ، ياردەملىشىپ ئىشلەي-مىز - دە ... — دېگەن ئىدى ئۇ، سىنىپقا كىرگەن 1 -

كۆنىلا ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ،
يېڭى مۇئەللىم كىرىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆت-
مەيلا، تۈيۈقسىز ئىجاتنى خىزمەتلىرىدىن ئېلىپ تاشلىغان-
لىقىنى ئېلان قىلدى. گەرچە بۇ ئىشلارنىڭ كارايىتى-
چاغلىق بولسىمۇ ئوقۇغۇچىلار بىر مەھەل ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ
قېلىشتى، لېكىن سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمىگەندەك، سورۇش-
تۇرۇپ كۆرۈشكىمۇ ھېچكىمنىڭ رايى بارمىدى ... كۈن-
لەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «سەۋەپ» ئىجاتتا سەل ـ پەل
سېزىلىشكە باشلىدى.
بىر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرىدىن چۈشۈش
ئالدىدا، قىزىق كىتاپ كۆرۈۋاتقان ئىجات-
نىڭ كىتاۋى ئىچىگە سەرەڭگە تېلىدەك ئورالغان
بىر قەغەز قايافتىنىدۇ كېلىپ چۈشتى. ئىجات ئۇنى قولىغا
ئېلىپ قېتىنى ئاچتى. چىرايلىق ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان
تونۇش پۇچۇركا ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى:

«ئىجات، مۇزاكىرىدىن كېيىن سىنىپتا قېلىڭ، گېپىم
بار».

«ر»

كەچلىك مۇزاكىرىدىن چۈشۈش قوڭغۇرىغى چېلىن-
غاندىن كېيىنمۇ ئۇ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ كىتاۋىنى كۆرۈۋەر-
دى. باشقا ساۋاقداشلىرى بىرلەپ، ئىككىلەپ سىنىپتىن چى-

قىپ كېتىشتى. نىجات يەنە بىر پەس كىتاپ كۆرگەندىن كې-
يىن بېشىنى كۆتىرىپ ئارقىسىغا قارىدى: ئۇنىڭدىن ئىككى
پارتا كەينىدە دەرىزە تەرەپتىكى قاتاردا ئولتۇرغان قىز
چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن ھالدا، ئېچىقلىق تۇرغان كىتاپقا
قاراپ ئولتۇراتتى.

— رەيھان، كىتاپ كۆرۈۋاتامسىز، خىيال سۈرۈۋاتام-
سىز؟ — كۈلۈمسىرەپ سورىدى نىجات.

قىز چۆچۈگەندەك ئىتتىك ئەتراپقا قارىدى ۋە شۇ
ھامان نىمىكىدۇ خىجىل بولغاندەك نىجاتقا لاپپىدە بىر
قاراپ قويۇپ، كۆزىنى دەرىزە تەرەپكە يۆتكەپ جاۋاب
بەردى:

— ھەر ئىككىسىنى قىلىۋاتىمەن ... بىراق، بۈگۈن
مىڭەمگە ھېچنىمە چۈشمىدى...

— نىمىشكە؟ — تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن سورىدى
يىگىت.

قىز بىردەم جاۋاپسىز تۇرۇپ، ئېغىر تىندى. ئۇنىڭ
قارا كۆزلىرىدىن — نىجات مۇشۇ كۈنگىچە زادىلا كۆرۈپ
باقمىغان مەيۈسلۈك ۋە تەشۋىش چىقىپ تۇراتتى. ئۇزۇن،
ئال-قال كىرپىكلىرى لىپىلداپ تىترىگەندەك. چىرايلىق
قايرىلما قاشلىرى ھىمىرىلىپ تەۋرىنىپ، ئۇنى قايداقتۇ دەرت-
لىك خىياللار ئازاپلاۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.
ئاتا-ئانىسىدىن كىچىككىدىلا يېتىم قېلىپ، يالغۇز ئاكى-
سىنىڭ غەمخورلۇقىدا چوڭ بولغان بۇ ئەقىللىق قىزنى سى-

نىپتىكى كۆپچىلىك ساۋاقداشلار ياخشى كۆرەتتى. سىنىپتا دەرستە نىجاتقا يېتىشىپ دىگۈدەك ماڭىدىغان قىزمۇ شۇ ئىدى. 1 - ئوقۇش يىلىنىڭ 2 - مەۋسۇمىدە، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن سىنىپ بويىچە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرغان ئىدى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مۇسابىقە كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېسىدىن كۆتىرىلىپ كېتىپ، ئۆگىنىشمۇ تاشلىنىپ قالدى. لېكىن نىجاتبىلەن رەيھان مۇسابىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئەجىر قىلغان كىشىگە قىلغىلى بولمايدىغان تەس ئىش يوق. 2 - مەۋسۇمگە كەلگەندە ئۇلار ئۆز كەسپلىرىدىكى خەنزۇچە كىتاپلاردىن پايدىلىنىش بىلەن قالماستىن، گېزىتلەرنىمۇ راۋرۇس كۆرەلەيدىغان بولدى.

ئۈچ يىللىق ئوقۇش مەزگىلى ئىچىدە، ئۇلارغا سىنىپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن ئابلىكىم مۇئەللىممۇ بۇ ئىككى تىرىشچان ئوقۇغۇچىسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ جىددى مۇنازىرىلىرىنى ئاڭلىغاندا، بىرلىكتە ئولتۇرۇشۇپ دەرس تەييارلاۋاتقانلىقلىرىنى كۆرگەندە چىن كۆڭلىدىن خۇرسەن بولۇپ زوقلىناتتى. ئۈچ يىللىق قاينام تاشقىنلىق هايات بۇ ئىككى ياشنى تەبىئى هالدا دوستلاشتۇرغان ئىدى. هەر ئىككىلىسى بىر بىرىنى سەممىي هۆرمەت بىلەن ياخشى كۆرۈشەتتى. ئەمما، بۇ ياخشى كۆرۈشلەر ئىككىسىنىڭ قەلبلىرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىداساقلىنىپ بىرەر قېتىممۇ تىل ياكى خەت بىلەن بىر بىرىگە بىلدۈ-



رۇشىمىگەن ئىدى. رەيھاننىڭ تۇيۇقسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەخپىي هالدا ھاسىل باغاچىنى تاشلىشى نىجاتنى راستىنلا ھولۇقتۇرۇپ قويغان ئىدى. چۈشىنىكسىز خىياللار بىلەن رىتىمسىز ئۇرۇۋاتقان يۈرىكى خېلى ئۇزۇنغىچە جايىغا چۈشمىدى. بۇرۇندىن ئوچۇق - يورۇق، تارتىنىشماي پاراڭلىشىۋېرىدىغان بۇ ئىككى دوست شۇ تاپتا نېمىشكىدۇ ئوڭايسىزلانغاندەك، سۆزنى قەيەردىن باشلاشنى بىلمەي تۇرۇشاتتى. نىجات قىزغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ - قاراپ قوياتتى، بولاردەك يېقىن قىز - يىگىتلەرنىڭ بىر بىرىدىن «نېمە گېپىڭىز بار ئىدى؟» دەپ ئوچۇقتىن ئوچۇق سورىشى ئەلۋەتتە بىئەپقۇ. شۇڭا نىجاتمۇ قىزنىڭ سۆزلىشىنى كۈتۈپ جىم تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردى.

— سىرتقا چىقايلى، — دېدى رەيھان ئاخىرى، — سىزگە ئېيتىدىغان مۇھىم گېپىم بار.

— بولىدۇ، — نىجات قىزنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى، چىرايىنىڭمۇ بىلىنەرلىك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ئاياق تەرىپىدىكى تويۇق قارىياغاچلىقتا — كىچىك ئېرىق قىرىدا يانمۇ يان ئولتۇرۇشقان نىجات بىلەن رەيھان ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى، رەيھاننىڭ ئەلەم ۋە نەپرەت ئارىلاش ئېيتقانلىرىدىن نىجات مۇنۇلارنى ئۇقتى:

ئابلىكىم مۇئەللىمنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن يېڭى مەس-

نىپ مۇدىرى ھامۇت سىنىپقا كىرگەن كۈندىن باشلاپ رەي-
ھانغا باشقىچە كۆز بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغان، رەيھان
دەسلەپ ئۇنىڭ قاراشلىرىغا ئېتىبار قىلمىغان، لېكىن بى-
رىپ - بىرىپ يېڭى سىنىپ مۇدىرىنىڭ غەلىتە قىلىق-
لىرى كۆپىيىشكە باشلىغان. رەيھانىنى «شەخسى
سۆھبەت»كە چاقىرىش سانىسى بىلەن ئىشخانىغا
ۋە كېيىنچە ياتىقىغا ئېلىپ بېرىپ «سۆيگۈ رىۋايەتلىرى»
سۆزلەشكىچە بېرىپ يەتكەن. ھازىرغىچە ھېچكىمدىن سۆ-
تەرىقىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆرمىگەن قىز، دەسلەپ بەر-
گە قارىۋېلىپ، يۈزىنى قوللىرى بىلەن توسۇۋالغان، كېيىن-
كى سۆھبەتلەردە ئۇنىڭ يېنىدىن رەنجىپ چىقىپ كەتكەن.
بۈندىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ھامۇت ئۇنى يەنە ياتىقىغا
چاقىرغان ئىدى.

— ھىم، مۇنداقچە ئېيتقاندا. سىزنى ئاۋارە قىلغۇدەك-
قۇ چوڭ ئىشمۇيوق ئىدى، ھىم ....، — دىگەن ئۇ ۋە ھىجاي-
غىنىچە قىزنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگەن.

— مېنى ياتاقتا قىزلار ساقلاپ تۇرىدۇ، — رەيھان
ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرغان، —
مەن چىقاي ...

— ۋاي - ۋۇي، نىمانچە ئالدىرايسىز؟ ئولتۇرۇڭ.
ئولتۇرۇڭ، — ھامۇت ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا
سۇرۇپ قويغان، — ھىم، قېنى چاي ئىچىڭ،مۇنداقچە ئېيت-
قاندا، بىرقانچە ئېغىزلا گېپىم بار...

رەيھان ئىلاجىسىز ئورۇندۇقنىڭ لېۋىگىلا ئولتۇرغان.

— ھىم، قېنى چايغا بېقىڭ...

— رەھمەت...

— ھىم، سىز ... مۇنداقچە ئېيتقاندا. بەكمۇ تەرسا ئىكەنسىز جۇمۇ رەيھان،— بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ھامۇت يەنە ئېغىز ئاچقان،— ھايات ئادەمگە بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ئۇنى قانداق ئۆتكۈزۈش، ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىگە باغلىق ئىش ... جاپالىق ئۆتكۈزسەڭمۇ ئاخىرى بىر كۈن ئۆلىسەن، تۇگەيدۇ، راھەتلىك ئۆتكۈزسەڭمۇ ئۆلىسەن ... لېكىن، مۇنـ داقچە ئېيتقاندا، ئەقىللىق ئادەملەر ئۆز ھاياتىنى تۈزۈكرەك ئۆتكۈزۈشنى بىلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟— رەيھان يەنىلا جىم ئولتۇرغان. ھامۇت ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن،— سىزچۇ، قانداق ئۆتكۈزۈشنى خالايسىز؟ — دەپ سورىغان.

بۇ قېتىم رەيھان تېزلا جاۋاپ بەرگەن:

— ھالال ئۆتكۈزۈشنى خالايمەن!

— ھا، ھا، ھا...، — ھامۇت قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئورنىدىن تۇرغان،— ھىم، بۇ ئىنتايىن توغرا جاۋاپ. لېكىن، مەسىلەن، قانداق بولغاندا ھارام ئۆتكۈزگەن بولىدۇ؟

رەيھان يەنە جاۋاپ بىرىشنى خالىماي تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالغان.

— ھىم، قارىغاندا، مەن سىزگە ھارام ھايات ... تەكـ لىپ قىلىۋېتىپتىمەن - دە؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەنمۇ

هالال، هىم، بەختلىك هايات تەكلىپ قىلىۋېدىم...

—مۇئەللىم،مەن سىزدىن ئىلتىماس قىلىمەن، ماڭا ئىككىنچى يەنە مۇنداق گەپلەرنى سۆزلەپ يۈرمىسىڭىز، —دېگەن رەيھان ئاخىرى تاقەت قىلالماي ۋە ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن.

سىنىپ مۇدىرىنىڭ نومۇسى جايىدا بولغان بولسا، گەپ شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولاتتى. بىراق، ئۇ نىيىتىدىن يېنىشنىڭ ئورنىغا، تېخىمۇ تەلۋىلىشىپ، قىزغا تېخىمۇ كۆپرەك يېپىشىشقا كىرىشكەن.

— بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى، — دېدى رەيھان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — هامۇت مۇئەللىم مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، بىردىنلا ئەلپازىنى بۇزۇپ مۇنداق دېدى: «هۆرمەتلىك پەرىزات، هىم، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ياخشىلىق قىلاي دېسەم ئۇنىمىدىڭىز. ئەمدى قالغىنىنى پىشانىڭىزدىن كۆرۈڭ! مەرھەمەت قىلىپ، ئوچۇق ئاڭىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى پاش قىلىسىڭىز بولامدىكىن؟ هىم، بىلىپ قويۇڭكى، «ئېچىلىپ سايراش» باسقۇچىتىكى قارا سۆزلىرىڭىز مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاكىڭىزنىڭ قارا سۆزلىرىگە تامامەن ئوخشاپ كېتىدۇ. تەشكىل سىزگە ۋە سىزگە يېقىن بېرىۋاتقان كىشىلەرگە ئوقۇغۇچى دەپ قاراپ، «كەڭ قويۇپ بېرىش»، «ئۆز خاتالىقىنى تونۇۋېلىش پۇرسىتى بېرىش» تەدبىرىنى قوللانغان ئىدى، لېكىن ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كەتتىڭلار، ئەمدى بەس، دەرھال يۈۋاشلىق بىلەن مەسىلە

قاپشۇرۇشىڭىز شەرت! ...»

ئۇ زادى نىمە دىمەكچى؟ رەيھاننىڭ «سايراش» باسقۇچىدىكى سۆزلىرى راستىنلا «قارا سۆزلەر»مۇ؟ مۇدىرنىڭ «سىزگە يەل بىرىۋاتقان كىشىلەر» دىگىنى زادى كىملەر؟ نىجات بىلەن رەيھان خىلى ئۇزۇنغىچە بۇ ھەقتە باش قاتۇرۇشتى.

— چۈشىنىشلىك، — دىدى نىجات جىددى تەلەپپۇزدا، — ئۇنىڭ «يەل بىرىۋاتقان كىشىلەر» دىگىنى چوقۇم مەن! چۈنكى ... ئۇ سىزگە ھىلىقىدەك ... تەكلىپلەرنى بىرىپ رەت قىلىشقا ئۇچرىغان ئىكەن ئەلۋەتتە، بۇنىڭ سەۋەبىنى باشقىچە تەھلىل قىلىدۇ ...

رەيھان گەپ قىلماستىن يەرگە قارىدى، نىجاتنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك ئىدى.

## تۆتىنچى باپ

رەيھان بىلەن قىلىشقان ئاشۇ كەچكى سۆھبەتتىن كېيىن نىجاتنىڭ راستىنلا خاتىرجەملىگى بۇزۇلدى. ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن سىنىپ مۇدىرىغا غەزىۋى كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن رەيھانغا ئىچى ئاغرىيتتى. گەرچە رەيھان ئىككىسى ھازىرغىچە كەلگۈسى تۇرمۇش ھەققىدە ئېغىز ئېچىشمىغان ۋە «سۆيگۈ» دىگەن سۆزنى بىر بىرىگە ئېيتىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئاشۇ كۈنكى كەچلىك سۆھبەتتىن كېيىن نىجاتنىڭ كاللىسىغا بۇ ھەقتىكى پىكىرلەر دائىم كېلىۋالىدىغان بولدى. بىراق رەيھاننىڭ بېشىغا دەل ئاشۇ ئىشا ئاپەت كېلىۋاتقان، ئۇنداق شارائىتتا، بۇ ھەققە ئېغىز ئېچىشنى بىئەپ ھېس قىلغان نىجات كاللىسىغا كېلىۋالغان تۈرلۈك پىكىرلەرنى قەتئىيلىك بىلەن نېرى ھەيدەشكە تىرىشاتتى ...

نىجاتنىڭ شۇ كۈنكى پەرىزى توغرا چىقتى. سىنىپ مۇدىرىنىڭ نەزەردە تۇتقىنى دەل نىجات ئىدى. ئۇ رەيھان-

نىڭ نىجات بىلەن ھەقىقەتەن يېقىنلىغىنى ئاڭلىغان. شۇڭا ئالدى بىلەن نىجاتنىڭ سىنىپتىكى ئابرويىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئىتتىپاق ياچېيكا شۇجىلىغىدىن ۋە سىنىپنىڭ ئۆگىنىش ھەيئەتلىكىدىن ئېلىپ تاشلىغان ئىدى. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن قوللىنىلغان بارلىق تەدبىرلەر، تەسىرلىك سۆيگۈ ھېكايىلىرى، كەلگۈسىدىكى بەختلىك تۇرمۇش ۋەدىلىرى. چوڭ شەھەردە قېلىپ، شارائىتى ياخشى ئورۇندا خىزمەت قىلىش مۇمكىنلىكى ... ۋە باشقا بارلىق «ئىستىقباللار» ئۈستىدىكى ئىشەنچلىك كاپالەتلەر كارغا يارىمىدى. ھامۇت كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن ئاخىرقى چارە — تەھدىت ئارقىلىق قىزنى قولتاقتا ئىلىندۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. لېكىن كاچ تەلەي بۇ ئىشتىمۇ كۈلۈپ قويمىدى. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ تەلۋە ئىشقى بېرىپ - بېرىپ ئىچى تارلىق، رەھىمسىزلىك ۋە ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە سىلىق، مۇلايىم، قەيەردە بولمىسۇن كۈلۈپلا يۈرىدىغان ۋە ھەممە كىشىنىڭ نەزىرىدە «يۇۋاش ئادەم» دەپ تونۇلغان بۇ ئورۇق، ئىگىز بوي كەلگەن ئوقۇتقۇچى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن تېخى ھەپتە ئىلگىرى ئۆزى ئۆلگۈدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈپ قالغان ياش، گۇناسىز ۋە ھېچبىر يۆلەكچىسى يوق قىزنىڭ ئىستىقبالىغا ئورا كولاش يولىغا قەدەم قويدى...

بۇ نۆۋەت ھامۇتنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى. ئىنىستى-

ئۆت ئومۇمى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى ئاب-
دۇللا بۇ يەردىن بىر يىل ئىلگىرى رەيھاننىڭ تارىخ - جۇغ-
راپىيە پاكولتېتىدا خىزمەت قىلىدىغان ئاكىسى خەلىمگە ئەل-
چى كىرگۈزۈپ، رەيھاننى كېلىن قىلىۋېلىش نىيىتىگە كەل-
گەنلىكىنى، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ «بېشىنى باغلاپ قو-
يۇش» مەقسىتىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، خەلىم مۇئەللىم «ئەل-
چى»گە: «سىڭلىمنىڭ يېشى تېخى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە
بىر يىللىق ئوقۇشى بار... ئوقۇش پۈتكەندىن كېيىن بىر
نېمە دېسەك توغرا بولارمىكىن؟...» دەپ يولىدا جاۋاپ بەر-
گەن ئىدى. تەرسا ۋە تەكەببۇر ئابدۇللا، خەلىمنىڭ بۇ توغرا
جاۋاۋىنى تەتۈر چۈشىنىپ «شۇ يېشىمدا، شۇ ئابرويۇمداسى-
ڭگىدەك بىر ئاددى مۇئەللىمدىن بىر قىز سوراتسام رازى
بولمىدىڭمۇ؟...» دەپ ئويلىغان. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ
خەلىمنى كۆرسە يەرگە تۈكۈرۈپ، گىدىيىپ، باشقا ياققا قا-
راپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولغان. «ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتى-
نى» دە توغرا پىكىرلىك، توغرا سۆزلۈك خەلىم يىقىلدى.
«تەلەي كىمدە؟ — دوقا ماڭلايدا!» دېگەندەك، ئابدۇللا بۇ-
رۇنقى مەنسىۋىدىن بىرلا سەكرەپ، ئىنستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقلىقىغا ئۆستى. ھەركەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ،
ئىنستىتۇت پارتكومىدىنمۇ، مەكتەپ باشلىقلىرىدىنمۇ بىر قى-
سىم ساپ ۋىجدانلىق كىشىلەر دومىلىغىلى تۇردى. ئابدۇللا
يەنە ئارقا-ئارقىدىن پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىغى، ئى-

تىل تۈزىتىش ھەركىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىغى ... قاتارلىق ھوقۇقلارغىمۇ ئېرىشتى.

ئابدۇللا بىلەن خەلىم ئوتتۇرىسىدىكى يوچۇقتىن خەۋەر تېپىشقا ئۈلگۈرگەن ھامۇتنىڭ ئوشۇغى ئالچا چۈشتى. ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي دەرھال باشلىقنى ئىزلىدى. ئۆزىدىن تۆۋەن ئورۇندىكى كىشىلەرنىڭ خوشامىتىنى، ھەرخىل چېقىمچىلىقلارنى تولىمۇ ياقتۇرىدىغان ئابدۇللا، ھامۇتنىڭ ئۆز سىنىپىنىڭ نۆۋەتتىكى پەۋقۇلئاددە ئىدىيىۋى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلادىنى قىزىقىپ ئاڭلىدى. بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن باشلىقنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ ئولتۇرغان ھامۇت ئۆز پىلانىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئاۋالسانىق سىنىپ مۇدىرى ئابلىكىمنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى ئىدىيە جەھەتتە زەھەرلىگەنلىكى، تۇرمۇش جەھەتتە چىرىكلەشتۈرگەنلىكى ئۈستىدە سۆزلەپ، ئابلىكىمنىڭ سىجات ۋە رەيھاندىگەن ئوقۇغۇچىلارنى بىر بىرىگە تېپىشتۇرغانلىغىنى، نەتىجىدە بۇ ئىككىسى ئاينىپ، ئۆزگىرىپ، ئېغىر دەرىجىدە ئوڭچىل سۆز - ھەركەتلەرنى قىلغانلىغىنى پاكىت قىلىپ كۆرسەتتى ۋە بۇلارنى جىددى بىرتەرەپ قىلمىغاندا قوشۇننى پاكلاشتۇرۇش مەقسىدىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىغىنى تەلەپ قىلدى.

ھامۇتنىڭ سۆزى ئاياقلىشىشى بىلەنتەڭلا ئابدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ گويا ئۆز ئۆزىگە سۆزلىگەندەك مۇنداق دىدى:

«خەلىم ... نوچىلىق قىلىۋىدىڭ. تۈگەشتىڭ! مانا ئەمدى سىڭلىڭمۇ كەينىڭدىن مېڭىپتۇ. ياخشىلىقى، ئىززىتىنى بىلمىگەنلەرگە ئىش ئەنە شۇنداق بولىدۇ!»

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھامۇتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى يايراپ كەتتى...

شۇ كۈنلا ئىنستىتۇت رەھبەرلىكى بىئو - خىمىيە پاكولتېتىنىڭ «ھەركەتكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى»غا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ، ئوكچى ئابلىكىمگە باغلانغان نىجات بىلەن رەيھانىنىڭ مەسىلىسىنى تېزدىن ئېنىقلاشنى تاپشۇردى.

نىجات ۋە رەيھانلارنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى، ئوقۇش تارىخى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، خۇسۇسەن ئابلىكىم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە سۈرۈشتۈرۈشلەر باشلىنىپ كەتتى.

تۇرمۇشتا ئەڭ ياخشى دېگەن كىشىلەرنىمۇ بارلىق كىشىلەرنىڭ تەڭلا ياخشى كۆرۈشى ناتايىن بولسا كېرەك. نىجاتقا ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان بىر-ئىككى ئوقۇغۇچى پاتلا ھامۇتنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇنىڭ ياراملىق ياردەمچىلىرىگە ئايلاندى. ئاللىبۇرۇن «ئوكچى» بولۇپ سىر چەتكە چىقىرىلغان ئابلىكىم بىلەن خەلىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. سىنىپ ئىچىنى سۈرلۈك سوغاق كەيپىيات قاپلىدى. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئويۇن، كۈلكە، چاقچاق دېگەنلەر نەگىدۇر يوقالغان ئىدى. ئوقۇغۇچىلار تەشۋىش، ئەندىشە ئىچىدە بىر بىرىگە گۇمان بىلەن قارايتتى. بەزى-

لىرى بولسا نىجات ۋە رەيھانلارنىڭ «خاتالىقى»غا نىسبەتەن راستىنلا ئىشىنىپ قېلىشقان ئىدى. «تەشكىل خاتا ئىش قىلمايدۇ. بۇلاردا چوقۇم مەسىلە بولسا كېرەك...» دېيىشەتتى ئۇلار كۆڭۈللىرىدە، يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتاتتى ۋە بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھەيرانلىق ئىلكىدە نەزەر سالاتتى...

بىر كۈنى ئەتىگەن ھامۇت سىنىپقا كىرىپ مۇنداق دېدى:

— ھىم، بۈگۈن مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنىستىتۇت پارتكومى ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىن مەخسۇس خادىملار كىرىپ پىكىر ئالىدۇ، شۇڭا ھەممە ئوقۇغۇچىلار، بولۇپمۇ سىنىپ ئاكتىپلىرى ئىدىيە جەھەتتىن ياخشى تەييارلىق قىلىپ قويسۇن! ھىم، رەيھان مەسىلە تاپشۇرۇشقا تەييارلانسۇن!

ھامۇتنىڭ ئۆزىمۇ پەۋقۇلئاددە جىددىيلەشكەندەك تۇراتتى، قوللىرى بىلىنەرلىك تىترەپ، رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— ھىم، «ئاكتىپلار گۇرۇپپىسى» دېگەن ساۋاقداشلار ئىشخانىغا چىقسۇنلار! — دېدى-دە چىقىپ كەتتى.

— [illegible] ئىشلار ...، — سىلىم ئاكتىپلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سىنىپ ئىچىدىكى كۆڭۈلسىز جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئاچچىق تەنە بىلەن دېدى، — «قارا قاغا ئاق كەپتەر بوپتۇ، ئاق كەپتەر قارا قاغا بوپتۇ» دېگەن شۇدە!

سېلىمىنىڭ بۇ ئوخشىتىشىغا قارىتا ھېچكىم ئۈن قات-مىدى، ھەممەيلەن جىددىي كەيپىيات ئىچىدە جىم-جىت ئولتۇرۇشاتتى.

بىر ئازدىن كېيىن «ئاكتىپلار گۇرۇپپىسى»دىن بىر ئوقۇ-غۇچى كىرىپ، رەيھاننى پاكولتېت ئىشخانىسىدىن چاقىرىۋات-قانلىقىنى ئېيتتى. رەيھان چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. خۇددى ساۋاقداشلىرىدىن مەدەت سورىغاندەك، بولاقتەك كۆزلىرىنى ئۈمىتسىزلىك، پەرىشانلىق ئىچىدە چىملدىتىپ ئەتراپقا قا-راپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ قولىدىن نېمە كەلسۇن!؟ خىجىللىق، ئېچىنىش ۋە چۆشەنمەسلىك تۈپەيلى. تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرۇشقان ئوقۇغۇچىلار بولۇۋاتقان بۇ غە-لىتە ئىشلاردا خۇددى ئۆزلىرىمۇ ئەيىپلىكتەك ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇشتى. ئەمما، بەنە بىر غەمكىن، مۆلايىم بىر جۈپ كۆز بولسا ئۇنىڭغا تىكىلىپلا تۇراتتى. بۇ نىجات-نىڭ كۆزلىرى ئىدى. قىزنىڭ كۆزى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى، شۇ ھامان ئۇ كۆزلەردىكى غەمكىنلىك قاياقلار-غىدۇ يوقىلىپ، ئۈمىت، ئارزۇ نۇرلىرى چاقناپ كەتتى. رەيھاننىڭ كۆزلىرىدىن: «بۇ ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك؟!» دېگەن مەنا چىقسا، نىجاتنىڭ كۆزلىرىدىن: «چىدامىلىق بولۇڭ! قېنى بۇ ئىشلارنىڭمۇ ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ باقايلى! ...» دې-گەن مەنانى سېزىشكە بولاتتى. نىجات كۆزلىرىنى سەل قى-سىپ، بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس ئېغىتىپ قويدى. رەيھان ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى.

— بۆنىڭغا ئۇۋال بولدى - دە، — دېدى سېلىم ئېچىنىش بىلەن رەيھان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلەپ، — ئاكىسى گۇناكار بولسا، سىڭلىسىمۇ گۇناكار بولىدۇ، دېگەن مەنتىقىنى ئۆمرۈمدە مانا ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن!

— «بېگىڭنىڭ يېنىغا بارغىچە، بىلىڭ ئۆشتۈلۈپتۇ» دېگەندەك بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئاشۇ ھامۇتەك بىر سەلەرنىڭ قولىغا قالغان ئىكەن، ئىش تۆگىدى دېگىنە، — دېدى شۈكۈرمۇ ئېچىنغان ھالدا.

— رەيھانىنىڭ راستىنلا ئاكىسىغا چېتىلىدىغان بىر مەسىلىسى چىقىپ قالارمۇ؟ — ئارقا پارتىدا ئولتۇرغان چوكىراق ياشتىكى بىر ئوقۇغۇچى توساتتىن سوراپ قالدى.

— ھەي قۇرۇق گەپ، رەيھان ئۇنداق سىياسى پاراڭلارغا ئارىلىشىدىغان قىز ئەمەس، — دېدى دەرىزە تەرەپتە رەيھان بىلەن بىرگە ئولتۇرىدىغان قىز.

— راستىنى ئېيتقاندا رەيھانىنىڭ ئاكىسىنىڭمۇ نىمە گۇنايى بار؟ — دېدى قىزىققان شۈكۈر يەنە سۆزگە قوشۇلۇپ، — مېنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە پاكولتېتىدىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، خەلىم ئاكا پۈتۈن پاكولتېتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆزى ئىكەن، دەرس سۆزلىسە، ئاغزىغا قارىغىچە قېتىپ قالىدىكەنسەن...

— باشقا گەپنى قويۇپ، ئۇ نىمە گۇنا ئۆتكۈزۈپتىكەن،

شۇنى دېگىنە — دېدى سېلىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— گۇنا - گۇناسىز شىكايەت ئاڭلىمىدىم. ئەيدىغانسەن، — دېدى شۈكۈر ئۇنىڭغا بارازى ۋولغاندەك قاراپ، — سايراپ ساپتىكەن...

— نىمە دەپ سايراپ ساپتىكەن؟...

— «تەرەققى تاپقان ئەللەرنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم ئىشىكىنى تاقىۋالماسلىق لازىم...» دەپتىكەن.

— توغرىغۇ؟ بۇنىڭ قەيىرى خاتا ئىكەن؟!

— ھازىر ئۇنداق سۆزلەر «ئوڭچىلارنىڭ پارتىيىگە قارشى سۆزى» بولۇپ قېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى شۈكۈر قول-لىرىنى ئىككى تەرەپكە يېيىپ.

شۇ ۋاقىتقىچە سۆزلەرگە قېتىلماي جىم-جىت، خىيال سۈرگەندەك ئولتۇرغان نىجات ساۋاقداشلىرىغا قاراپ بىردىنلا ئېغىز ئاچتى:

— ياخشىسى پىكرىمىزنى باشقىلارغا ئېيتىپ، ئىشنى ھەق مەيداندا تۇرۇپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك!...

— يىغىندا سۆزلەپ قويۇپ سەن نىمىلەرنى كۆرۈۋا-تىسەن؟ — دېدى سېلىم تەنە قىلغاندەك. — يەنە سۆزلىسەڭ يەنە شۇ ئۆزەڭ ياتقاقتا يېتىۋېرىسەن، ۋەسسالام!

— پارتىيە بار، — دېدى نىجات ئىشەنچ بىلەن. — يامان غەرەزدە بولماي كۆڭلىمىزدىكىنى ئېيتساق، خاتا بولسا تۈزىتىش بېرىدۇ. توغرا بولسا شۇ بويىچە قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟...

— بۇ گەپلىرىڭگۇ توغرا، لېكىن... ھازىر ئۇنداق بولمايۋاتىدۇ — دە!

ئاقىۋەت چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. مېنىڭچە ئىشنى بۇزۇۋاتقانلار پەقەت بىر ئوچۇم كىشىلەر...

— نىجات بولدى قىل. يەنە بۇ سۆزلىرىڭمۇ ئۈستۈڭدىن توپلىنىۋاتقان ماتېرىياللارغا قوشۇلۇپ قالمىسۇن...

— قوشۇلسا مەيلى. مەن بۇ گەپلىرىمنى باشلىقلار قاتناشقان يىغىندا ئېيتىمەن! — ئۇ قەتئىيلىك بىلەن چاچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، بېشىنى كەينىگە سىلكىدى.

چۈشتىن كېيىن سىنىپقا كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئېچىلغۇسى يىغىننى كۈتۈپ جىمجىت، تەشۋىشلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئابدۇللا يۈەنجاڭ باشچىلىقىدىكى ئونچە كادىر سىنىپنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بوش ئورۇندۇقلاردىن ئورۇن ئېلىشتى. يۈەنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ كىرىشى ھەممە ئوقۇغۇچىلارنى چۆچۈتۈۋەتتى، بەزى ئوقۇغۇچىلار «مەسىلە بىز ئويلىغاندەك ئانچە ئاددى ئەمەسكەن — دە...» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈشمەكتە ئىدى.

يىغىننى ھاياجاندىن رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن سىنىپ مۇدىرى ھامۇت باشقۇردى. ئۇ بىر نەچچە ۋاراق قەغەزگە يېزىۋالغان تېزىس بويىچە رەيھاننىڭ «مەسىلە»لىرىنى بىر-بىرلەپ ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ «مەسىلىسى» 12 ماددىغا

تىزىلغان بولۇپ پۈتۈن مەزمۇندىن قارىغاندا ئىككىلا ئىش ئىدى. بىرىنچىسى «پارتىيىگە قارشى ئۇكچى ئاكىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار...». ئىككىنچىسى، «سايراش» ناسقۇچىدا «ئامېرىكا ئەنگلىيە دىگەنلەر جاھانگىر بولسىمۇ ئۇلارنىڭ پەن-تېخنىكىسىنى جاھانگىر دىگىلى بولمايدۇ شۇڭا ئىلىم-پەن جەھەتتە ئىشىكنى تاقىۋالماسلىق كېرەك...» دىگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ھامۇت قولىدىكى رەيھاننىڭ «مەسىلە»لىرى يېزىلغان ماتېرىياللىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنى ناشقا يىگى مەسىلىلەرنى پاش قىلىشقا ئۈندەش «خاتالىغى»نى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى پىكىر-تەلەپلىرىنى«رەھبەرلىككە ئېيتىش»قا رىغبەتلەندۈرۈپ يەنە بىر مۇنچە سۆزلىدى. چۈشتىن ئىلگىرى ئىشخانىغا ئايرىم چاقىرىلىپ پىكىر بىرىشكە تەرسىيلەنگەن «ئاكتىپلار گۇرۇپپىسى»دىكى بەش - ئالتە ئوقۇغۇچى ئارقا-ئارقىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ھامۇت ھىلىلا ئوقۇغان «مەسىلە»لەرنى بىر بىرلەپ پىرىنسىپقا كۆتۈرۈپ، كۆپتۈرۈپ تەھلىل قىلىپ سۆزلەشتى ھېچقايسىسىدىن بىرەر يېڭى گەپ چىقمىدى. ئۇلارمۇ تېزلا سۆزلەپ بولغاچقا بىردەمدىن كېيىنلا سىنىپ ئىچى تىمتاس بولۇپ قالدى. ھامۇت ناشقىلارنى پىكىر بىرىشكە دەۋەت قىلىپ توۋلا سۆزلەپ ھاردى. ئاخىرى ئارقا تەرەپتىن ئانىدۇللا سۆزلەپ قالدى:

— مەن ئىككى ئېغىز سۆزلەي پارتىيىمىزنىڭ سىيا-

ستتى ئەزەلدىن ئىبنىق؛ سىرمۇ ياخشى كىشىگە ئۇۋال قىلماسلىق، سىرمۇ يامان كىشىنى توردىن چۇشۇرۇپ قويماسلىق... تەشكىلگە ئىشىنىش لازىم، پارتىيىگە ئىشىنىش لازىم. ھەر قانداق پىكىر بولسا ئوتتۇردا ئېيىساق خاتالىق بولسا تۈزىتىمىز، توغرا بولسا شۇ بويىچە ئىشلەيمىز ....— ئۇ يەنە بىر ھازا سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە كىشىگە تەھدىت ۋە قورقۇنچ سالىدىغان ھېچقانداق ئىبارىلەر يوق ئىدى. ئىنىستىتوتنىڭ بىر مۇئاۋىن رەھبىرىنىڭ ئاغزىدىن چىقمۇاتقان ئۇنداق ئورۇنلۇق، توغرا سۆزلەرگە ئىشەنمەي مۇمكىنمۇ؟ نىجات قولىنى كۆتىرىپ پىكىر بېرىشكە رۇخسەت سورىدى. ھامۇت خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك بىردىنلا جانلىنىپ:

—ھە، نىجات، سۆزلەڭ، —ئۇ نىجات دېگەن ئىسمنى ئالاھىدە يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن ئېنىق قىلىپ ئېيتىپ، ئابدۇللاغا ئىنتىك قاراپ قويدى. ئابدۇللا، نىجاتقا قاراپقويااتتى.

نىجات دەسلەپ سۆزلەشكە باشلىغاندا، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەشكەندەك دېمىنى ئىچىلىرىگە يۇتۇپ، بىر بىرلىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. ئۇنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن چىن ۋىجداندىن چىقىرىدىغان سۆزلىگەن سەممىي، ئادىل سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلىرى ئۇلار ىكىمۇ ياش غۇبارسىز قەلبلىرىدىكى ئەندىشىلەر ئۇنتۇلۇپ، بۇ قورقۇمسىز ئوت يۈرەك ساۋاقدىشىغا ھۆرمەت، ھېسداشلىقلىرى ئېشىشقا باشلىدى. مەنتىقىلىق، پاكىتلىق سۆزلەر ھىلىقى ھامۇت ئوقۇغان« 12 ماددىلىق مەسىلە»نىڭ ئەيجىنى چىقىرىۋەتكەن ئىدى.

نىجاتنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان پاكىتلىق سۆزلىرىگە يالغۇز ساۋاقداشلىرىلا ئەمەس، پىكىر ئېلىشقا كىرگەن كادىر-لارمۇ. ھەتتا ئابدۇللانىڭ ئۆزىمۇ قايىل بولغاندەك بېرىلىپ قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. پەقەت ھامۇتلا تاقەتسىزلىنەتتى غەزەپلىنەتتى. بوغۇلغاندەك ياقىلىرىنى ئوڭلايتتى ... بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، تىمتاس ئولتۇرۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنى تىڭشاۋاتقان شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ سۈرى ئۇنى بۇ نىيىتىدىن قايتۇردى.

نىجات، رەيھاننىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇش ھاياتىدىكى ئىپادىسىنى، ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقىنى، تۇرمۇشتىكى ئاددى - ساددىلىقىنى، مۇناسىۋەتتىكى سەممى - پاكلىقىنى... بىر بىرلەپ سۆزلەپ ئۆتكەندىن كېيىن ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— رەيھان پارتىيىنى، خەلق ھۆكۈمىتىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇش ھاياتىدىكى ئەمەلىي ئىپادىسى بۇنى ئىسپاتلايدۇ، بۇنىڭغا مۇشۇ ئولتۇرغان ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى گۇۋا بولالايدۇ. لېكىن...-نىمىشكىدۇ، — ئۇ بىردىنلا سۆزىدىن توختاپ قېلىپ ھامۇتقا قارىدى. ھامۇت، نىجاتنىڭ ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىك قاراشقا پېتىنالماي باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. دەل ئاشۇ دەقىقىلەردە نىجاتنىڭ ئىنسانى غۇرۇرى، ۋىجدانى چاقماق تېزلىگىدە ئۆزىنىڭ دىمەكچى بولغان پىكىرلىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ھامۇت ئۈستىدىن ئۇن -

تىنىسىز ئـاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى...

— مېنىڭچە، — نىجات ئېغىر خۇرسىنىش بىلەن ھامۇت-قا يەنە بىر قېتىم كۆز تاشلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — رەيھاننىـى ئاكىسىغا چېتىپ، ئىككىسىنى بىر تاياقتا ھەيدەش توغرىمۇ بىمەنىلىك، ئـۇنىڭ ئـۇستىگە سىـياسى جەھەتتىكى گۇمانلىق مۇناسىۋەت توغرىلىق ھېچقانداق دەلىل - ئىسپات يـوق. شۇڭا مەن، تەشكىلنىڭ بـۇ ھەقتە ئـالدىراپ ھۆكۈم چىقارماي، ئىنچىكە تـەكشۈرۈپ كۆرۈشنى ئۈمىت قىلىمەن.

— ئۇنىڭ ئاكـىسى بـىـلەن سـىـياسى جەھەتـتىن تـىل بـىرىكـتـۈرۈپ يـوقلۇغـىنىغا يـەنـە قـانداق ئـىسپاتـلىرىـڭىز بـار؟ — ئاسـتـا ئـاۋاز بـىـلەن سو-رىدى ئابدۇللا، نىجاتتىن كۆزىنى ئۈزمەي. ئورنىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋاتقان نىجات ئارقىسىغا بۇرۇلـۇپ قاراپ، تەمكىن ئاۋاز بىلەن، ئېنىق قىلىپ جاۋاپ بەردى:

— مەن بايـاتـىن ئۇنـىڭ ئۈچ يىـلـلىق ئـەمىلـىي پائالىيىتىنى سۆزلەپ ئۆتتۈم. سۆزلىرىمنىڭ گۇۋاچىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ تاپتا سىنىپتا ئولتۇرۇپتۇ...

— ھىم، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مـەن سىزنىڭ ئەكـسـ-يەتچىلەرنى كىرىشتۈرۈپ ئاقلىيالايدىغان ئـادۋۇكات ئىكەنـ-لىكىڭىزنى چۈشەندىم، — دـەدى بـىردىنلا ئالـدى تـەرەپتە ئولتۇرغان ھامۇت ئەلپازىنى بۇزۇپ، — ھىم، سەن بىزگە تولا گەپدانلىق قىلماي، ئۆزەڭنىڭ رەيھان بىلەن بولغان ساختا مۇناسىۋىتىڭنى تاپشۇر!

نىجاتنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. پۇشايمان، غەزەپ - نەپرەت ۋۇجۇدىنى تەۋرىتىپ، ئالدىدىكى بۇ ئاجايىپ غەلىتە ئىنسانغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. تېخى ھېلىلا ئۇ «خەير، مەيلى. ئىنسان بولغاندىكىن چۈشەنىۋالار...» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلىمەكچى بولغانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ ئاياپ قالغان ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆزىگە شەپقەتسىزلىك بىلەن تۆھمەت چاپلاپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. يىگىت ئورنىدىن تۇردى. ھاياجان، غەزەپتىن بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى.

— بولدۇ! سىز مېنى مەجبۇر قىلغان بولسىڭىز مەن سۆزلەي، — دېدى ئۇ چىشلىرىنى چىڭ قىسىپ سۆزلەپ، — سىز ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئەمما سىزدە ئەنە شۇ نامغا لايىق سالاھىيەت يوق ئىكەن...

— ھىم، سەن ماڭا تۆھمەت چاپلىماقچىمۇ؟ — ئالدىراپ، ئەندىكىپ ۋاقىرىدى ھامۇت

— ياق! تۆھمەت چاپلاش سىز بىلەن تۈگىسۇن. مەن سىزنىڭ رەيھانغا نېمە ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆپچىلىككە ۋە بۇ يەردىكى رەھبەرلەرگە ئەينەن سۆزلەپ بېرىمەن، خالاس...

— سۆزۈڭنى توختات! — ئەسەبىيلىشىپ ۋاقىرىدى ھامۇت.

— مۇئەللىم ئۈستىدە پىكرىڭىز بولسا كېيىن بىزگە

ئايرىم ئىيتىڭ، — دىدى ئـارقـا تەرەپـتىن ئابـدۇللا سۆز قىستۇرۇپ — سىنىپ ئىچىدە ئەسلىدىكى ماۋزۇدىن چەتلەپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق...

— بۇ دەل ئاشۇ ماۋزۇدىكى سۆزنىڭ ئۆزى...

— ھىم، ئەمدى سەن پۇت ئاتمىـغان يەنجاڭ قال- دىمۇ؟... — قـۇتـرانقۇلۇق بىلەن ۋاقىرىدى يەنە ھامۇت. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتـتى. ئابدۇللا ئاچ- چىقلىنىپ قولىنى شىلتىدى:

— سىز تولىمۇ مەمەدانە ئىكـەنسىز... ئـوقـۇغـۇچى دىگەنمۇ شۇنداق بولامدۇ؟...

سىنىپ ئىچى بىردىنلا جىمجىت بـولۇپ كەتـتى. ئوقۇغۇچىلار خۇددى قانتـىقراق تىنىـپ قويىـىمۇ چاتـاق چىقىدىغاندەك ئەنسىرىشىپ، ئالدىغا قاراشقىنچە ئولتۇرۇ- شاتتى.

— ھىم، رەيھاننى ئـاقلايدىـغان نوچى بولغانـدىن كىيىن، ئىسپاتلىـرىڭ بولسا ئوتتـۇرىغا قوي! — دىـدى ھامۇت جاھىلىنىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى ئەمدى تەسلىك ۋە مەغرۇر ئىدى.

— مەن سۆزلىگەن ئۈچ يىللىق ئەمىلىيەت ئۇنى ئاق- لاشقا ئىسپات بولالمىسا، ئۇنى قارىـلاشقا ئۈچ مىنـۇتلۇق ۋاقىت ئىچىدە بولسىمۇ، ئۇ ئۆتكۈزگەن جىنايەت ئىسپاتىنى ئوتتۇرىغا قويالامسىز كىن؟ — نىجاتنىڭ چىرايىدىمۇ ئاچچىق تەبە كۆلكىسى ئويـنايتتى. ئوقـۇتـقۇچىلارنىڭ ھـەممىسى

دىگۈدەك ھامۇتقا قادالدى.

— مۇبداقچە ئېيتقاندا، ھېم، سىنىڭ ئىسپات تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقۇڭ بار؟ — دېدى ھامۇت باشقا گەپ تاپالماي ئۆكتەملىك بىلەن جوزىنى مۇشتلاپ ئەمما، ئۇنىڭ بۇ ئۆكتەملىكى سىنىپ ئىچىدە بىردىنلا كۈلكە قوزغىدى. ھامۇتنى قىيىن ئەھۋالدىن ئابدۇللا قۇتۇلدۇردى:

— يىغىننى ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردە توختىتايلى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىرلىرىنى بىزمۇ تەتقىق قىلىمىز. سىلەرمۇ سىياسى ئېڭىڭلارنى سەزگۈررەك تۇتۇڭلار!

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ نىجات ئۆز بېشىغا تۈگمەس بالايى - ئاپەت تېپىۋالدى، ئابدۇللا ئىككى قېتىم «ۋاقتىم يوق» دەپ نىجات بىلەن سۆزلىشىشنى رەت قىلدى. 3 - قېتىم بولسا، نىجات ئېغىز ئاچا - ئاچمايلا تېرىكىپ: «پىكرىڭ بولسا پاكولتېتقا ئېيتامسەن، يۈەنجاڭ بولغان كىشى ئوقۇغۇچىنىڭ دەردىنى ئاڭلاشقا قالىدىغان بولسا، ئۆزىمۇ ئىككى كۈندە سارالڭ بولۇپ تۈگەيدۇ...» دېدى.

4 - قېتىمدا ئۇ نىجاتنى كۆرۈپ، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ گۈكىردى:

— مەن خىزمەت قىلامدىمەن ياكى سېنىڭلا دەردىڭنى ئاڭلامدىمەن؟!...

نىجات سەۋرىچانلىق بىلەن جاۋاپ بەردى:

— سىز مەن بىلەن بىر قېتىممۇ سۆزلىشىپ باقمىدىڭىز...

— قانداق قىلسام سۆزلەشكەن بولاتتىم؟ — ئابدۇللا ئېخىمۇ تېرىكتى، — قاچانلا بولسا سەن مېنىڭ كەينىمدە يۈرىسەنغۇ؟...

— توغرا ئېيتتىڭىز، مەن ھالىمنى ئېيتىش ئۈچۈن سىزنى كۆپ ئىزلىدىم، بىراق...

— يەنە نېمە. «بىراق؟» — ئابدۇللا قولىنى شىلتىدى — چىق ئىشخانىدىن! سەنلەرگە پاكولتېتنى بىكارغا قۇرۇپ بەرمىگەنمىز، گېپىڭ بولسا شۇ يەرگە ئېيت!...

— يۈەنجاڭ!...

— مەن سېنى ئىشخانىدىن چىق دەۋاتىمەن!؟ — دېدى يۈەنجاڭ غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭسىمىز يۈزلىرى ئۆپكىدەك ئېسىلىپ، لىپىلداپ كەتكەن ئىدى، — تازا رودۇپاي نېمىكەنسەن...

نىجاتنىڭ سەۋرى كاسىسى تاشقان ئىدى. ئۇ دەل ئۆزىنىڭ ئىنسانى غۇرۇرىنى قوغداش ئۈچۈن ۋە ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سۇيىقەستچىنى پاش قىلىش ئۈچۈن ئىنىستىتۇتنىڭ بۇ رەھبىرىنى ئىزلىگەن، لېكىن ئۇنىڭ مۇنچىۋالا قوپال ۋە بيۇروكراتلىقىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن ئىدى «...ئىشلىرىمىزنى بۇزۇۋاتقانلار دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەركەن - دە!...» دېگەن سىر پىكىر چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ مېڭىسىدىن ئۆتتى - دە ئابدۇللاغا نىك قادىلىپ قاراپ، ئاستا ئەمما ئېنىق قىلىپ ئېيتتى:

— مەن سىزنى ئىنستىتۇت باشلىقى دەپلا ئەمەس، بەلكى سىر كومپارتىيە ئەزاسى، مېنىڭ دەردىمنى ئاڭلايدۇ دەپ ئىزلەپ كىرىپتىمەن، — نىجاتنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، چىشلىرى غىچىرلاپ كەتتى، — ئەپسۇسكى، سىز مەن ئويلىغاندەك ئادەم ئەمەسكەنسىز.

— سەن، سەن... نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ — ۋاقىرىدى ئابدۇللا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — مەن پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسىمەن. ماڭا قارشى چىققىنىڭ پارتىيىگە قارشى چىققىنىڭ! ... — سىراق ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى نىجات ئاڭلىمىدى. ئۇ ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىپ بولغان ئىدى.

نىجات ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقلىرىغا سالغان ھالدا، قاتتىق ئۇرۇلۇشتىن بېشى قېيىپ، گاراڭ بولۇپ قالغان كىشىدەك، ئىنستىتۇت زالىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ باش - ئاخىرى يوق، چىگىش خىياللار دېڭىزىدا ئۈزەتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆزىنىڭ يېقىن - سىرداش ساۋاقداشلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. ئۇلار نىجاتقا ئۆزلىرىنىڭ خىجىللىق بىلەن تولغان كۆزلىرىنى تىكىپ «ھەي، دوستۇم، بىزنىڭمۇ قولىمىزدىن ساڭا ياردەم قىلىش كەلمەيۋاتقىنىنى كۆرمەمسەن؟...» دېگەندەك بولاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا يەنە بىر ئاجىز، زىلۋا - چىرايلىق قامەت كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى سازۇككىنە چېكىۋېتەتتى. باش ياغلىقىنى پېشانىسىگىچە چۈشۈرۈپ



چىكچىكمۇالغان رەيھاننىڭ چىرايى بىر قانچە ۋاقىت ئېغىر كې-
سەللىك دەردىنى تارتقان كىشىلەردەك ئاقىرىپ تاتىرىپ
كەتكەن، ئۇنىڭ ئۇيۇپ قويغاندەك كىچىككىنە ئېغىزى ئۈس-
تىدىكى ئىلمىپتەك تۈز بۇرنى ۋە قاپ - قارا قىيغاچ قاشلار
ئاستىدىكى مۇلايىم چولپان كۆزلىرى ئۇنى يەنىلا لەتاپەت-
لىك، گۈزەل قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ نىجاتقا گەپ - سۆز
قىلماستىن بىر هازاغىچە تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ-
نىڭدىن ئاستاغىنە كۆزىنى قاچۇرۇپ ياتقا قارىدى، ئەمدى
نىجات كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا بىر نىمە دىمەكچى
بولغان كىشىدەك ئۇمىتلىنىپ، ئاغزىنى ئۆمەللىدى. ئەمما،
قىز شۇ هامان ئاجايىپ بىر مۇلايىم نەزەر بىلەن قىيا بېقىپ
لېۋىنى چىشلىگىنىچە بېشىنى ئېغىتتى، نىجات ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە قايرىلغان چىرايلىق كىرپىكلىرىنىڭ بىلىنەر - بىلىن-
مەس تىترەپ كەتكەنلىكىنى، كۆزلىرىدىن بولسا. شۇ كەمگىچە
كۆرۈپ باقمىغان يۈرەكنى ئويناتقۇچى بىر نۇرنىڭ چاقناپ كەتكەن-
لىكىنى كۆرگەندەك بولدى. نىجات ئىختىيارسىز كۆزىنى
يۇمۇپ ئاچتى. قىز يەنىلا جىمغىنە ۋە باشتىكىدەك غەمكىن
نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. گويا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ
قاراشلىرى بىلەن نىجاتقا ئۆز هالىنى ئەرز قىلاتتى...
نىجات ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى. ئۇھ تارتتىيۇ، شۇ هامان كۆز
ئالدىدا هامۇت گەۋدىلەندى. ئۇ گىدەيگەن هالدا «هىم مۇن-
داقچە ئېيتقاندا، ئاكاڭ قارىغاينىڭ قانداقىكىسىسى بارلى-
قىنى چۈشەنگەنسەن؟...» دىگەندەك ئاغزىنى كالچايتىپ

ھاياسىزلىق، زەھەرخەندىلىك بىلەن كۆلۈپ تۇراتتى.
«...ئىشخانىدىن چىق دەۋاتىمەن! تازا بىر رودۇپاي نىمە ئىكەنسەن» - دەيتتى سىمىز يۈزلىرى ئۆپكىدەك ئىششىپ، لىپىلداپ كېتىۋاتقان يەنە بىر گەۋدە قولىرىنى شىلتىپ ۋاقىراپ... نىجات بېشىنى قاتتىق سىلكىپ كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنى زالنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى چوڭ خەتلىك كېزىتلەرچاپلىنىپ كەتكەن يەردەكۆردى.ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ، ئىختىيارسىز ئالدىدىكى چوڭ خەتلىك گېزىتكە كۆز تاشلىدى: ياپىرە بۇ نىمە ئىش!؟... قارا رەڭدە چوڭ - چوڭ يېزىلغان 30 - 20 چە «ئوكچى» دەپ تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇغاندا. ئۇ تېخىمۇ ھەيرانۇ - ھەس قالدى. بۇ كىشىلەر ھەرقايسى پاكولتېتلاردا ئىشلەيدىغان نىجاتقا تونۇش. داڭلىق، ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. «بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلىدى. ئۇ، — شۇنچىۋالا قابىلىيەتلىك، ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «ئوكچى» بولسا... بۇنىڭ ھەممىسى توغرا. راست ئىشلارمىكىنە؟...، — نىردىن ئۆزى دۇچكېلىۋاتقان ھازىرقى ھالەتلەر ئېسىگە چۈشتى - دە. مېڭىسىدا ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ غۇدۇڭشىدى، — بىمەنىلىك!...كىم بىلىدۇ؟...»

ئۇ ياتىقىغا قايتتى. ياتاقنىڭ باشقا ساۋاقداشلىرى سىرتقا چىقىپ كەتكەن، يالغۇز سېلىملا قانداقتۇ بىر ژورنالنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ نىجاتنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ژورنالنى ياپتى.

— قەيەرگە يوقالدىڭ ئاداش؟ سىنى ئىزلەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، — دىدى ئۇ، نىجاتنىڭ بىلىنەرلىك تاتىرىپ قالغان تۇتۇق چىرايىغا سەپسىلىپ، نىجات جاۋاپ بەرمەستىن ئۆز كارۋىتىغا بىرىپ ئولتۇردى. سىلىممۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ خوشياقمايدىغانلىغىنى سەزدى بولغاي، باشقا گەپ قىلماي ئۆز كارۋىتى ئالدىدىكى كىچىك شىرەنى كۆتىرىپ ئۇنىڭ كارۋىتى ئالدىغا قويدى ۋە دەرىزىدىن ئۈستى يېپىلغان تاماق قاچىسىنى ئېلىپ كىلىپ، نىجاتنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

— تامىغىڭنى يەۋال!

— يىگۈم يوق، — دىدى نىجات ئارانلا ئىغىز ئېچىپ.

— بۇ قىلىغىڭ يارىمايدۇ، — دىدى سىلىم كۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن ئۇنى ئەيىپلەپ، — ئوغۇل بالا دىگەننىڭ بېشىغا نى - نى كۈنلەر كىلىدۇ، سىنىڭدەك بىر يىگىت بۇنىڭغا بەرداشلىق بىرەلمىسە. باشقا... قىز بالىلار قانداق قىلىدۇ؟

ئۇ «قىز بالىلار» دىگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن مەنالىق قىلىپ ئېيتتى. گويا ئۇ «قىز بالىلار» دىگەن ئاشۇ سۆز ئارقىلىق رەيھاننىڭ ھالىنى ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلاتتى.

— قېنى، تامىغىڭنى تىزرەك يىگىن، — دىدى سىلىم خۇددى بىر سىرلىق ئىشنى ئۇنىڭغا دىمەكچى بولغاندەك ئۇ-

نىڭ تەرىپىگە ئېگىشىپ، ئاستا ئاۋازدا، — ئۇنىڭدىن كې-
يىن... بىر ئىش بار، ئېيتسەمەن.
— نېمە ئىش ئىدى، دەۋەرگىن! — دېدى نىجات
دوستىنىڭ چىرايىغا قاراپ قويۇپ.
— تامىقىڭنى يېمىسەڭ ئېيتمايمەن، قېنى، قاچىنى
قولۇڭغا ئال!
نىجات، سېلىمنىڭ يالغان سۆزلەپ ئالدىمايدىغانلى-
قىنى بىلەتتى. شۇڭا ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ
قاچىنى قولىغا ئالدى.
— ھە، مانا بۇنىسى بولىدۇ، — دېدى سېلىم خۇش بولغان-
دەك چىرايى ئېچىلىپ، — ئەمدى بۇنى تاقىدەسوقۇۋېتكىن!...
نىجات ئۇنىڭ گەپلىرىدىن سېھىرلەنگەندەك، سورۇپ قالغان
تامىقىنى يېيىشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى،
بىراق، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى قانداقمۇ تاماق تارتسۇن!؟
سېلىمنىڭ ئېيتماقچى بولغان مۇھىم گېپىنى ئاڭلاش تەقەز-
زاسى بىلەنلا ئۇ تاماقنىڭ ئىسسىق - سوغاقلىقى، تەمى
بىلەن كارى بولماي ئىشتىكلا يەپ تۈگەتتى.
— كەچ سائەت سەككىزدە قىزىل بىنانىڭ ئالدىغا بار-
غىن، — دېدى سېلىم ئاۋازىنى بايىقىدەك پەس قىلىپ، —
رەيھانىنىڭ گېپى بار ئوخشايدۇ...
نىجات دوستىنىڭ كۆزلىرىگە رازىمەنلىك بىلەن قا-
راپ قويدى.
— ھازىر سائەت قانچە بولدىكىن؟ — دېدى ئۇ دە-

رىزىدىن سىرتقا كۆز تاشلاپ.

— تېخى سەككىز بولۇشقا بىر-ئىككى سائەت بولۇشى مۇمكىن، — دېدى سېلىم ئۆزىچە ۋاقىتنى مۆلچەرلەپ — ھە، باياتىن نەگە باردىڭ؟

— ھېلىقى يۈەنجاڭ بىلەن كۆرۈشتۈم، — دېدى نىجات شىكايەت قىلىۋاتقاندەك خاپىلىق بىلەن، ئۇنىڭ بۈگۈن كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى دوستىدىن يوشۇرغۇسى كەلمىدى. شۇڭا ئۇ ئابدۇللا بىلەن ئىلاھ بولغان ماجىراسىنى باشتىن-ئاخىر قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. سېلىم دوستىنىڭ خاپا چىرايىغا، ئەزەپتىن ئوت چاقناپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىگە قارىغىنىچە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. نىجات ئاخىرى مۇنداق دېدى:

— مەن ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئىدىم، ئەپسۇس، خاتاقىپتىمەن. بۇ خىل غەلىتە، ناھەقچىلىقلارنىڭ دەل ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ بيۇروكراتلىقى نەتىجىسىدە بازار تېپىۋاتقانلىغىنى نەدىنمۇ بىلەي؟...

— ھەقىقەت ھامان ئايدىڭلىشىدۇ! — دېدى سېلىم تېخى يېقىندىلا نىجاتنىڭ كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، — لېكىن، شۇنىڭغىچە... سەۋر قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

نىجات ئۇنىڭ پىكرىنى تەستىقلىغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

ئەتراپنى قاراڭغۇ تۈن پەردىسى ئورىغاندا نىجات قىزىل بىنا ئالدىدىكى باغچىغا يېتىپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇ-

نىڭ يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇ تېز- تېز ۋە تەشۋىشلىك سالاتتى.

«بىرەر جىددى گەپ بولمىسا چاقىرمايتتى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ياكى ئۆزىگە كېلىۋاتقان يەنە بىر يېڭى پالاكەتتىن خەۋەر ئاڭلىدى، ياكى بولمىسا، مېنى بىرەر خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرماقچى...» باغچىنىڭ ئوڭ يېنىدىكى كىچىك تار يولغا ئورنىتىلغان ياغاچ بەندىڭدە ئولتۇرغان تونۇش گەۋدە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان يىگىتنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگەن نىجاتقا ئاستا ۋە تىترىگەن ئاۋاز بىلەن.

— بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟ — سورىدى نىجات ئالدىراپ.

قىز ئېغىر ئۇھ تارتتى.

— ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، — دېدى نىجات ئۆزىنى تېتىك تۇتۇشقا تىرىشىپ.

— بۈگۈن ھېلىقى ھامۇت دېگەن نەرسە مەن بىلەن يەنە سۆزلەشتى، — دېدى رەيھان، — ئۇنىڭ شۇمنىيەتتىن سىزنى خەۋەرلەندۇرۇپ قوياي دېدىم.

— ئۇ يەنە نېمە دەيدىكەن؟ — دېدى نىجات.

— ئۇ: «بۇ ساڭا ئاخىرقى پۇرسەت. ئەگەر خىزمەت كۆرسىتىپ جىنايىتىمنى يۇيىمەن دەيدىكەنسەن، نىجاتنىڭ سېنى يولدىن ئازدۇرۇپ، ئالداپ، ئۇچىل سۆزلەرنى قىلىشقا قۇتراتقان-

لىغىنى پاش قىلىپ دەرھال ماتېرىيال يازسەن، ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن ھەر ئىككىڭنىڭ بۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىمەن، مېنى ئابدۇللا يۈەنجاڭ قوللايدۇ...» دېدى. مەن: «نىجات مېنى ھېچقاچان يولدىن ئازدۇرغىنى يوق. مېنىڭ ئىچىلىپ-سايراشتا بەرگەن بەزى پىكىرلىرىم خاتا بولسا بۇنىڭغا ئۆزەم مەسئۇل! سىز نىجاتنى بىكاردىن بىكار ئورۇنغا ئىتتەرمەڭ!...» دېسەم، ئۇ تېخىمۇ چىچاڭشىپ كەتتى ۋە كېيىن: «پاكولتېت رەھبەرلىكى ئاللىبۇرۇن نىجاتقا قالپاق كىيگۈزۈشنى قارار قىلىپ، مەكتەپنىڭ ئىستىل تۈزىتىشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىغا بوللىۋەتتى. مەن قوشۇلمىغانلىقىم ئۈچۈنلا سېنىڭ مەسىلەڭنى بىر تەرەپ قىلالمايۋاتىمىز. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ مەن دېگەن ماتېرىيالنى يېزىپ بەرگىن!...» دېدى. مەن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر شۇم غەرەز بارلىقىنى ھېس قىلدىم...

— قارىغاندا ئۇ سىزنىڭ قولىڭىزدا بىرەر ماتېرىيال يازدۇرۇپ، پاكىت تويدۇرۇپ چىقارماقچىكەن-دە؟ — دېدى نىجات ئۆزىنى تۇتالماي.

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ! — دېدى رەيھان ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن ھامۇتنىڭ يامان غەرىزىنى سېزىپ، رەددىيە بەردىم. ئۇ ماڭا ۋاقىراپ تەھدىت سالدى: «ئەگەر يازمايدىكەنسەن، نىجاتنىڭ بېشىدىكى قالپاقنى ساڭا كىيگۈزۈپ ئۇنى قاماققا ئالدۇرۇ-

ۋېتىمەن ... ئىشەنمىسەڭ كۆرۈپ تۇر!...» دېدى.

— سىز نېمە دېدىڭىز؟— ئۆزىنى باسالماي سورىدى نىجات، غەزەپ ۋە يىرگىنىشىنىڭ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— مەن: «قولۇڭدىن كەلسە مېنىمۇ قامىتىۋەت!» دېدىم.

— يارايسىز رەيھان! — دەۋەتتى نىجات ئۇنىڭ جاۋۇبىغا قايىل بولۇپ، —ئۇنىڭدەك ئىچى زەھەر سولتەكلەرنىڭ ئالدىداسارعىيىپ تۇرغانىدىن كۆرە، باشقا كەلگەننى كۆرگەن ياخشى، لېكىن ...،— سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئاسا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— بۇجاھانىڭ تىرگىنى ھاموتىەكلەرنىڭ قولىدىمۇ تۇرۇۋەرمەس، پارتىيە ۋە خەلق ھامان بىر كۈنى بۇ ناھەقچىلىقلارنى سۈرۈشتۈرىدۇ، تۈزىتىدۇ. ھاموتىەك قارانىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— نىجات، سىز مېنى دەپ، مۇشۇنداق پالاكەتلەرگە يولۇقۇپ قالدىڭىز. —دېدى رەيھان چوڭقۇر ئىزتىراپ ئىچىدە،— مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمەن!...

نىجات ھەيران بولغان كىشىدەك ئىتىنىك ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىدىن پەقەت بىر ئىبرىچلا نېرى ئولتۇرغان رەيھانىڭ مۇرىلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، ئاچچىق دەرت - ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ يىغىدىن ئۆزىنى ئاران - ئارانلا تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى نىجات قەلبىدىكى ھا-ياجىنىنى بېسىشقا تىرىشىپ، — بۇئىشلارنى قانداقمۇ سىز-دىن كۆرگىلى بولسۇن؟...

— ئەگەر مەن بولمىغان بولسام، سىزمۇ مۇنداق پالاكەتكە ئۇچرىماستىڭىز؟ — رەيھان يەنە ئۆز گېپىنى تەكرارلىدى.

— بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ! قېنى ھامۇتتەكلەر قىلغىنىنى قىلىپ باقسۇن، ئائىنى ئىتەك بىلەن ياپقىلى بول-مايدۇ. ئاخىر بۇ ئىشلارنىڭمۇ سۈرۈشتۈسى بولار.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، — دېدى قىز نىجات تەرەپكە ئاستا بۇرۇلۇپ، — سىز ئالىجاناپ يىگىتسىز... مەن، مەن ... يېقىندىن بۇيان كۆپىرەك سىز ئۈچۈن تەشۋىش قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ھەر ھالدا ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.

رەيھانىنىڭ سەممىي سۆزلىرىدىن نىجات خېلىغىچە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي جىمجىت تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر قانچە كۈنلەردىن بۇيان كۆڭلىنى ئازاپقا سالغان غەم - تەش-ۋىشلەرنىڭ خۇددى تۇمان كۆتىرىلگەندەك، دەسلەپ ئاستا-ئاستا، كېيىن بولسا بىراقلا يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزىمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان قانداقتۇ بىر نازۇك، يې-قىملىق تۇيغۇنىڭ ئىگەللەۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىر غايىۋى كۈچ-نىڭ تەسىرىدە ئۇڭ قولىنى كۆتىرىپ قىزنىڭ مۈرىسىگە ئېلىپ كەلدى ... قىزىق! ... قىزغىمۇ خۇددى ئاشۇنداق بىر

غايىۋى كۈچ ھەيدەكچىلىك قىلىشۋاتقاندەك. ئۇ بىكمو ئوللىرى يىگىت تەرەپكە سوزۇلۇپ كېلىشۋاتاتتى...

بۈگۈن نىجات پاكولتېت مۇدىرىنى ئىزلەپ تاپتى. مۇدىر مۇلايىملىق ۋە سەمىمىلىك بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىدى. بولۇپمۇ ھايۋات مۇئەللىم ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئۇ تولىمۇ قىزىقىش ئىچىدە تىڭشىدى. پاكولتېت مۇدىرىنىڭ چىرايىدىن ھەيرانلىق، ئىچىنىش ۋە غەزەپلىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىنى باسالماي سۆزلىدى:

— ئۇ كاتتا، ئەگەر ئۇ راستىنلا سىز ئېيتقاندەك ئاشۇنداق سۈيىقەستلەر بىلەن شۇغۇللىنىشۋاتقان بولسا، تەشكىل ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايدۇ، — ياشانغان، ئېغىر — بېسىق مۇدىر، نىجاتقا تەسەللى بېرىپ، پارتىيىگە، تەشكىلگە چوقۇم ئىشىنىش لازىملىغىنى، ھەقىقەتنىڭ ھامان ئايدىڭلىشىدىغانلىغىنى ۋە باشقا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەققىدە بىر ھازا سۆزلىدى، ئاخىرىدا ئۇ خۇددى بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك سورىدى، — ھامۇتنىڭ رەيھانغا قىلغان مۇئامىلىسى ھەققىدە قولىڭىزدا پاكىت بارمۇ؟

— پاكىت؟ — نىجات چۈشىنەلمەسلىك بىلەن مۇدىرغا قارىدى.

— مەسىلەن: ھامۇتنىڭ قىزغا يازغان خېتى...

— بۇ ... بۇ ...— نىجات تەمتىرەپ قالدى، بۇ ھەقتە ئۇ ئويلانمىغان ئىدى، — مەن رەيھاندىن سوراپ كۆرەي...

— بولىدۇ، ئەگەر پاكىت بولسا سۆزلىرىڭىز ئىشەنچلىك بولىدۇ، بولمىسا ... بىز قايسى ئىشقا تايىنىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىمىز؟

ھاياتتا كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھامۇت ھېچ يەردە ئىز قالدۇرماسلىقنى باشتىلا ئويلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ھىلىگەرلىكى ئاقىۋەت غالىپ كەلدى، نىجات ۋە رەيھانلار ئۆز ساددىلىقلىرى بىلەن يېڭىلىشقان ئىدى.

ئارىدىن ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتۈپ، ئىنستىتۇت بويىچە «چارە ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنى» ئېچىلدى. يىغىندا نىجاتنىڭمۇ، رەيھاننىڭمۇ ئىسمى ئاتالدى. يىغىندىن كېيىن پاكولتېتلار ئارا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. ئاشۇ مۇزاكىرىنىڭ ئاخىرىدا! پاكولتېتنىڭ سىياسى ھەركەتكە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى تۇردى دېگەن كىشى رەيھان بىلەن نىجاتنىڭ «جىنايەت»لىرىنى ئوقۇپ ئۆتۈپ، رەيھاننى «مەسىلىسى ئېغىر، ئوڭغا مايىل. لېكىن پوزىتسىيىسى بىر قەدەر ياخشى بولغاچ ئېتىۋار بېرىلىپ خىزمەتكە تەقسىم قىلىنسۇن.»

نىجاتنىڭ مەسىلىسى «تېخى ئۇزۇل - كېسىل بىر تەرەپ قىلىنىپ بېكىتىلمىدى. مەكتەپتىكى باشقا مەسىلىسى بارلار بىلەن ۋاقىتلىق ئەمگەك قىلىپ تۇرسۇن» دەپ ئېلان قىلىندى.

# بەشىنچى باپ

كەچكۈز پەسلى.
سوغاق ئىزغىرىن شامال سارغايغان يوپۇرماق-
لارنى ئۈزۈپ چۈشۈرۈپ دەرەخلەرنى يالىڭاچلىماقتا.

قىزىل بىنا ئالدىدىكى كىچىك باغچىنىڭ سوغاق
بەندىگىدە تەنها ئولتۇرغان نىجات پەرىشانلىق ئۈمىتسىزلىك
ئىچىدە ھاڭقىرغاي ئوچۇق تۇرغان دەرۋازا ئارقىلىق چوڭ
ئاسفالت كوچىدىن ياقىلىرىنى كۆتىرىشىۋېلىپ دۈگدەرەپ
ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە پەرۋاسىز نەزەر تاشلايتتى.
«... مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىنغىچە باشقا مەسىلىسى بار-
لار بىلەن ئەمگەك قىلىپ تۇرىدۇ» دەپ ئېلان قىلىنغانىنىڭ
ئەتىسىلا نىجات «ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ ياتىقى»غا يۆت-
كىلىۋېتىلگەن ئىدى. «چىسقىش بىناسى» دەپ نامى بار بۇ
كونا كېلەڭسىز سوغاق بىنانىڭ ھەر بىر ياتىقىغا 30 – 20دىن
ئادەم بىمالال سىغاتتى. نىجات ياتىدىغان ياتاقتا 20 گە
يېقىن «مەسىلىسى ئېغىر ئوقۇغۇچى»لار بار بولۇپ كۆپچى-

لىگى ئوقۇتقۇچى، سابىق پاكولتېت مۇدىرلىرى ئىدى.
رەيھانىڭ ئاكىسى خەلىم مۇئەللىممۇ مۇشۇ ياتاقتا ئىكەن.
بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇنى ۋە يەنە تۆت كىشىنى ساقچى
ئورۇنلىرىدىن كېلىپ قولغا ئالدى. قايغى تۇرۇلگەن. رو-
ھىي كەيپىياتى سولغۇن ياتاقداشلىرى بىر بىرى بىلەن
ئادەتتىكىچە پاراڭ سېلىشىشنىمۇ خالىمايتتى.

«مەن قانداق قىلىپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم؟» نىجات
ھەرقاچە ئويلىسىمۇ بۇ سوئالنىڭ تەگىگە يېتەلمەيتتى.

«ئەجەبا... پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر. ئوڭچى ئۇنسۇر
دىگەنلەر مەندەك بولسا؟ ... بىر گۇناسىز قىز ئۈچۈن تۆت
ئېغىز خالىس گەپ قىلىپ قويۇشنىڭ ئاقىۋىتى بۇنچىلىك
قورقۇنچلۇق بولۇشىنى كىم ئويلاپتۇ؟ قىزىق. سىنىپ مۇ-
دىرى بولغان كىشىمۇ شۇنچىۋالا چوڭ ھوقۇقلۇق بولۇپ، بىر
نەچچە ئادەمنىڭ ئىستىقبالىنى ئۇياق - بۇياق قىلىۋېتەلەي-
دىكىنە؟!... » ئۇنىڭ خىياللىرى ھامۇت ئۇستىگە كەلگەندە،
پۈتۈن بەدىنى تىكەنلەشكەندەك بولۇپ غەزەپتىن چىكىلىرى
لوقۇلداپ كېتەتتى. ھامۇتنىڭ قانداق ئادەملىگىنى نىجات
تولىمۇ كېچىككىپ چۈشەندى. ھامۇت دەسلەپتە رەيھانغا ئىك-
كى قېتىم خەت يازغان، ئەمما، ساددا، ئاقكۆڭۈل قىز
بۇ خەتلەرنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي يىرتىۋەتكەن. كې-
يىن ھامۇت «جاۋاپ» سۈيلىگەندە ئاشۇ خەتلەرنى ئۆزىگە قاي-
تۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. قىز «يىرتىۋەتكەنمەن» دەپ
جاۋاپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھامۇت ئۆز ئىشلىرىدا

ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي ماڭغان. مەكتەپ، پاكولتېت ئەۋەت-
كەن خادىملار 1 - قېتىم سىنىپقا پىكىر ئېلىش ئۈچۈن
كىرگەندە ھاموت يەنىلا «ئۆتكەندىكى خەتلىرىم ساقلانغان
بولسا كۆپچىلىك ئالدىدا كۆرسىتىپ مېنى رەسۋا قىلىپ
يۈرمىسۇن» دەپ ئويلاپ ئېھتىيات قىلىپ، رەيھانغا كۆپ ھۇ-
جۇم قىلماي، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرمەكچى بولغان. شۇ
قېتىمقى يىغىندىن كېيىن رەيھاننى ئايرىم چاقىرىپ
پاكولتېتتا سۆزلەشكەندىمۇ ئۇنىڭ ھاموتقا قارشى گەپ قى-
لىپ، بىرەر پاكىتنىمۇ كۆتۈرۈپ چىقالمايدىغانلىقى ئايان
بولغان. 2 - قېتىملىق پىكىر ئېلىش يىغىنىدا. ھاموت،
سىجاتىنىڭمۇ قولى قۇرۇق ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇنىڭمۇ پەقەت
سۆزگىلا تايىنىدىغانلىقىنى سەزگەن... شۇڭا ئۇنىڭ يۈرىكى
توختاپ، بېسىۋاتقان قەدىمىنى ئالدىغا خاتىرجەم تاشلاۋەر-
گەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللانىڭ سىجاتقا تېزلا ئۆچ بولۇپ
قېلىشى، رەيھانغا بولغان كونا ئاداۋەت ... لەر بىرلىشىپ،
ئۇنىڭ ئۇشۇغىنى ئالچا قىلىۋەتكەن ئىدى...

بىر باشلىقنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن سۆزنى
بەلە بىر باشقىلىرى كېلىپ ئاتايىن سۈرۈشتۈرۈپ رەت قى-
لىدىغان ئىشلار بۇ كۈن، بۇ ئايلاردا نەدە بولسۇن!؟ ...
ئابدۇللانىڭ: «بۇ خۇلىگەننى تۈزۈكرەك تەكشۈرۈپ كۆرۈش
كېرەك ئىكەن... » دەپ، بىئو - خىمىيە پاكولتېتى ئىستىل
تۈزىتىش ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش كىچىك گۇرۇپپى-
سىنىڭ باشلىقى بىلەن ھاموتقا قىلغان ئاشۇ بىرنەچچە

ئېغىز سۆزى ئۈچۈنلا، نىجات ئوڭچىلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ قالغانتى. ئۇنىڭ نېمە مەسىلىسى بارلىقىنى، قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى ئۇنى نازارەت قىلىپ ئىشقا سېلىۋاتقانلارمۇ بىلمەيتتى...

نىجات بىر قانچە ئېغىز خالىس گەپ قىلىپ قويۇپ، شۇ كۈنگە قېلىۋاتقاندا، نىجاتنى ئاقلاپ چىقىشقا كىملەر جۈرئەت قىلالىسۇن!؟...

ئەگەر كوللېكتىپنى دېڭىزغا ئوخشاتساق، شەخس تامچىدۇر. تامچە دېڭىزدىكى ئۇلۇغ سۇدىن ئايرىلسا، بىردەمدىلا قۇرۇپ تۈگىشىدۇ. نىجاتتىن ئىبارەت بۇ تامچىمۇ دېڭىزدىن ئايرىۋېتىلدى. ئۇمۇ قۇرۇپ تۈگەپ كېتەرمۇ؟ ...

نىجاتنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ، كۆزلىرىنى ئەلەم بىلەن يوغان ئاچتى. باغچا ئىچىدىكى دەل - دەرەخلەر خۇددى سوغاقتىن شۈركىنىۋاتقاندەك ئاستا تەۋرىنەتتى. سوغاق شامال ئەمدى، خېلى كۈچەيگەن. بېغىدىن ئۈزۈلگەن يوپۇرماقلارنىڭ يېقىمسىز، مۇڭلۇق شىلدىرلاشلىرى نىجاتنىڭ كۆڭلىدىكى ئەنسىزچىلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتەتتى. ئۇ سوغاقتىن كۆيۈشۈپ قالغان تىزلىرىنى سىلاپ ئېغىر ئۇھ تارتتى: «ئەتە دېخانچىلىق مەيدانىغا ئەمگەككە ئېلىپ چىقىدۇ. ساۋاقداشلىرىمنىڭ بىرەرسىمۇ قالمىدى ... شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ ھاياتىمۇ تۈگىگەن ئوخشايدۇ ... ئەلۋىدا، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىم خەيىر - خوش، گۈزەل رومانتىك ئارزۇلار...»

دېكابىرنىڭ سۆڭەك - سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان قاتتىق سوغى-

غى رەھىمسىزلىك بىلەن ھۇشقىستىماقتا رۇدا قىزىش جەڭچى-
لىرى شىسەن تېغىنىڭ گىيا ئۆدىمەس قاپتاللىرىدا، ئۆشقى-
تىۋاتقان زەھەردەك سوغافقا قارىماي، غەيرەت ئۆستىگە
غەيرەت قوشۇپ ئىشلىمەكتە ...

ئىككىدىن ئۆچتىن بولۇشۇپ،بەس - بەس بىلەن رۇدا
قاتلاملىرىنى ئېچىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ چەتتىكى
قانىتىدا نىجات يالغۇز ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ ئۆزى كولاپ ئاچ-
قان چوڭ ئۆڭكۈر ئىچىدە بىمالال ئۆرە تۇرۇپ بوشىتىلغان
توپىلارنى جىددەللەپ سىرتقا ئاتاتتى. بىر فاسچە ئايدىن
بۇيان ئۇنىڭ قوللىرى نەچچە قاپىرىپ، نەچچە قاناپ، قا-
داقلىشىپ پىشتى، يۈزلىرى شامالدا يېرىلىپ رەڭگى قارى-
داپ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئورۇقلىدى. نىجات جىسمانى
جەھەتتىكى چارچاشلارغا ئۇنچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى.
ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى يەنىلا ئۆز ئىشىغا چۈشكەن
چۈشىنىكسىز پالاكەتلەر بىلەن بەنت ئىدى ئۇ ئوڭچىمۇ؟ لېكىن
ھېچكىم ئۇنى «ئوڭچى» دەپ ئاشكارا ئېلان قىلغىنى يوق!
ئوڭچى ئەمەسمۇ؟ لېكىن پولات تاۋلاش ھەركىتىگە رەھبەر-
لىك قىلىش ئورنىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئوڭچىلارغا ئوخشاش مۇ-
ئامىلە قىلىدۇ. بۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلار ئارىسىدا مەسىلىسى
بېكىتىلىپ ئاشكارا ئېلان قىلىنغان بىر نەچچە ئوڭچىلارمۇ
بار ئىدى. ئۇلارنى بەزىدە ئىككى كۈندە بىر، بەزىدە ھەپ-
تىدە بىر قېتىم باھالايتتى. نىجاتمۇ ئەنە شۇ ئوڭچىلارغا
ئوخشاشلا باھالىناتتى. بىراق، ئۇنى باھالاش ۋاقتى

تولىمۇ قىسقا ئىدى. ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە يا ياخشى، يا يامان دەپ پىكىر بەرمەيتتى. پەقەتلا «باشقا بىلەر نىمىز يوق» دىگەن سۆزلا ھەرقېتىمقى باھالاشتا تەكرارلىناتتى. مەكتەپتىكى ئۈچ يىللىق قايناق ئوقۇغۇچىلىق ھايات، خۇددى شىرىن ئۇنتۇلغۇسىز چۈشتەك يىراقتا قالغان، ئۇنىڭ ھازىر بىلىدىغىنى، سەھەر تۇرۇپ تاكى كەچ كىرگىچە ئەمگەك قىلىش ئىدى. بەزىدە رۇدا كولايتتى، بەزىدە خاڭ ئاستىغا چۈشۈپ پېچ ئۇچۇن كۆمۈر چىقىراتتى ... ئۇنىڭ قوللىرى تىلىپ، بەللىرى مۈكچىيىپ كەتسىمۇ «ۋاي» دىمەيتتى. چىشىنى چىشىغا چىشلەپ ھامان ئىشلىگىنى ئىشلىگەن ئىدى. ئىككى كىشى بىر نۆۋەتتە چۈشىدىغان خاڭغا تولا چاغلاردا ئۇ يالغۇز چۈشەتتى. ئادەتتە ئىككى - ئۈچ كىشى بىر كۈندە ئاران كولىغان رۇدىنى ئۇ بىر كۈندە يالغۇز كولاپ چىقىرىپ، تاغ باغرىغا چىرايلىق، رەتلىك قىلىپ تىزىپ چىقاتتى. دەم ئېلىش قىلغان كۈنلىرى ياكى ئىش ئارىلىغىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا باشقىلار ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، چاخچاقلىشىپ، بازارلارغا بېرىپ تاماشا قىلسا، نىجات ھەر دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان قېلىن خاتىرىسىنى ئېچىۋېلىپ، خىمىيە، فىزىكا، ماتېماتىكىغا ئائىت خەنزۇچە تېرمىنلارنى چىرايلىق، تېز يېزىشنى مەشق قىلاتتى. ئۇ مەكتەپتىكى ۋاقىتلىرىدا خەنزۇچە خەتلەرنى تونۇش، خەنزۇچە سۆزلەرنى راۋان سۆزلەش باسقۇچلىرىنى بىر يەرگە ئاپارغان، لېكىن يېزىشتا كۆپ قىينىلاتتى. دىخانچىلىق

مەيدانىغا بارغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئۇ بىر قانچە مىنۇتلۇق دەم ئېلىش ۋاقتى بولسىلا خەت يېزىشنى مەشىق قىلاتتى. رۇدا قېزىۋاتقاندىمۇ. خاڭدا كۆمۈر قېزىۋاتقاندىمۇ، ئىشقا كېلىپ - كېتىش ۋاقىتلىرىدىمۇ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خەنزۇچە خەتنىڭ شەكىللىرى گەۋدىلىنەتتى.

ئالدىنقى كۈنى ھەپتىلىك خۇلاسە يىغىنىدا ۋاقىتلىق پارتكوم شۇجىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىن بىر چوڭ باشلىقنىڭ 15 كۈنلۈك تۆۋەنگە چۈشۈپ، پولات تاۋلاشقا قاتناشماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغان ئىدى. دېگەندەك ئۇ كىشى (ئۇنى لى بۇجاڭ دەپ ئاتايدىكەن) تونۇگۈندىن باشلاپ نىجات ئىشلەۋاتقان مۇشۇ پەيگە كەلدى. ئوقۇغۇچىلارنى تولىمۇ ھەيرەتتە قويغان نەرسە شۇ ئىدىكى، لى بۇجاڭ 3 - پەي ئىشلەۋاتقان ئورۇنغا كېلىپلا ئوقۇغۇچىلار بىلەن سالاملىشىپ، جۇۋىسىنى تاشلاپ ئەمگەككە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەرجىمانى بىلەن تاغنىڭ مۇۋاپىقراق يېرىنى تالىشىۋالدى - دە، ئۇنىڭدىن كېيىن تەرجىمانغا كۆرەكنى تۇتقۇزۇپ، ئۆزى جوتۇ بىلەن تاغ قاتلىمىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈشكە كىرىشتى. ئەمما، ئون - ئون بەش مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا تەرگە چۆمۈپ كەتتى.

— مانا بۇ ياخشى ئالامەت ئەمەس، — دېدى ئۇ تەرجىمانغا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن چاقچاق قىلىپ، يۈز- بۇرۇنلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتكەچ، — بىرقانچە مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا تەرگە چۆمۈلۈش ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى

بولامدۇ؟ ئومۇمەن، ئەمگەكنى تاشلىۋېتىش ياخشى ئىش ئەمەس! مېھنەت — ئادەمنى ھەم ساغلام قىلىدۇ، ھەم توغرا — ھالال قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا يالغۇز ئىشلەۋاتقان نىجات ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىختىيارسىز قۇلاق سالدى. «مانا بۇنداق كىشىلەرگە ئىشەنسەڭ ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلىسەڭ بولىدۇ، — پىچىرلىدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە، — ۋېيخۇرۇڭ تاغام بىلەن ئىسلام تاغاملارمۇ مېھنەتنى مۇشۇنداق ياخشى كۆرىدىغان ...» ئۇنىڭ خىيالى ئۆز يېزىسىغا كۆچتى. مەھەللىداشلىرى، سابىق رايكوم شۇجىسى ۋېيخۇرۇڭ، مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسلاملار كۆز ئالدىدىن غىل - پاللا ئۆتتى، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى: «... شۇ تاپتىكى ھالىمنى ئاڭلىسا ئۇلار نىمە دەر؟...» ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، قولىدىكى جوتۇسىنى زەردە بىلەن چېپىشقا كىرىشتى.

ئارىدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ھېچكىمگە ئارىلاشماي، بىر چەتتە ئۆزى يالغۇز، ھېچقانداق زۇۋان سۈرمەي خۇددى ئۆكۈزدەك تىنىم تاپماي ئىشلەۋاتقان ياش يىگىت ئاقسۆەت لى بۇجاڭنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.

ئۇ يېنىدىكى ئۇقۇغۇچىدىن ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىدى:

— ئوگچى، — دەپ پەس ئاۋازدا جاۋاپ بەردى ئوقۇغۇچى.

— ئوگچى؟! — تەكرارلىدى لى بۇجاڭ ھەيران بول-

غاندەك نىجات تەرەپكە قاراپ ئۇرۇش يىللىرى يەنئەندە تەشۋىقات، مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بۇ پىشقەدەم ئىنقىلاپچىنىڭ جەمىيەت، ياشلار ۋە ياشلار تەربىيىسى ھەققىدە، سىياسەت، ئادەملەر، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۆزىگە خاس چۈشەنچىسى بار ئىدى. ئۆزىنىڭ زىيالىلار قوشۇنى تولىمۇ ئاز ۋە ئاجىز ھالەتتە تۇرغان بىر ئاز سانلىق مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، نېخى 20 ياشلارغىمۇ كىرمىگەن، ئەمما ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرە - پۈتتۈرمەيلا «ئوقۇچى» قالپىقىنى كىيىپ دۈشمەن مەيدانىغا ئۆتۈپ قالغان بۇنداق ياش زىيالىلارنىڭ مەسىلىسى لى بۇجاڭدەك كۆپنى كۆرگەن پىشقەدەم كوممۇنىستلارنىڭ نەزىرىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلە ئىدى. ئەلۋەتتە، سىنىپىي جەمىيەتتە ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر ئوچۇم بۇزۇق كىشىلەر بولىدۇ، لېكىن ئۇنداقلارنى تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن پەرق ئېتىش كېرەكدە!... لى بۇجاڭ ئىشلەۋېتىپ پات - پات نىجات تەرەپكە قاراپ قوياتتى. نىجات بولسا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆز ئىشىغا بېرىلگەن، لى بۇجاڭنىڭ ئۆزىگە سەپسېلىپ قاراۋاتقانلىقىنى ئۇ نەدىنمۇ بىلسۇن؟ ...

«ئۇ چارچىمامدىكىنە؟ — ئويلايتتى لى بۇجاڭ ھەيرانلىق بىلەن، — بۇنچىۋالا كۈچىنىپ ئىشلىسە، ئۇنىڭ سالامەتلىكى قانداق بولىدۇ! بۈگۈن بۇ يىگىت ھەققىدە سۈرۈشتە قىلىپ باقايچۇ ... زادى ئۇنىڭ ‹مەسىلىسى›

قانچىلىك؟...»

كۈن تاغ كەينىگە باش قويماقتا. قىزىل شەپەق شە-
سەن نىغىننىڭ ئىگىز - پەس چوققىلىرىغا ئالتۇن ھەل بې-
رىپ، گۈزەل بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغان. ئىشتىن يانغان
پولات - تۆمۈر جەڭچىلىرى توپ - توپ بولۇشۇپ جۇشقۇن،
كۆتىرەڭگۈ روھ بىلەن باخشىلارنى توۋلاپ ئۆز چېدىرلىرىغا
قايتماقتا ئىدى.

لى بۇجاڭنىڭ 3 - پەيجەڭچىلىرى بىلەن ئىشلەۋاتقىنىغا
15 كۈن بولدى. بۇگۈن ئۇنىڭ ئاخىرقى كۈنى. بۇيەردىكى ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىسملىرىنىمۇ ئۇ بىلىۋالغان.
ئۇنىڭ كەمتەر، خۇش پېئىل، چىقىشقاق خۇسۇسىيىتى ياش
ئوقۇغۇچىلارغىمۇ يېقىپ قالغان ئىدى. بۇجاڭنىڭ قايتىپ كې-
تىدىغانلىقىنى ئۇققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلى نىمىشقىدۇ
بىر قىسما بولۇۋاتاتتى. لى بۇجاڭنىڭ ئۆزىمۇ بىر قانچە
كۈندىن بېرى، مۇرىسىنى مۇردىگە تىرەپ بىرگە تەر تۆككەن
بۇ ياش ئەزىمەتلەردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك. ئۇ
گۈرۈپپىدىن - بۇگۈرۈپپىغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچى-
لار بىلەن بىرگە ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭۈللۈك،
قىزىق چاخچاقلارنى قىلىپ ئۇلارنى كۈلدۈرەتتى. كەچكە
يېقىن ئۇ تەرجىمانىنى ئېلىپ سىجات يالغۇز ئىشلەۋاتقان
جايغا كېلىپ توختىدى. ئىشتىن چۈشۈپ قايتىش ئالدىدا

تۇرغان ئوقۇغۇچىلار لى بۇجاڭنىڭ نىجاتنىڭ يېنىغا كەلگەنىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز توختاپ قېلىشتى.

— يولداش نىجات ياخشىمۇسىز؟

چۈشتىن كېيىن چوڭ، سۈپەتلىك رۇدا قاتلىمى تېپىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى كەڭ ئويۇپ ئېچىشقا تۇتۇشۇپ كەتكەن نىجات ئارقىسىدىن چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئىتتىك بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت قەدەم نېرىدا لى بۇجاڭ بىلەن تەرجىمان ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. نىجات قولىدىكى جۆتۆنى كۆتەرگىنىچە ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى.

— لى بۇجاڭ سىزدىن ئەھۋال سوراۋاتىدۇ؟ — دېدى تەرجىمان ئۇنى لى بۇجاڭنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىدى دەپ ئويلاپ.

«بۇلار راستىنلا ماڭا گەپ قىلىۋاتامدىكىنە؟...» نىجاتنىڭ رەڭگى چۈشىنىكسىز بولغان ھېس تۇيغۇ ئىچىدە بىلىنەرلىك ئۆزگىرىپ، جىددىيلىك ۋە ھاياجان بىلەن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. كۆپنى كۆرگەن تەجرىبىلىك باشلىق ئۇنىڭ رەڭگىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ھولۇقۇشلارغا قاراپلا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى.

— قېنى، جۆتۆنى قويۇپ، بۇ يەرگە كېلىڭ، بىردەم پاراڭلىشايلى. — دېدى لى بۇجاڭ سەممىيلىك بىلەن كۈلۈمسىرىگىنىچە ۋە نىجات چىقارغان كىچىك بىر رۇدا دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

تەرجىمان دەرھاللا بۇجاڭنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلـ

دى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا يېقىنلا يەردە ئىشلەۋاتقان بىر ئو-
قۇغۇچى تەرجىمانغا ئەسكەرتتى:

— ئۇنىڭ ئۆزىمۇ خەنزۇچە تىلنى ياخشى بىلىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى تەرجىمان ئوڭايسىزلانغان-
دەك نىجاتقا كۆز تاشلاپ، — مەن تېخى ...

نىجات ئۆزى كولاپ چىقىرىۋاتقان توپا دۆۋىسى ئۈس-
تىگىلا ئولتۇردى. ئۇ يەنىلا ھەيران ئىدى.

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دېدى لى بۇجاڭ،نىجات-
نىڭ بېجىرىم قامىتىگە زوقلانغاندەك قاراپ.

— 19 غا.

— بىئو - خىمىيە كەسپىدە ئوقۇدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

نىجاتسورالغان ھەربىرسوئالغاقىسقا،ئېنىق جاۋاپ بېرەت-
تى.ئۇنىڭخەنزۇتىلىنى ھېچقانداق دۇدۇقلىماي، راۋان سۆز-
لىشى لى بۇجاڭنى يەنىمۇ ھەيران قالدۇردى.

— سىز خەنزۇچە مەكتەپتىمۇ ئوقۇغانمۇ؟ — ئىخ-
تىيارسىز سورىدى بۇجاڭ. نىجات «ياق» ئىشارىسىگە بې-
شىنى ئىغىتتى.

— ئۇنداقتا خەنزۇچىنى قاچان ئۆگىنىۋالغان ئىدىڭىز؟

نىجات 2 - يىللىقنىڭ 2 - مەۋسۇمىدىن باشلاپ ئۆز-
لۈگىدىن ئۆگىنىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ياخشى، ياخشى، — دېدى لى بۇجاڭ ئۇنىڭ سۆز-
لىرىگە زوقلانغاندەك باشلىرىنى ئىغىتىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە.

ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغان ئىدى. لى بۇجاڭنىڭ ھېچكىم گەپ قىلمايدىغان بۇ «ئوكچى» بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار بىر بىردىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، قىزىقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئوقۇغۇچىلار تەرجىماننى ئوقۇپ يۈرۈشۈپ ئۇنىڭغىمۇ ئىش تاپتى. لى بۇجاڭ بىلەن نىجاتنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمان ئوقۇغۇچىلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىشكە باشلىدى ...

— ئاتا ـ ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

باياتىن لى بۇجاڭنىڭ باشقا سوئاللىرىغا قىزغىن، ئېچىلىپ جاۋاپ بېرىۋاتقان نىجاتنىڭ چىرايى سوئال بىلەن بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇ لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ يەرگە قاراۋالدى. كىچىك خاتىرىسىنى ئېلىپ نىمىنىدۇ يېزىۋاتقان لى بۇجاڭ ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرمەي. سوئالىنى تەكرارلىدى. نىجات يەنىلا گەپ قىلماي بېشىنى ئېغىتتى، بىردىن ئۇنىڭ مۈرىلىرى تىترەپ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش تامچىلىرى يەرگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئوقۇغۇچىلارمۇ، لى بۇجاڭمۇ بۇنى كۆرۈپ، جىمغىنە نىجاتقا قاراپ قالدى.

— ئانام كىچىكىمدە ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. دادامنى پومىشچىكلارنىڭ چوماقچىلىرى 1951 ـ يىلى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ....، — ئاخىرى ئۆپكىدەپ جاۋاپ بەردى نىجات.

شۇ ئىش يۈز بېرىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن تۇيۇقسىزلا نىجاتنى پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش ئورنىدىن مەكتەپكە ئېلىپ

كىرىپ كەتتى. ئىمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمەي ھەيرانلىقتا چۆمگەن ئىجات يالغۇز بىر ياتاقتا ئەمدىلا ئورۇنلىشىپ تۇرۇشىغا، پاكولتېتنىڭ سىياسى كاتىۋى كىرىپ، مەكتەپ پارتكوم ئىشخانىسىغا باشلاپ چىقتى. ئىشخانىدا ئۇ لى بۇجاڭنى، مەكتەپنىڭ ئىككى پىشقەدەم يۈەنجاڭنى، مەكتەپ ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ جۇجاڭلىرى ۋە يەنە تونۇش ئىككى - ئۈچ كىشىنى كۆردى. ئۇ يۇمشاق دىۋاندا ئىككى سائەتچە ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆز ئىجتىمائى ئەھۋالىنى بىر بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. دەھشەتلىك بالايى - ئاپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۈمىت يالقۇنى يۈرىكىدە پارلاۋاتقان مۇنداق ياخشى پۇرسەتتە، ئۇ ئۆز بېشىغا كەلگەن ئاشۇ بالايى - ئاپەتنىڭ مەنبەسىنى ئوچۇق ئېيتىش - ئېيتماسلىق ئۈستىدە راستىنلا ئىككىلىنىپ قالدى. ئۆتكەندە ئۇ بىرقانچە ئېغىز خالىس گەپ بىلەن تۆۋى يوق قاراڭغۇ ئوپقانغا دومىلاپ، چۆكۈپ تۈگەشكىلى تاسلا قالغان ئەمەسمىدى؟ لى بۇجاڭ بىلەن شىسەندە ئۇچرىشىپ قېلىش خاسىيىتى ھالاكەت گىرۋىكىگە كېلىپ قالغان ئىجاتنىڭ ھاياتىغا كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەرنى تەقدىم قىلدى. بەخت ئەمدىلا قايتىدىن كۈلۈمسىرەپ قۇچاق ئېچىۋاتقاندا. كونا خامانىنى سورۇپ يەنە قايتىدىن پالاكەتلەرگە يولۇقۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ ياخشىسى بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماسلىق لازىممىكىن!؟...

ئۇ شۇنداق قىلدى، ئۇنىڭ ھايات تارىخىنى سۆزلەپ بولۇپ، سۆزىدىن توختىدى. لېكىن ئىنىستىتۇتتىكى، بو-

لۇپمۇ ئوقۇش پـۇتتۇرۇش ئالدىدىكى بېشىغا چۈشكەن كۆ-
ڭۈلسىزلىكلەر ھـەققىدە پەقەت ئېغىز ئـاچمىدى. باشقىلارمۇ
ئارتۇقچە سوئال قويۇشمىدى. پەقەت ئىنىستىتۇت باشلىقلى-
رىدىن بىرسىلا (نىجات ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتى) تەربى-
يىۋى خاراكتىردىكە ئىگە سۆزلەرنى قىلدى.

نىجاتنىڭ مـېڭىسىنى تـۈرلۈك - تـۈرلۈك خىياللار،
مۆلچەرلەر ئىگەللىۋالغان ئىدى؛ تەشكىل ئـۇنىڭ ياش ئـى-
كەنلىكىنى، يىتىم ئىكەنلىكىنى ئـېتىۋارغا ئېلىۋاتامدۇ؟ يا-
كى رەيھان ھەققىدە قـىلغان خالىس گـەپلىرىنىڭ تېگى -
تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلاپ چـىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
نىيىتىدە يامانلىق يـوقلۇقىنى، بـەلكى، ئـىستىل تۈزىتىش
ھەركىتىدىكى بەزى چـاپ - چاپ دولـقۇندىن پايدىلىنىپ،
بەزى كىشىلەرنىڭ سـۈيىقەست ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىشتىمۇ؟
ۋە ياكى بولمىسا كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن پىش-
قەدەم بۇجاڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى، تارىخىنى، ئۆگىنىشتىكى ئى-
پادىسىنى ئاڭلىغاندىن كـېيىن «بـۇنداق ئـىشلارغا يەنىلا
كەڭرەك بولۇپ، چىقىش يولى بېرىش كېرەك» دەپ يولىيو-
رۇق بـەردىمۇ؟ بـۇلارغا ئۇ ئـېنىق بىر نـىمە دەپ جاۋاپ
بېرەلمەيتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئىنىستىتۇت ئىلمىي باشقارمىسى ئۇنى
چاقىرتـىپ، رەسمىي خىزمەتكە چىقىش تونۇشتۇرۇشىنى قو-
لىغا تۇتقۇزدى. ئۇ، ئۆز يۇرتىغا يېقىن بىر خوشنا ۋىلايەتكە
تەقسىم قـىلىنغان ئىدى. نىجات مەكتەپتىكى ئۆتەشكە تېگىش-
لىك رەسمىيەتلەرنى تېزلا بېجىرىپ، سەپەر تەييارلىقىغا چۈشتى.

# ئالتىنچى باپ

نىجات ئۆزى تەقسىم قىلىنغان ۋىلايەتكە كەلگەندىن كېيىن، مائارىپ ئىدارىسى ئۇنى كېچىكتۈرمەيلا «ئا» ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىپ ئەۋەتتى.

ئايرىلغىلى ئۈچ يىلدىن ئاشقان ئانا يۇرتىنى، قەدىرلىك يۇرتداشلىرىنى، ئۆزىنى تەربىيىلەپ ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بەرگەن ئوقۇتقۇچىلىرىنى كۆرۈپ كېلىشنى ئۇ بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن كېچىكمەي قېلىشتىن ئەنسىرەپ يۇرتداشلىرىغا قىسقىچە خەت يېزىپ ئەۋەتتى-دە، ئەتىسىلا خىزمەت ئورنىغا مېڭىپ كەتتى.

ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ناھىيىدىن 100 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قىزىلتاغقا بولات - تۆمۈر تاۋلاشقا چىقىپ كەتكەن ئىدى. بۆلۈمدە پەقەت بىرلا بوغالتىر قالغان، ئۇ نىجاتقا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ تۇرۇشقا مەسلىھەت بەردى.

— ئۇنداقتا مەن يۇرتقا بېرىپ كەلسەم بولامدى-

كىن؟ــ دېدى نىجات، بوغالتىرغا قاراپ، ئىلتىماس قىلغان ئاھاڭدا ۋە ئاستا قوشۇپ قويدى، ــ بىر ھەپتىدىلا قايتىپ كېلىمەن.

ــ سىزگە نېمە دېسەم بولىدىكىن؟ ــ دېدى بوغالتىرمۇ ئوڭايسىزلانغاندەك ئىككى تەرىپىگە قاراپ قويۇپ،ــ باشلىقلارنىڭ قاچان كېلىشىنى مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، ئەگەر سىزگە مەن رۇخسەت بېرىپ قويسام ...

ــ بوپتۇ، كۈتۈپ تۇراي،ــ دېدى نىجات ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپ.

نىجات ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ مېھمانخانىسىدا ساق بىر ئاي بۆلۈم مەسئۇللىرىنى كۈتۈپ ياتتى. دۇنيادا بىكارچىلىقتىنمۇ يامان ئىش بارمىكىن؟ ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ، مېھمانخانىنىڭ تار ھويلىسىنى كۈندە نەچچە ئايلىناتتى، ئۆزىدە بار كىتاپلارنى كۆرەتتى. خىزمەت ئورنىغا تېزرەك بېرىش تەقەززاسى ئۇنىڭ مىڭىسىنى بۆلۈپ، كىتاپلارنى ياپاتتى ـ دە، مائارىپ بۆلۈمىگە ماڭاتتى. بۆلۈمدە يەنە شۇ تونۇش بوغالتىر ھەر كۈندىكىدەكلا سەنپەننى شاراقلىتىپ سوقۇپ ئولتۇرغان بولاتتى ـ دە، نىجاتنى كەينىگە ياناتتى. ئاخىرى بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى قايتىپ كەلدى.

ناھىيە بويىچە خىمىيە ئوقۇتقۇچىلىرى كەمچىل بولۇپ، ئالى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەردىن ئېغىز ئېچىشقىمۇ بولمايتتى. بۆلۈم مەسئۇلى، نىجاتنىڭ خىمىيە پا-

كولتېتنى پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلى-
گىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى، ئەمما، ئۇنىڭ ئار-
خىۋىنى ئېچىپ قاراپلا چۆچۈپ كەتتى «شۇڭا كېچىكىپ
كەلگەن ئىكەن-دە...» دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ.

بۆلۈم باشلىقى داڭئەن خالتىسىدىكى ماتېرىياللارنى
شىرە ئۈستىگە ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى. ھامۇت. نىجاتنىڭ
ئارخىۋىغا خېلىلا كۆپ قورقۇنچلۇق ئىبارىلەر بىلەن تول-
دۇرۇلغان قەغەزلەر «پاش قىلىش ماتېرىياللىرى»، «تەك-
شۈرۈش نەتىجىلىرى» «قارا سۆزلەر»...نى سېلىشقا مۇۋەپ-
پەق بولغان ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇرۇنقى سىنىپ مۇدىرى
ئابلىكىم تەرىپىدىن يېزىلغان ھەر بىر يىللىق ئۆگىنىش،
ئەخلاق - ئىدىيە جەھەتتىكى يەكۈنلىرىنى ئېلىۋېتىشكە پې-
تىنالمىغان ئىدى «ئۆگىنىشتە بەكمۇ ياخشى ئىكەن - دە،— دەپ
ئويلىدى بۆلۈم باشلىقى ئېچىنغاندەك بېشىنى چايقاپ،—
ئەپسۇس! ئەپسۇس!...» ئارخىپ ئىچىدىن چوڭ تامغىلىق،
خەنزۇچە يېزىلغان بىر تونۇشتۇرۇش چىقتى. بۆلۈم باشلىقى
خەنزۇچە خەتنى بىلمەيتتى، شۇڭا بىر تەرجىماننى چاقىرتىپ
ھېلىقى ئالاقىنى ئوقۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

— «ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ سىستېمىسى ئىستىل
تۈزىتىش ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋاقىتلىق پارتكو-
مى»نىڭ تونۇشتۇرۇشى ئىكەن،— دېدى تەرجىمان ۋە خەتنى
ئاستا ئوقۇپ تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى،— «نىجات، ئەر،
ئۇيغۇر، 19 ياش، نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان. ئىنىستى-

ۋتمىزنىڭ بىنو - خىمىيە پاكـىۋاتىپتىدا ئـوقۇغان 1958-يىلى ئىچىلىپ - سايراشتا ئىغىر دەرىجىدىكى ئوكچىل خاتا سۆزلەرنى قىلغان...پارتىكومىمىز قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇش تارىخىدىكى نەتىجىسىنى، ھەركەتتىن كېيىنكى ئىپادىسىنى، كېلىپ چىقىشىنىڭ پاكلىقىنى ۋە تولىمۇ ياشلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، خىزمەتكە تەقسىم قىلىپ خىزمەت ئەمىلىيىتى ئارقىلىق ئـۆزگەرتىپ كېتىشنى قارار قىلدى...»

بۆلۈم مەسئۇلى ئارخىپ ئىچىدىكى ھەممە ماتىرىياللار-نى قاراپ چىقىپمۇ «ئوكچى» دەپ تـامغا بـېسىلغان بىرەر رەسمىي خەتنى ئۇچرىتالمىدى. ئەمما، سىنىپ مۇدىرىنىڭ باـھالاش قەغىزىدە ئۇنى «ئـوكچى ئـوقۇغۇچى» دەپ ئاتىغان ئىدى.

«قالپىغى يوق ئوكچى ئىكەن - دە، — دەپ تەخمىن قىلـدى بۆلۈم باشلىغى ئاخىرى.— بۇنى تەشكىلات بۆلۈمىدىكـلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر نىمە دىمىسەك بولمىغۇدەك ...»

تەشكىلات بـۆلۈمىنىڭ بـاشلىغى ئـارخىپنى كـۆرۈپ چىقىپ بىر ھازا خېلا ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئىنـجىقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇنى «ئوكچى»دەپ ئاتىساق بولىدۇ، خىزمەتكە... ھە، يىراقراق بىرەر گوڭشېدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە تەقسىم قىلىپ تۇرساق بولارمىكىن.

ئۇنىڭ سۆزلىرى مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا ياق-

مىدى «كاللا دىسە پاقالچاق، دىگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ غۇدۇڭشىدى ئۇ تەشكىلات بۆلۈمىدىن چىقىشۋېتىپ، — مەن ئۇنىڭغا بۇنىڭ ئوڭچى ئەمەسلىكىنى ئايرىپ بەر دىگەندەك گەپ قىلىپ يۈرگىنىمنى ... مەكتەپلەرگە خىمىيە ئوقۇتقۇچى-سىنىڭ قانداق لازىملىقىنى چۈشىنىشمەيدۇ - دە...» ئۇ ئار-خىپنى كۆتىرىپ ئۇدۇل ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. شۇجى «كەچتە كۆرۈپ چىقىپ، ئەتە جاۋاۋىنى بېرەي» دىدى. شۇ تاپتا ئۇمۇ ئالدىراش ئىدى.

ئەتىسى شۇجى مائارىپ بۆلۈم مەسئۇلىنى ئەتىگەندىلا ئىشخانىسىغا چاقىردى.

— ئارخىپنى كۆرۈپ چىقتىم، — دىدى ئۇ بۆلۈم باشلى-قىغا تىكىلىپ قاراپ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزى-رىپ - پۇرۇشۇپ كەتكەن بولسىمۇ كەيپىياتى ياخشى تېتىك ئىدى، — مېنىڭچە ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئېلىپ قېلىڭلار، ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىدە ئانچە - مۇنچە خاتا سۆزلەرنى قىلىپ تاشلىغان ئوخشايدۇ، بۇنىڭ كارايىتى چاغ-لىق. ياش ئىكەن. ئارخىۋىدىكى ماتىرىياللاردىن قارىغاندا ئۆگىنىشتە قالتىستەك قىلىدۇ، خاتالىق بولسا تۈزەتسىلا بولىدى ئەمەسمۇ؟ ...

مائارىپ بۆلۈم باشلىقى، شۇجىنىڭ سۆزىدىن ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتتى. شۇ كۈنىلا ئۇقتۇرۇش يازدۇرۇپ، نى-جاتنىڭ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغانلىقىنى مەك-تەپكىمۇ نىجاتقىمۇ ئۇقتۇرۇۋەتتى.

نىجات مائارىپ بۆلۈمىنىڭ بىر كادىرى بىلەن مېھمان كۈتۈشتىكى ھېساپ ـ كىتابلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاددىغىنە، يەڭگىل شىڭگىلىسىنى، كىتاپ ـ ماتېرىيال قاچىلانغان ياغاچ ساندۇقنى كۆتىرىپ ئىشىك ئالدىغا چىققىنىدا، ئۆزىدىن بىر ئىككى ياشلا پەرقلىنىدىغان بىر يىگىت ئىككى ئات قوشۇلغان ھارۋىنى ھەيدەپ «دىر ـ چۇ!» دېگىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

— مانا مەكتەپنىڭ ھارۋىسىمۇ كىردى، — دېدى مائارىپ بۆلۈم كادىرىۋە ھارۋىكەش بالىغا چاخچاق قىلدى، — ھە، ئەخمەتنوچى! يولۋاسكائىنىڭ ھارۋىسىنى سەن ئىگەللەپسەن ـ دە؟...

— نەدىكىنى؟... يولۋاسكامنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قاپتىكەن، ئورنىغا مەن كىردىم، — دېدى تۇمشۇغىنى ئۇشلاپ، — بىزدەكلەرگە مەكتەپنىڭ ھارۋىكەشلىكىنى قىلىش نەدە تۇرۇپتۇ؟...

— ھارۋىكەشلىكتىنمۇ باشقا ئىشلارنى قىلالايسەن، — دېدى كادىر چېقىشىپ، — شۇغىنىسى، ئوقۇشنى تاشلىۋەتتىڭ ـ دە...

— ئىلاجىمىز بولسا ئوقۇشنى تاشلامتۇق؟ — دېدى ئەخمەت زەردە بىلەن يەرگە تۈكۈرۈپ، — بولدى ... ئاكا، بۇگەپنى قىلماي مەن ئېلىپ چىقىدىغان مۇئەللىمنى كۆرسىتىپ قويۇڭ.

— مۇئەللىم مانا مۇشۇكىشى بولىدۇ، — دەپ نىجاتنى

كۆرسەتتى كادىر.

— مۇئەللىم؟! — ئەخمەت ئۆزىنىڭ ھەيران بولغانلىغىنى يوشۇرماستىن بۇ ياشقىنە يىگىتكە قارىدى.

— سالام، — دىدى نىجات،ئەخمەتكە قولىنى سوزۇپ،— تونۇشۇپ قويايلى، ئىسمىم نىجات.

ئەخمەت ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قولىنى بەردى.

— مەكتەپ ياتاق تەييارلاپتىمۇ؟ — مائارىپ بۆلۈمىنىڭ كادىرى ئەخمەتتىن سورىدى.

— تەييارلاپتۇ، — دىدى ئەخمەت،نىجاتنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ھارۋىغا بېسىشقا تۇتۇنۇۋېتىپ.

— قېنى مۇئەللىم، ھارۋۇغا چىقىڭ!

«مۇئەللىم» دىگەن سۆز نىجاتنىڭ يۈرىگىنى دولقۇنلاندۇرۇپ، ئاجايىپ بىر ئىسسىق - ئىللىق سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىگەللىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىگىدە:«مۇئەللىم دىگەن بۇنامنىمە دىگەن يېقىملىق - ھە؟...» دىگەن پىكىر ئۆتتى.

— خەير - خوش!

— ياخشى ئىشلىشىڭىزگە تىلەكداشمەن.

— كەتتۇق، دىر - چۇ!

ھارۋا ئورنىدىن قوزغالدى.

مەكتەپكە بارغىچە نىجات، ئەخمەتتىن ئۇنى - بۇنى سوراپ مەكتەپنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى، ئەخمەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئاز - تولا بىلىۋالدى. ئەخمەت مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسىمۇ، ئىشچىسىمۇ ئەمەسكەن، پەقەت بۇندىن بىر

يىل ئىلگىرى مۇشۇ مەكتەپنىڭ تولۇق 2 - يىللىقىنى پۈتـ
تۈرگەن بولۇپ، دادىسىنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋاقىتـ
سىز قازا تېپىشى، كىچىك - كىچىك تۆت ئۇكىسى بىلەن تۇل
قالغان كېسەلمەن ئانىسىغا قارايدىغان ئىشقا يارىغۇدەك
ئادەمنىڭ يوقلۇقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالـ
ماي بەش جاننى بېقىشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە
ئېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسى مەكتەپكە يېقىنلا
يەردىكى يېزىدا بولۇپ، ئىشتىن بىكار بولسىلا، مەكتەپكە
كىرىپ ئۆزىگە «يۇمغاقسۇتنىڭ ئۇرۇغىدەك تۇققان» كېلىدىـ
غان مەكتەپنىڭ ھارۋىكەشى يولۋاس ئاكىغا ياردەملىشىدىـ
كەن. سۆز ئارىسىدا نىجات ئۇنىڭدىن مائارىپ بۆلۈمىنىڭ
ھېلىقى كادىرى ئۇنى «نوچى» دەپ چاخچاق قىلغانلىقىنىڭ
سەۋەبىنى شۇنداقلا سوراپ قالدى. ئەخمەتنىڭ كۆزلىرى
شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ قىسىلدى:

— ھەي، مۇئەللىم سىز بىلمەيسىز... بىزنىڭ يېزا بازارغا
يېقىن، بازارلىقلارنى سىزمۇ بىلىدىغانسىز؟ ئۇلارنىڭ ئىچىـ
دە ئادەمنى بىكارلا بوزەك قىلىدىغان لۈكچەك خۇلىگەنلەر
كۆپ دەڭا، مەن... مەن. ئۇنداقلارغا ئانچە بوزەك بولۇپ
كەتمەيمەن، شۇڭا مېنى چاخچاق قىلىشىپ «ئەخمەت نوچى»
دەپ قويۇشىدۇ.

نىجات، ئەخمەتنىڭ بىر قانچە يېرىگە ياماق چۈشكەن
پاختىلىق چاپىنىغا، ھاۋانىڭ سوغاقلىقىغا قارىماي كېيىۋالـ
غان كونا يېلىڭ شىمىغا، پارچە - پۇرات كىگىز پارچىسىنى

قوپال ئوراپ كىيىۋالغان سېرىق كونا ئۆرۈتمە
ئايىغىغا ئېچىنغاندەك قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قارىشىنى
سەزگەندەك ئەخمەت قامچىسىنى مەردانىلىق بىلەن تارسىل-
دىتىپ قويۇپ بىر خىل يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئاتنى تېخى-
مۇ تېزلەتتى. قامچىنى چىڭ سىقىمدىغان، سوغاقتا قىزىرىپ
قاتقان، يوغان پەنجىلىك قوللار ئۇنىڭ ھىلىلا ئېيتقان
«لۈكچەكلەرگە بوزەك بولماسلىق» توغرىسىدىكى سۆزلىرىنىڭ
ھەق ئىكەنلىكىگە ئىنجاتنى ئىشەندۈردى.

ئىنجاتنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى باشلاندى. شەرەپ-
لىك خىزمەتنىڭ خۇشاللىقلىرى تېگىدە يەنىلا ئەندىشە، غەم،
ئازاپلىنىشلار يوشۇرۇنغان ئىدى.
ئۇنىڭغا تۆت سىنىپنىڭ خىمىيە دەرسى، ئۈچ سىنىپ-
نىڭ بىئولوگىيە دەرسى بولۇپ ھەپتىسىگە 24 سائەت دەرس
تەقسىم قىلىنغان ئىدى. بۇ دەرسلەر ئۈچ خىل يىللىقنىڭ
دەرسى بولغاچ، ھەر بىرىگە ئايرىم - ئايرىم تەييارلىق
قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئىنجات ئۆزى ئۈستىگە يۈكلەنگەن
بۇ خىل ئېغىر ۋەزىپىگە قىلچە ۋايسىمىدى. ئۇنىڭ كۆپ
ۋاقىتلىرى كىتاپ كۆرۈش، باش كۆتەرمەي دەرس تەييار-
لاش، ئۇ سىنىپتىن چىقىپ، بۇ سىنىپقا كىرىپ دەرس
ئۆتۈش، مەكتەپنىڭ كېچە - كېچىلەپ ئېچىلىدىغان قارار-
لىق سىياسى ئۆگىنىشلىرى، يىغىنلىرىغا قاتنىشىش بىلەن
ئۆتۈشكە باشلىدى. كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ئارقا - ئارقى-

دىن خۇددى ئىبقىن سۇدەك تىزلا ئۆتۈپ كەتمەكتە. ۋاقىت كىشىنى كۆپ ئىشلارغا ئۆزلەشتۈرۈپ كۆندۇرىدۇ. نىجاتمۇ ئۆز خىزمەتلىرىنىڭ قانۇنىيىتىگە چۈشىنىپ، ئىشنىڭ ئىبغىر- لىقىغا، ئالدىراشلىقىغا كۆنۈكۈپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇئۆز- نىڭ تۇنجى قىتىم سىنىپقا دەرسكە كىرگەن سائىتىنى ھەر دائىم دىگۈدەك پەخىرلىنىش، ھاياجانلىنىش ۋە ۋۇجۇدى- نى دولقۇنلاندۇرىدىغان چوڭقۇر بىر ھىسسىيات بىلەن ئەس- لەيتتى. شۇ كۈنى مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى تۇرسۇن ئاكا ئۇنى دەرس ئۆتىدىغان تولۇق 2 - يىللىق 1 - سىنىپقا ئىلىپ كىردى. ئۇلار سىنىپقا كىرگەندە «ھۆرمەت» دىگەن بىر ئاۋاز بىلەن تەڭلا پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار تەڭلا ئورنىدىن تۇردى. نىجات ھولۇقۇش ۋە ھاياجان ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. كىيىن ئۆزىگە قىزىقىش بىلەن تىكىلگەن ئىللىق چىرايلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ، بىپشىنى ئىگىپ دىدى:

— ئولتۇرۇڭلار!

ئوقۇغۇچىلار تەرتىپ بىلەن تىك ئولتۇرۇشۇپ يىڭى مۇئەللىمگە تىكىلىشتى. ياش - غۇبارسىز كۆزلەردە قىزىقىش، ھەۋەس، ھەيرانلىق ئوتلىرى چاقنايتتى. يىڭى مۇئەللىم تولىمۇ ياش ئىدى. ئۇنىڭ قايرىلما قاشلىرى ئاستىدىكى ئوتتەك يىنىپ تۇرىدىغان، يوغان كۆزلىرىدىن بىر خىل مىھرىۋانلىق نۇرى چاقنايتتى، ئەمدىلا ھەت تارتىشقا باشلىغان بۇرۇتلىرى، كىلىشكەن

سۇمباتلىق قەددى ـ قامىتى ئۇنىڭ تېخى 20 ياشقىمۇ تولمىغان يىگىتلىكىنى مانامەن دەپلا كۆرسىتىپ تۇراتتى. «توۋا، شۇنچىلىك ياش بالىمۇ ئىنىستىتوتنى پۈتتۈرۈپ كەپتۇ ـ ھە؟...» دېيىشەتتى ئوقۇغۇچىلار كۆڭۈللىرىدە ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم زوقلىنىپ. شۇنچىلىك ياش بالىنىڭ ئىنىستىتوتنى پۈتتۈرگەنلىكىگە ھەيرانۇ ـ ھەس بولغان بۇ قارا كۆزلەر ئۇنىڭ تېخى «ئوكچى» دىگەن دەھشەتلىك نامىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كېلىشكە ئۈلگۈرگەنلىكىنى ئاڭلاشسا قانچىلىك ھەيران بولۇشاركىن؟

تۇرسۇن ئاكا، نىجاتنى ئوقۇغۇچىلارغا قىسقىلا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى ئىشلەپ كۆرگەن ھەر بىر كىشىگە مەلۇملۇقكى، ئوقۇغۇچىلار ھەرقانداق شارائىتتا يېڭى كىرگەن مۇئەللىمىنىڭ تۇنجى دەرسىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالىدۇ، بۇ خىل قۇلاق سېلىشتا، قىزىقىشمۇ، يېڭىلىقنىكى يېتىرقاشمۇ، شۇ دەرسنى باشتىن باشلاپ چۈشىنىپ مېڭىش نىيىتىمۇ مۇئەللىمنىڭ سەۋىيىسىنى، مېتودىنى كۆرۈپ بېقىشمۇ ھەم تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈشمۇ بولىدۇ.

سىنىپ ئىچى جىملىققا چۆككەن، 45 جۈپ كۆزنىڭ مىختەك تىكىلىشى ئاستىدا نىجات تۇنجى دەرسنى باشلىدى. بۈرۈنقى خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى تولۇق 2 ـ يىللىقلار خىمىيە دەرسلىكىنىڭ 2 ـ كىتاب، 5 ـ باپ «خىمىيىلىك رېئاكسىيىلەرنىڭ تېزلىكى ۋە خىمىيىلىك مۇۋازىنەت. سىنىپنىڭ

ئامۇنىياك»نىڭ 3 - پاراگراپى «خىمىيىلىك مۇۋازىنەتكە تەسىر قىلىدىغان شەرتلەر»گە كەلگەن بولۇپ، ئۇ دوسكىغا ئەنە شۇ تېمىنى يازدى ۋە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئالدىرىماي سۆزلەشكە كىرىشتى.

— بارلىق تەڭپۇڭلۇق پەقەت نىسبى ۋە ۋاقىتلىق بولغانغا ئوخشاش خىمىيىلىك مۇۋازىنەتمۇ پەقەت مۇئەييەن شەرت ئاستىدىلا ساقلىنىدۇ، ...— نىجاتنىڭ پۈتكۈل ئوي - پىكرى، ھېسسىياتى ئۆزى سۆزلەۋاتقان تېمىغا مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭ ئاۋازى دەسلەپ ھاياجاندىن سەل تىترىگەندەك چىققان بولسىمۇ بارا - بارا بۇ تىترەكلەرنىڭ ئورنىنى تەمكىنلىك، كۆڭۈل ئازادىلىك ئىگەللەپ، تەبىئى، جاراڭلىق ئۈن بىلەن ياڭراشقا باشلىدى. خىمىيۋى تەڭلىمىلەر دوسكىغا تېز ۋە چىرايلىق يېزىلماقتا، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئىچىگە تەبىئى ئىشتىياق بىلەن كىرىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ پۈتكۈل ئەس - ھوشى دەرس ئىچىگە — سۆزلىنىۋاتقان تېمىغا باغلىنىپ كىرىپ كەتكەن ئىدى...

ئۇ دەرسنى سۆزلەپ تۈگىتىپ، ئۆزىدە شۇ كەمگىچە كۆرۈلمىگەن بىر خىل خۇشاللىق تۇيغۇسى ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى:

— دەرس چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟

— چۈشەندۇق! ...، — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاۋازى رازىمەنلىك بىلەن ياڭرىدى. قوڭغۇراق چېلىندى...

بىر ئايغا قالمايلا بۇ ياش ئوقۇتقۇچىنىڭ داڭقى

سىنىپتىن سىنىپقا، ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇتقۇچىلارغا ۋە ئاخىرى مەكتەپ باشلىقلىرىنىڭ قولىغىچە يېتىپ باردى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەستىن، ئۇ يەنە بىر مۈشكۈل ۋەزىپىنى ــ مەكتەپ تەجرىبىخانىسىنى رەتلەپ چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

ئەسلىدە يىلىغا يۇقۇرىدىن ئەۋەتىپ بېرىلىۋاتقان ئوقۇتۇش سايمانلىرى ئەستايىدىل، رەتلىك باشقۇرۇلمىغان بولسا، بۇ مەكتەپنىڭ فىزىكا، خىمىيە تەجرىبىخانىسى خېلى مۇكەممەل تەجرىبىخانا بولۇپ قالغان بولاتتى. لېكىن تۇتامغا چىققۇدەك فىزىكا، خىمىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يوقلۇغى، مەكتەپنىڭمۇ ئامالسىز قېلىپ، بۇ ئىشقا دىگەندەك كۆڭۈل بۆلمەسلىگى نەتىجىسىدە تەجرىبىخانا ئىشى ئاساسەن تاشلىنىپ قالغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك سايمانلار، ھەر خىل دورىلار چوڭ بىر ئۆيگە رەتسىز تاشلاپ قويۇلغان ئىدى. ھەر ئوقۇتۇش مەۋسۇمىدە فىزىكا، خىمىيە ئوقۇتقۇچىلىرى بىر - ئىككى قېتىم باھايىتى ئاددى تەجرىبىلەرنىلا ئىشلەپ بېرىپ، شەرتنى ئادا قىلىشاتتى. مۇھىم ۋە مۇرەككەپرەك مەزمۇنلار ئۈستىدىكى تەجرىبىلەر «زېھنىمىز يەتمىدى، چۈشەندۈرۈش خەزىنىچە ئىكەن» دىگەندەك بانىلار بىلەن تاشلىنىپ قېلىۋېرەتتى.

تەجرىبىخانىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن كۈنىدىن باشلاپلا، ئىجاتنىڭ يۈرىگىنى ئاچچىق بىر ئەلەم قاپلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىچى تىت - تىت بولاتتى، تىنچسىزلىناتتى.

«ئىست ـ ئىست، ــ دەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە تويا بىسىپ قالايمىقان دۆۋىلىنىپ ياتقان سايمانلارغا قاراپ، ــ دۆلەت-نىڭ نەچچە ئون مىڭ يۈەنلىك قىممەتلىك سايمانلىرى ئو-قۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەي، مۇشۇنداق قالايمى-قان تاشلىنىپ، بۇزۇلۇپ كەتسە، بۇ نىمە دىگەن چوڭ ئىس-راپچىلىق ھە!؟ مەكتەپ نىمىشكە بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمە-گەندۇ؟ ياق، بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كىرەك، بۇ ئىشقا ئۆ-زەم قول تىقىمەن، ئۆزەم ئىشلەيمەن!» ئاخىرى نىجات بۇ پىكرىنى ئىلمىي مۇدىر تۇرسۇن ئاكىغا ئېيتتى، ئۇنىڭ خەلق مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق، سەممىي، قىزغىن تەكلىۋى ئىل-مىي مۇدىرنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. لېكىن نىجاتنىڭ بىر ئۆزى يالغۇز بۇ ئىشقا يېتىشەلەرمۇ؟

تۇرسۇن ئاكا، بۇ پىكىرلىرىنى ئېھتىيات بىلەن ئەمە-دىلا ئوتتۇرىغا قويۇشىغا نىجات دەرھال ئىنكاس قايتۇردى:

ــ تۇرسۇن ئاكا، ئەگەر ئىشەنمىسەڭلار بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار، مەن ئىككى تەجرىبىخانىنى ئايرىم - ئاي-رىم قىلىپ رەتلەپ چىقاي.

تۇرسۇن ئاكا، شۇنچە تەبىئى قىزغىنلىق بىلەن دۆ-لەتنىڭ مۈلكىگە كۆيۈنۈپ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ چىقىۋاتقان بۇ ياش مۇئەللىمگە زوقلىنىش ۋە ئېچىنىش ھېسسىياتى بى-لەن بىر ھازا قاراپ قالدى. «مۇشۇنداق ياخشى بىگىت قانداقمۇ پىشكەللىككە ئۇچراپ، خاتالىشىپ قالغاندۇ؟...»

ــ بولىدۇ. ــ دىدى ئۇ ئاخىرى نىجاتتىن كۆزىنى

ئېلىپ، — سىز ئىشلەك يېتىشەلمىگەن يەرلىرىڭىزگە بىز
ياردەملىشىمىز.

يازلىق تەتىل يېتىپ كەلدى.

ئوقۇغۇچىلارغا بىر يېرىم ئايلىق دەم ئېلىش قىلىپ
بېرىلدى

ئوقۇتقۇچىلار ئون كۈن دەم ئېلىپ يىغىلىدىغان، ئۇ-
نىڭدىن كېيىن ناھىيە بويىچە ھەممە ئوقۇتقۇچىلار مۇشۇ
مەكتەپكە يىغىلىپ، بىر ئاي يازلىق ئۆگىنىش قىلىدىغان
بولدى. ئون كۈنلۈك دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ
نىجات ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلاپ
كەلسە بولاتتى، بىراق ئۇ، رەتلەۋاتقان تەجرىبىخانىنىڭ
ئىشلىرى تېخى تۈگىمىگەچكە، بۇ يىلچە يۇرتىغا بارماس-
لىق قارارىغا كەلدى.

مەكتەپكە قاراشقا قالدۇرۇلغان ئۈچ - تۆت ئىشچىدىن
باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئائىلە كۆرۈشكە،
تۇغقان يوقلاشقا ياكى دوست - ئاغىنىلىرىنىڭكىدە دەم ئې-
لىپ كېلىشكە كېتىشتى. مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرەززاق ئاكا نا-
ھىيەدە ئېچىلىدىغان مۇدىرلار يىغىنىغا، ئىلمىي مۇدىر تۇرسۇن ئاكا
بولسا ئۆزىنىڭ يۇرتىغا كەتتى. مەكتەپ ئىچى بىردىنلا تىنى-
چىپ، چۆلدەرەپ قالدى. نىجاتمۇ بىر - ئىككى كۈنگىچە
مۇھىم بىر نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىدەك يالغۇزسى-
راپ يۈردى. ئەمما، تەجرىبىخانىدا ئىش دۆۋىلىشىپ تۇرات-

تى، يالغۇزسىراش ئۇزۇن سوزۇلمىدى.

نىجات ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ يەنە ئىشقا كىرىشتى. ئۇ تەجرىبىخانا دۆرىلىرى ۋە تەجرىبە سايمانلىرى كۆرسەتكۈچىسى شىرەگە ئېچىۋېلىپ، ھەر بىر سايمانى، ھەر بىر دورىنى ئۆز رېتى بويىچە ئورۇنلاشتۇراتتى...

— سىز دەم ئالمامدىكەنسىز؟

پۈتۈن ئوي-پىكرى ئىش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەن نىجات، تۇيۇقسىز ئاۋازدىن چۆچۈگەندەك ئىتتىك بۇرۇلۇپ قارىدى، ئىشىكتە ئەخمەت تۇراتتى.

— ھە، ئەخمەت سالامەتمۇسەن؟ — دېدى نىجات كۈلۈمسىرەپ — بىر قانچە كۈندىن بۇيان كۆرۈنمەي كەتتىڭغۇ؟

— ئىش بىلەن بولۇپ كېلەلمەي قالدىم، — دېدى ئەخمەت ۋە يەنە سوئالىنى تەكرارلىدى. — سىز دەم ئالماپسىزغۇ؟

— ماڭا مۇشۇ ئىش كۆڭۈللۈك دەم ئېلىشتەك تۇيۇلىدۇ، — دېدى نىجات قولىدىكى شىشىنىڭ خەتلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، — بۇ يەرنى مۇشۇ پېتى تاشلاپ تاماشىغا كېتىشكە كۆزۈم قىيمىدى.

— ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن ئىشلەۋېتىپسىز - دە، ئەمسە؟

نىجات بېشىنى ئېغىتىپ تەستىقلىدى.

— مەن بۈگۈن بىكار، ئىش كۆرسىتىپ بېرىڭ، ياردەملىشەي، — دېدى ئەخمەت ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ.

— مانا مۇشۇ شىشىلەرنى پاكىز سۈرتۈپ، ئۆز رېتى بويىچە تىزىپ چىقىمىز. لېكىن تولىمۇ ئاۋايلىغىن، بۇ كىچىككىنە شىشىلەرنىڭ ئىچىدە تولىمۇ قىممەتلىك دورىلار بار جۇمۇ!

ئەخمەت، نىجاتنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئىشلەشكە كىرىشتى. بۇ — ئۇنىڭ بۇ يەرگە 1 - قېتىم كىرىشى ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئۇ بىرقانچە قېتىم كىرىپ نىجاتقا ياردەملەشكەن، بۈگۈن ئەتىگەن ھېلىقى ھارۋىكەش تۇتقىنىدىن نىجاتنىڭ ئائىلە كۆرۈشكە كەتمەي تەجرىبىخانىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، «نىجاتنىڭ دەم ئېلىشىغا تەشكىل رۇخسەت قىلماپتۇ - دە...» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان ۋە شۇڭا ئۇدۇل تەجرىبىخانىغا ئىزلەپ كىرگەن ئىدى. ئەخمەت، نىجاتنىڭ «خاتالىقى بار» مۇئەللىم ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەكتەپتىكى كۆپچىلىك ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ماختايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ۋە ئۆزىمۇ بىۋاستە كۆزىتىپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن قەلبىدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالغان ئىدى. شۇڭا تولا چاغلاردا ئۇنى ئىزلەپ تېپىپ ئۇزاققىچە پاراڭلىشاتتى. بېرىپ - بېرىپ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق دوستلۇققا ئايلانغان ئىدى.

17 — 16 ياشلارغا بېرىپ قالغان جىگەرلىكتە قورقۇمسىز بۇ يىگىت ئاخىرى ئۆزىدىن ئىككى - ئۈچ ياش

چوڭ بولغان نىجاتنى ئۆز ئاكىسىدەك ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئەخمەتنىڭ تولا زورلاۋېرىشى بىلەن نىجات بىر قېتىم ئۇنىڭ ئائىلىسىگە مېھمان بولۇپ باردى. ئەخمەتنىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ مۇئەللىم دوستىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بىرقانچە كۈن ئۆزلىرى يېمەي يىغقان يالغۇز مېكىيىنىڭ تۇخۇملىرىدا تۇخۇم پوشكىلى قىلىپ بەردى. ئۆي ئىچىنىڭ نامراتلىقى، تۆت گۆدەكنىڭ جۇلدۇر - جۇلدۇر كىيىملىرى نىجاتنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇردى. ئۇ ئۆزىگە قىزىقىش ۋە ياتسىراش ئىلكىدە قارىشىپ تۇرغان گۆدەكلەرگە قاراپ نېمە دەپ پاراڭ قىلىشىنى بىلمەي جىمجىت ئولتۇراتتى. ئەخمەتنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كونا لېكىن پاكىز يۇيۇلغان ئەپچىل داستىخاننى سالدى، ئۈستىگە پەقەت بىرلا — بازارنىڭ ئاق نېنىنى ئېلىپ، ئاستىغا ئۈچ ژاغرا تىزىلغان پەتنۇسنى ئېلىپ كېلىپ، داستىخانغا قويدى. ئۆيدە پىيالە دىگەن نەرسە بولمىسا كېرەك، نەچچە يېرىگە قاداق چۈشكەن قەدىمقى زامانىنىڭ بىر چىنىسىگە چاي قۇيۇپ كەلدى.

—چايغا باقسىلا، بالام، — دىدى ئانا ئوڭايسىزلانغاندەك ئولتۇرغان نىجاتنى چايغا تەكلىپ قىلىپ.

«بالام» دىگەن ئانا ئاۋازى نىجاتنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندە، ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا جىغىدا قىلغان ئاجايىپ بىر تۇيغۇنى سەزدى «بالام» دەپ ئېيتىلغان بۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ تەسىرى نىمانچە كۈچلۈككىنە! ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسى

ۋېلىپ، چايغا قولىنى سوزدى، لېكىن شۇ زامان ئۇنىڭ كۆزلىرى داستىخانغا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان گۆدەكلەرگە چۈشتى. ئۇنى چايغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ئوچاق بېشىغا قوزغالغان ئانا باللىرىنىڭ بۇنداق تۇرۇشلىرىدىن خىجالەت بولغاندەك، ئىتتىك ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، قۇلاقلىرىغا پىچىرلىدى:

— قوزىلىرىم، مېھمان بار چاغدا تالادا ئوينايدىغان...

باللارنىڭ سەل چوڭراق ئىككىسى ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ سىرتقا ماڭدى. كىچىك ئىككىسى بولسا، كۆزلىرىنى داستىخاندىن ئۈزمىگەن هالدا تۇرۇۋەردى.ئانا ئىلاجسىز ئوچاق بېشىغا — قازىنىغا قاراشقا ماڭدى. نىجات ئاق نانىنىڭ ئىككى پارچىسىنى قولىغا ئېلىپ باللارنى ئالدىغا چاقىردى.

— كېلىڭلار، يېقىنراق كېلىڭلار... مانا، مانا، ھەببەللى، يىگىتلەر ئىكەنغۇ بۇلار، — دېدى ئۇ باللارغا نانىنى تۇتقۇزۇپ.

— هايا قىلىشنى بىلىشمەيدۇ، — دېدى ئانا خىجىللىق بىلەن، — مېھمان بارمۇ - يوق، چاتىغى يوق...

— كىچىك باللار ئەمەسمۇ، — دېدى نىجاتزورىغا كۈلۈمسىرەپ ئانا قازانىنى چۈشۈرۈپ تۇۋاقىنى ئاچتى، ئۆي ئىچى تۇخۇم پوشكىلىنىڭ تاتلىق ھىدىغا تولدى. نىجات باللارنىڭ كۆزلىرىنىڭ قانداق پاقىراپ

كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئەنە شۇنداق بىر ھالەتتە تۇخۇم پوشكىلى ئۇسلىكىلىدىن قانداقمۇ ئۆتسۇن؟! ئۇ ئانىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي باللارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ، پوشكالنى تەقسىم قىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ بۇ ئائىلىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئانچە - مۇنچە قارىشىپ تۇرۇشقا بەل باغلىدى. بەزىدە گۆش، قەن، تۇز، سەي سېتىۋېلىپ ئاپىرىپ بەرسە، بەزىدە ھەتتا رەخت، كىيىم - كېچەك ئەكىلىپ بېرەتتى...

شىشلەرنى تازىلاۋاتقان ئەخمەت بىردىنلا نىجاتتىن سوراپ قالدى.

— نىجات ئاكا، بىر نەرسىنى سورىسام خاپا بولارسىزمۇ؟...

— سورىغانىڭ ئەيىۋى يوق ئۇكا. نارتىنماي سوراۋەرگىن. — دېدى نىجات ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ.

— مەن دەيمەنكى ...، — ئەخمەت دۇدۇقلاپ، ئوڭايسىزلانغاندەك توختاپ قالدى.

— ۋۇي، سەن بۇگۈن نىمە بولدۇڭ؟ قانداقلا گېپىڭ بولسا خىجىل بولماي دەۋەرگىن، — دېدى نىجات كۈلۈپ.

ئەخمەت قولىدىكى شىشىنى سۈرتەلەچ، يەنە بىردەم دەيسۇ - دېمەيسۇ؟ دېگەندەك ئارىسالدى بولۇپ تۇردى. ئاخىرى تەسلىكتە سورىدى:

— مەن دەيمەنكى ... سىز قانداق قىلىپ ھېلىقىدەك قالپاقنى كىيىپ قالغان؟

نىجات ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەندى؛ نىجات بىلەن يېقىنلاشقان كۈندىن باشلاپ، ئەنە شۇ ئىشنى ئاغزىدىن ئاڭلاپ بېقىش نىيىتى ئەخمەتنىڭ كۆڭلىدە بار ئىدى. قانچە ـ قانچە قېتىم سوراشقا ئىنتىلگەن بولسىمۇ، ھەر نۆۋەت يەنىلا نىجاتنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، پېتىنالمىغان ئىدى. مانا بۈگۈن ئاقىۋەت، ئەستە سورىدى. نىجات بۇ ئاق كۆڭۈل يىگىتنىڭ ساپ نىيىتىنى، ھېسسىياتىنى چۈشەنگەچ، ئۆتكەن ئىشلارنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىش قارارىغا كەلدى. خەير، مەيلى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يۈرىكىنىمۇ دائىم ئاتلاپ كېلىۋاتقان بۇ ئىشنى، ئۆزىگە بىر تۇققان قېرىنداشتەك بولۇپ كەتكەن ئەخمەتكە ئېيتماي كىمگە ئېيتسۇن!؟

نىجات ئۆزىگە پالاكەت ئېلىپ كەلگەن قورقۇنچلۇق سەرگۈزەشتىسىنى ئەخمەتكە تولۇق سۆزلەپ بەردى. ئۇ بۇ ۋەقەنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بولۇپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ ناھەقچىلىقلارنى پارتىيىدىن كۆرمەيمەن. چۈنكى پارتىيە مەندەك بىر يېتىمنى بالىسىغا باشپانا بولۇپ، ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشتى. لېكىن بىزنىڭ يولىمىزدا پۇتلىكاشاڭلارمۇ ئاز ئەمەس. ھامۇتتەك روھى زەئىپ كىشىلەر ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئەنە شۇنداق پۇرسەتنى تاپسىلا پۈتۈن ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ. ئەمما، مەن ھامان بىر كۈنى ھەقىقەتنىڭ غالىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن!

ئەخمەت ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىغانچە ھاڭۋېقىپ قالغان-

دەك تۇراتتى. نىجاتنىڭ سۆزلىگەنلىرى ئۇنىڭ ئەقلىگە زادىلا سىغمايۋاتاتتى. كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلىدىغان سوتسىيالىستىك مەملىكەتتىمۇ شۇنداق ناھەق ئىشلار بولىدىكەن - ھە؟ بۇ ئەمدى قانداق بولغىنى؟

ناھىيىدىن، ئوتتۇرا مەكتەپتىن ۋە ئۆزىنىڭ گۆگۈشىبسىدىن باشقا يەرنى كۆرۈپ باقمىغان ياش ئەخمەت بۇ ئىشلارنى قانداقمۇ ئويلاپ يېتەلىسۇن؟! ...

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلاندى. كونا - يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خوشال ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى مەكتەپ ئىچىنى يەنە جانلاندۇردى.

تەجرىبىخانا — ئەمدى رەسمىي تەجرىبىخانا تۈسىنى ئالغان، ھەممە نەرسە دېگۈدەك جاي - جايىغا رەتلىك تىزىلىپ، پاقىراپ تۇراتتى. مەكتەپ باشلىقلىرى، ئوقۇتقۇچىلار كەينى - كەينىدىن كىرىشىپ تەجرىبىخانىنى زوق بىلەن ئېكسكۇرسىيە قىلىشتى.

مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مەكتەپ مەمۇرىيىتى كۆپ تالاش - تارتىشتىن كېيىن فىزىكا - خىمىيە تەجرىبىخانىلىرىنىڭ ئاچقۇچىنى نىجاتقا رەسمىي تۇتقۇزدى. ئۇنىڭ ھەپتىلىك ئۆتىدىغان خىمىيە دەرسى 15 سائەتكە چۈشۈرۈلۈپ بىئولوگىيە دەرسى ئېلىپ تاشلاندى. ئەمما يەنە ئۈچ سائەت فىزىكا دەرسى قوشۇپ بېرىلدى. ئۇنىڭ يۈكىنىڭ مۇنداق ئېغىر بولۇشىغا، مەكتەپ فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىرى كەم

بولۇشتەك ئوبيېكتىپ رىياللىق سەۋەپ بولغان ئىدى. ئۈچ سائەتلىك فىزىكا دەرسىنىڭ تەييارلىقىغا 15 سائەتلىك خىمىيە دەرسىنىڭ تەييارلىقىدەك كۆپ ۋاقىت كېتەتتى. ئۇ ئەمدى كېچە - كېچىلەپ ئولتۇرۇپ فىزىكىدىن ئىبارەت بۇ ئۆتكەلگە ھۇجۇم باشلىۋەتتى ...

شاۋقۇنلۇق، قىزغىن خىزمەت مۇھىتى ۋاقىتنىڭ قانداق تېز ئۆتكەنلىكىنىمۇ سەزدۈرمەيتتى. كۆپ ۋاقتى خىزمەت ئالدىراشلىقى بىلەن ئۆتىدىغان نىجات، كۆڭلىدىكى غەم - غۇسسىلىرىنى ئۇنتۇغاندەك بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ يالغۇز كىشىلىك ياتىقى كەچقۇرۇنلىرىمۇ خوشال ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن توشاتتى. مۇئەللىمنىڭ دەرسكە تولىمۇ قىزىقىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار كەينى - كەينىدىن ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ، قىيىن تېمىلار ئۈستىدە ئۇنىڭدىن قايتا - قايتا سورايتتى ۋە ياكى ئۆزلىرى يېشەلمىگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى، بۇنداق ھاللاردا نىجاتمۇ دەم ئېلىشنى، تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە يەنە دەرسلىك ئىچىگە چۆكەتتى. بەزىدە ئوقۇغۇچىلار ئاتومنىڭ تېخىمۇ كىچىك زەررىچىلەرگە بۆلۈنۈشى — نېيترون، پىروتون، ئېلېكترون... لار ھەققىدە قىزغىن مۇنازىرە قىلىشاتتى، بۇنداق مۇنازىرىلەرنى ئاڭلىغاندا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئېسىگە ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى چۈشۈپ، خىيال قۇشلىرى تولىمۇ تېزلىك بىلەن ئىنستىتۇتقا پەرۋاز قىلاتتى. «تېخى

تۇنۇگۇنلا بىزمۇ مۇشۇلاردەك كۆڭۈللۈك مۇنازىرىلەرنى قىلىشاتتۇق- ھە؟» دىگەن پىكىرلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كېچىپ، ساۋاقداشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئەنە شۇ تاتلىق شىرىن ئەسلەشلەرگە ئۆزىگە قۇتۇلغۇسىز كۆڭۈلسىزلىكنىڭ كېلىشىگە سەۋەپچى بولغان بەختسىز ساۋاقدىشى رەيھانمۇ كېلىپ ئارىلاشقاندا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترىگەندەك بولۇپ، ئېغىر قايغۇ بىلەن تىناتتى. «ئۇنىڭ قەيەردىلىگىنى بىلسەم بولاتتى...» دەپ ئويلايتتى ئۇ، ئەمما بۇنى بىلىشنىڭ يولى- نى ھېچ ئويلاپ يېتەلمەيتتى. يېقىن ساۋاقداش - دوستلىرى سېلىم، شۆكۈرلەرنىڭ قەيەردە خىزمەت قىلىۋاتقانلىغىنى بىلەلمەيۋاتقان شارائىتتا، رەيھاننىڭ قەيەردىلىگىنى بىلىش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئىدى. ئاخىرى ئۇ ئويلاپ شۇ پىكىرگە كەلدىكى، ئالدى بىلەن سېلىم، شۆكۈرلەرنى تېپىش كېرەك. ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىۋالالىسا، بەلكى رەيھاننى تېپىش نىيىتى مۇش-ۇلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىپ قالار.

1960 -، 1961 - يىللاردىكى ئېغىر تەبىئى ئاپەت «A» ناھىيىگىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى. كەڭ يېزىلار تېزلىك بىلەن قاتتىقچىلىق كۈنلەرگە دۇچكەلدى.

ئەخمەتنىڭ ئائىلىسىگە ئوخشاش «تۇل خوتۇن - يېتىم ئوغۇللار» بولسا بۇقاتتىقچىلىقنىڭ ئېغىرزەربىسىگە ئەڭ دەسلەپتىلا ئۇچرىدى. نىجات ھەر ئايلىق مائاشىدىن بىر قانچە يۈەن پۇلنى تېجەپ، ئەخمەتنىڭ ئائىلىسىگە ئۇزۇل-

دۇرمەي بىرىشكە باشلىدى. ئۇ ئەمدى ئەخمەتنىڭ ئائىلى-
سىنى بىر ئامال قىلىپ بۇ قاتتىقچىلىق ئاپەتتىن سالامەت
قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى ئۆزىگە ئەھدە قىلغان ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندىلا ئەخمەت، نىجاتنىڭ ياتىقىغا
ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھاياجانلىنىشقىمۇ،
غەم - ئەندىشىگىمۇ ئوخشىمايدىغان چۈشىنىكسىز بىر ھالەت
چىقىپ تۇراتتى. نىجات سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا
تىكىلدى.

— بىر ئىش بولدىمۇ؟

ئەخمەت نىمىشكىدۇ خىجىل بولۇۋاتقان كىشىدەك
يەرگە قاراپ «ياق» ئىشارىسىگە بېشىنى ئىغىتتى. نىجات
يەنىمۇ گۇمانلىنىپ سورىدى:

— ئۇنداقتا... باشقىچە كۆرۈنىسەنغۇ؟

— مەن ئەسكەرلىككە يېزىلدىم، — دىدى ئەخمەت
بىردىنلا بېشىنى كۆتىرىپ.

— پاھ، ئىش مۇنداق دىگىن، يارايسەن، يارايسەن! —
دىدى نىجات خوشال بولۇپ ۋە توساتتىن بىر ئىش
ئېسىگە چۈشكەندەك گۇمانسىراپ سورىدى، — ئاناڭچۇ؟ ...
قوشۇلدىمۇ؟...

— ئانامىمۇ... قوشۇلدى، — دىدى ئەخمەت ئىغىر
تىنىپ، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئىشەنچسىزلىك بار ئىدى.

نىجات يەنىلا ئويلىنىپ قالدى. ئەتىگەننى چۈشكە،
چۈشنى كەچكە ئاران - ئاران ئۇلاپ كېتىۋاتقان ئەخمەتنىڭ

ئائىلىسىنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالى تولىمۇ قىيىن ئىدى. ئائىلىدىكى بىردىن بىر ئەمگەك كۈچى بولغان ئەخمەت ئەسكەرلىككە كېتىپ قالسا ئۇنىڭ ئاجىز كېسەلمەن ئانىسى بالىلارنى قانداق باقىدۇ؟ ئۇلارغا دەرمەھەل ياردەم بېرەلەيدىغان ھاللىقراق يېقىن تۇققانلىرىمۇ يوق تۇرسا، بىچارە ئانا تۆت بالا بىلەن قانداقمۇ قىلار؟ نىجاتنىڭ بېشى قېتىپ ئۇزاق ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ئەخمەت بىلەن شۇنچىلىك ئىچىكىپ كېتىشكەن ئىدىكى، ئىككىلىسى بىر بىرىدىن ئايرىلىشنى زادىلا خالىمايتتى. لېكىن نىجات، ئەخمەتنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە ۋە شۇ كۆزلەردىكى ئۈمىت ۋە ئىنتىزارلىق بىلەن چاقناپ تۇرغان نۇرلارغا قاراپ، ئۇنىڭ رايىنى، كۆڭلىنى قايتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سەزدى. نىجات بىردىنلا قەتئى بىرقارارغا كەلگەن كىشىدەك ئىشەنچ بىلەن بېشىنى ئېغىتىپ، ئەخمەتنىڭ دولىسىغا قولىنى قويدى.

— بولدى، نىيىتىڭدىن يانما! سېنىڭ ئائىلەڭ — مېنىڭ ئائىلەم، سېنىڭ ئاناڭ — مېنىڭ ئانام، ئۇكىلىرىڭ مېنىڭ ئۇكىلىرىم بولىدۇ. مەن چوقۇم سېنىڭ يوقلۇغۇڭنى بىلدۈرمەي ئۆيۈڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن!

ئەخمەت كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئۇ نىجاتنىڭ ئۆز لەۋزىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئەخمەتتىن خەت كېلىپ تۆت كۈندىن كېيىن نىجات مائاشىنى ئېلىپ ھەجەرخان ئانىنىڭ ئۆيىگە باردى. ھەجەرخان

ئانا نان يېقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ، نىجاتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىسسىق چىرايى بىلەن قارشى ئالدى.

— كەلسىلە بالام، كەلسىلە! ...، — دېدى ئۇ رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ئەتراپلىرىنى سۈرتۈپ.

— نان يېقىشقا قوپۇپلا - دە، — دېدى نىجات ۋە ئۇنىڭ توپا - چاڭ قونغان يۈز - كۆزلىرىدىگە قاراپ قويۇپ سورىدى، — باللار بىر يەرگە كەتكەنمۇ نىمە؟

— ھېلىلا مۇشۇ ئەتراپتا ئويناپ يۈرۈشەتتى، تالاغا چىقىپ كەتتىمىكىن، — دېدى ئانا ھويلىنىڭ ئىشىكىدىن سىرتقا كۆز تاشلاپ ۋە نىجاتنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، — قېنى بالام، ئۆيگە كىرەيلى ...

— رەھمەت، مېنىڭ دەرسكە كىرىشىمگە يېرىم سائەتلا ۋاقت قالدى، — دېدى ئۇ ئۆزرەخالىق ئېيتىپ، — مەن شۇنداقلا ئالدىراپ كىرگەنتىم...

نىجات يانچۇغىدىن ھېلىلا ئالغان ئايلىق مائاشىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن 20 يۈەنىنىلا ئۆزىگە ئايرىۋېلىپ، قالغىنىنى ھەجەرخان ئانىغا ئۇزاتتى:

— بۇنى سىلىگە ئەكىرگەنتىم...

ھەجەرخان ئانا، نىجاتنىڭ مائاشىنىڭ ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىنى ئەخمەتتىن ئاڭلىغان، ئۇنىڭ ئۆزىگە 20 يۈەنىنىلا ئايرىپ قېلىپ، قالغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى سىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— ماڭا بۇ پۇل يېتىدۇ، — دېدى نىجات ھازىرلا ئۆزىگە ئايرىۋالغان پۇلنى سىلىپ قويغان يانچۇقىغا ئۇرۇپ قويۇپ، — بۇنى سىلە ئىشلەتسىلە! — نىجات قولىدىكى پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئانا بىر ھازاغىچە قولىدىكى پۇلغا قاراپ تۇردى.

نىجات ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، توپا-چاڭ قونغان ئورۇق مەڭزىلىرىنىڭ لىپىلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، بېشىنى كۆتىرىپ، نىجاتقا ئاستا قارىدى. ئۇنىڭ مۇلايىم كۆزلىرىدە چوڭقۇر تەشەككۈرگە يەنە خىجىل بولۇشقا ئۇخشىغان بىر خىل ئىپادە ئەكس ئېتەتتى.

— رەھمەت ... بالام! سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى، بىز... — ئۇ گېپىنىڭ داۋامىنى ئېيتالمىدى. كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغان ئىدى. نىجات ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، باشقىچە بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. كۆز ئالدىدا غىل-پاللا قىلىپ، ناھايىتى سۇس - گۇڭگا ھالەتتە بىر چىراي پەيدا بولدى. نىجات بۇ چىرايىنى ئېنىقراق كۆرمەكچى بولغاندەك پۈتۈن دىققىتىنى كۆچەپ يىغىپ، ھېلىقى چىرايغا خىيالەن كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى، چىراي سەللا يورۇقلىشىپ بەكمۇ سۆيۈملۈك، مېھرىۋان كۆزلىرى بىلەن نىجاتقا سىرلا خۇددى تەلمۈرگەندەك قاراپ قويۇپ يەنە كۆزدىن يوقتى. «ئانام! ...» — بۇ سادا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، پۈتۈن

ۋۇجۇدىدىكى سەزگۈ تارىلىرىنى چېكىنۋەتتى. بۇ تارىلارنىڭ نازۇك تەۋرىنىشلىرى بىرلىشىپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىدە كۈچلۈك بىر تۈيغۇ كەلكۈنى پەيدا قىلدى. ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ئېقىمى بىلەن كۆز چاناقلىرىغا يامراشقا باشلىدى. ئەمما... ئۇنىڭ يىگىت-لىك غۇرۇرى، ئىرادىسى شۇھامان بۇ كەلكۈنگە توساق تاشلاپ ئەس - ھۇشىنى جايىغا كەلتۈرۈشكە ئىمكان بەر-دى... نىجاتنىڭ ئالدىدا باشقا بىر ئانا — ئۆز ئانىسى ئەمەس، بەلكى ئەخمەتنىڭ ئانىسى تۇراتتى. بۇ ئانىمۇ ئۇ-نى «بالام!» دەپ مۇراجەت قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سەمىمى ياخشىلىقىغا نىمە دەپ تەشەككۈر بىلدۈرۈشنى بىلەلمەي قىي-نىلىپ پەقەت ئۆزىنىڭ ئانىلىق قاراشلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ تۇراتتى. نىمە دىگەن ئوخشايدۇ - ھە! ... ئۇ ئالدىدىكى بۇ ئاجىز بالىجانلىق، مېھرىۋان ئايالغا ئۆز قەلبىدە ئۇرغۇۋات-قان، پەقەت ھەقىقى پەرزەنتلەردىلا بولۇشقا تېگىشلىك چوڭ-قۇر بىر مېھرى - مۇھەببەتنى سەزدى...

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ نىجات پۇرسەت تاپسىلا ھەجەرخان ئانىنى يوقلاپ تۇردى. ئانىنىڭ قۇربى يەت-مەيدىغان نۇرغۇن ئېغىر، قاتتىق - قۇرۇق ئىشلارنى نىجات قىلىپ بېرەتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار بىر بى-رىنى ھەقىقى ئانا - بالىدەك كۆرىدىغان بولۇشتى.

دۇنيادا ھاياتى ھەر دائىم بىر خىل تەكشى، تىنچ - خاتىرجەم ئۆتىدىغان ئادەم يوق. خوشاللىق - خاپىلىق،

هېسداشلىق ـ كۆرەلمەسلىك، غالىبىيەت ـ مەغلۇبىيەت، ياخشىلىق ـ يامانلىق، مۇھەببەت ـ نەپرەت ... دېگەنلەر هامان قوشكېزەكتۇر!

نىجاتنىڭ «تارىخىدا قورقۇنچلۇق جىنايى دېغى بار» كىشىلەرگە بولسا خوشاللىقتىن كۆرە خاپىلىقنىڭ كۆپرەك ئامراقلىقى ھەممە كىشىگە ئايان...

نىجاتنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى 2 ـ باھارغا قەدەم قويغان ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئادەتتىكىچە دەرستىن چۈشۈپ ئەمدىلا ياتىقىغا مېڭىشىغا بىر ئوقۇغۇچى ئۇنى چاقىردى:

— مۇئەللىم، سىزنى مۇدىر ئىشخانىسىغا چاقىرىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ يۈرىكى نىمىشكىدۇ بىر قىسىملا بولۇپ «بىر ئىش يۈز بەردىمۇ؟ ...» دېگەن سوئال كۆڭلىدىن كەچتى، چۈنكى مەكتەپ مۇدىرى ئادەتتە ئۇنى ئىشخانىغا چاقىرتمايتتى. گېپى بولسا ئۆزى ئىزلەپ كىرىپ ئېيتاتتى. راست، نىجات مەكتەپكە كېلىپ بىر يىل توشقاندا، ئىشخانىسىغا بىر قېتىم چاقىرتقان ۋە شۇ قېتىم ئۇنىڭغا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ بىر پارچە ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىنى يەتكۈزگەن، ئۇقتۇرۇشتا: «قالپىقى بار ئۇنسۇرلار ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا بىر قېتىم باھالىنىدۇ...» دېيىلگەن.نىمىشكىدۇ، نىجاتمۇ ئەنە شۇ قالپىقى بارلار قاتارىدا تىزىملىنىپ باھالىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ راستىن

قالپىغى بارمۇ - يوق؟ بۇ ئىشنى مەكتەپ مۇدىرىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىدىن ئىسىملىگى چاقىرىلغانلىغىدىن قارىغاندا قالپىغى باردەك ئىدى. ئاشۇ قېتىم بۇ خىل تۇيۇقسىز ئۇقتۇرۇشقا نىجاتمۇ چەكسىز ھەي- ران قالغان. ئىنىستىتوتتا ئۇنىڭغا قالپاق كىيگۈزۈلمىگەن ئىدىغۇ؟ ياكى بۇ «قالپاق»نى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەۋەتتىمى- كىن؟ بۇ سوئاللارغا ئۇنىڭ ئۆزى جاۋاپ تاپالمايتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇنى باشقىلاردىن سوراپ ئېنىقلاپ كۆرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

نىجات ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان بۇنداق قورقۇنچلۇق تەشۋىشلەر ئالدىدا پەقەت: «بۇ ئىشلارمۇ ئېنىقلىنىپ قالار، بولمىسا باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن...» دەيتتى خالاس. ئۇ غەم - غۇسسىنى ئىچىگە يۇتۇپ چاندۇرماي بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشلەۋەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ سادىق - سۆيۈملۈك دوستى — كىتاپلار بىلەن مۇڭدىشىشقا چۈشكەندە سىنىپقا كى- رىپ ئۆزىگە تەشنالىق بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ياش - ئەۋلاتلارغا زوق - شوخ بىلەن دەرس سۆزلەشكە باشلىغاندا بولسا، ئۇ تەشۋىشلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيتتى. مانا شۇ تاپتا، مۇدىرنىڭ تۇيۇقسىز ئىشخانىسىغا چاقىرتىشى بىلەن يەنە شۇ چۈشىنىكسىز تەشۋىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلغىلى تۇردى.

«بەلكىم مۇدىر ئۇنى باشقا ئىش بىلەن — مەسىلەن خىزمەت توغرىلىق چاقىرتقاندۇ» ... ئەنە شۇ پىكىر بىلەن

ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، مۇدىر ئىشخانىسى ئىشىگىگە يېتىپ كەلدى. ئىشخانىدا مۇدىردىن باشقا يەنە ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىنىڭ ئىككى خادىمى ئولتۇراتتى. ئۇلار ئىلتىپاتسىزلا كىرگۈچىگە قاراپ قويىدى، كېيىن بىرسى:

— ئولتۇرا! — دىدى تەرىنى تۇرۇپ، نىجات ئىشىك يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

— بۇ يولداشلار سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئۇقۇشقىلى چىقىپتۇ، — دىدى مۇدىر، نىجاتقا قارىماي شىرە ئۈستىدىكى قەغەزلەرنى ماللىتلاپ تۇرۇپ، — سورىغان سوئاللىرىغا ئەينەن جاۋاپ بېرەرسىز.

نىجات خادىملارغا قارىدى.

— ئائىلە كېلىپ چىقىشىڭ نىمە؟ — سورىدى ئۇلارنىڭ بىرسى.

— كەمبەغەل دىخان.

— ئائىلەڭدە قانچە جان بار؟

— ......

— سەندىن گەپ سوراۋاتىمەن؟ — ئاۋازىنى كۆتىرىپ، سۈرلۈك ھالەتتە سورىدى ھىلىقى خادىم.

— ئۆزەملا ... بىر جان.

— ئۇرۇق - تۇققانلىرىڭ ئىچىدە تۆت خىل ئۇنسۇرلار بارمۇ؟

بۇ سوئال روشەنكى ئورۇنسىز ئىدى. لېكىن نىجات جاۋاپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

— يوق.

— ئىجتىمائى مۇناسىۋىتىڭ شۇنداق ياخشى تۇرۇپ، پارتىيىگە قارشى چىقىشقا ۋىجدانىڭ قانداق چىدىغاندۇ؟— دەۋەتتى ياشىراق خادىم ھېسسىياتىنى باسالماستىن نەپرەت بىلەن نىجاتقا تىكىلىپ قاراپ.

— پارتىيىگە قارشى چىقىشقا؟...، — ئىختىيارسىز ئەندىكىپ تەكرارلىدى نىجات، — پارتىيىگە قارشى چىققىنىم يوق...

— «قارشى چىققىنىم يوق» ئىمىش، — دېدى ھېلىقى خادىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — قارشى ئەمەس بولساڭ قارا قاغىدەك سايرىغان كىم؟

نىجات ئۇنىڭ بۇ سوئاللىرىغا قايسى تەرىقىدە جاۋاپ بېرىشىنى بىلەلمەي، چوڭقۇر ئازاپلىنىش ئىچىدە ئېغىر ئۇھ تارتىپ، كۆزلىرىنى ھەسرەت بىلەن دەرىزىگە تىكتى.

......

شۇ قېتىمقى جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ نىجاتنى چاقىرتىپ سۆزلىشىشى، ئۇنىڭغا يەنە بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈردى:

ئۇلار نىجات بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرىدا مۇندىن كېيىن باشقا جايلاردىكى تونۇش - بىلىش، يارۇ - بۇرادەرۋە ھەتتا تۇققانلىرى بىلەن خەت - ئالاقە قىلماقچى بولسا، ئالدى بىلەن خەتنى مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىغا كۆرسىتىشىنى، ئۇلار قوشۇلغاندىن كېيىن جاما-

ئەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسى سىياسى بۆلۈمدە ئاپىرىپ كۆرسىتىپ، ئاندىن ئەۋەتىشنى ئېيتتى ... ئاشۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نىجات ساۋاقداشلىرىغا خەتيېزىش، رەيھانىنىڭ ئادرېسىنى سوراشتۇرۇش ئويىدىن ۋاز كەچتى. «بولدى! ئۇلارغا يەنە بالايى - ئاپەت تېپىپ بېرىدىغان ئوخشايمەن...» — دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە. بۇنىڭدىن باشقا ئادەتتە ئۇنىڭغا يېقىنراق مۇناسىۋەت قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئىمكان بار ئۇنىڭدىن نېرىراق قاچىدىغان، بۇرۇندىن سالقىن مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن يەنە بەزى ئوقۇتقۇچىلار بولسا ئۇنى كۆرسە تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى. ھەتتا بىر سىنىپنىڭ مۇدىرى، مەكتەپ تەشكىلىگە كىرىپ ئۆز سىنىپىغا نىجاتنى كىرگۈزمەسلىكنىمۇ تەلەپ قىلدى. بۇنداق ئىشلار نىجاتنىڭ روھىي كەيپىياتىغا قاتتىق تەسىر قىلماي قالمىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە تۈزۈك رەكمۇ تاماق يېمەي، ئىچ - ئىچىدىن ئازاپلىنىپ روھسىز يۈردى. بىر كۈنى ئۇنى ئابدۇرەززاق ئاكا ئىزلەپ كىردى. ئۇلار بىر ھازاغىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇشتى.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، — دېدى مۇدىر ئېغىز ئېچىپ، — ھېچگەپ يوق نىجات، ئەھۋال دائىم بۇنداق بولۇۋەرمەس...

نىجات ئېغىر ئۇھ تارتتى، لېكىن ئۈندىمىدى.

مۇدىر ئۇنىڭ چىرايىنىڭ خېلىلا تاتىرىپ قالغانلىقىغا، كەيپىياتىنىڭ باشقىچە چۈشكۈن كۆرۈنۈۋاتقانلىقىغا

دىققەت قىلدى.

— پارتىيىمىز ئاقىۋەت بۇنداق ... ھەر خىل ناھەق-چىلىقلارنى تۈزىتىدۇ، — دېدى مۇدىر سۆزىنى داۋام قى-لىپ، — بۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىش كېرەك!...

— مەن، مەن ... ھەي! ...، — نىجات ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلەپ سۆزلىيەلمەي قالدى.

مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە بىر قولىنى ئاستا ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ دېدى:

— غەيرەتلىك، چىداملىق بولۇڭ ئۇكام!...

نىجاتنىڭ بىلىمىنى، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى ... مەك-تەپتىكى زور كۆپچىلىك ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇنداق ئالاھى-دىلىكلىرىگە باشقىچە قارايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

فىزىكا گۇرۇپپىسىدىكى ئىككى ئوقۇتقۇچى، نىجات ھەققىدىكى ماختاشلارغا دەسلەپ ئۆز ئارا، كېيىنچە باشقى-لارنىڭ ئالدىدىمۇ ئوچۇق قارشى چىقتى.

— خىمىيە دەرسىدە ماختىسا، بىزمۇ بىر نەرسە دېيەل-مەيمىز، لېكىن فىزىكا دەرسىدە ماختاش ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمامدۇ؟ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن دەرس ئۆ-تۈۋاتقان كىشىنىڭ ھالى بىزگە چۈشىنىشلىكقۇ؟

— ھەر ھالدا ئۇنى ماختىغانلار— باشقا تەرەپلىرىنىمۇ بايقاۋراق بىر نىمە دېسە بولارمىكىن...

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلار ئاستاغىنە ناربىلىپ

كىتىشەتتى، دىمىسىمۇ بۇ كۈنلەردە «ئۇچقۇچى» دەپ قارىلىۋات-
قان بىر كىشى تەرەپتە ئۇرۇپ بۇ ئىككى گەپدان ئوقۇتقۇ-
چىغا بىر نىمە دىيىش ئەلۋەتتە ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەي-
دۇ - دە ...

بىرىپ - بىرىپ، ئۇ خىل سۆزلەرنى نىجاتمۇ ئۆزقۇلى-
غى بىلەن ئاڭلىدى. لېكىن ئۇ بۇنداق سۆزلەرگە خاپا بولۇپ
كەتمىدى. پەقەت تېخىمۇ زور غەيرەت بىلەن فىزىكا دەرسىنى
ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى.

ئايلار، يىللار ئارقا - ئارقىدىن تىزىلىپ ئۆتمەكتە...

نىجات ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنىڭ 5 - باھارىنى
كۈتۈۋالماقتا ئىدى. بىر شەنبە كۈنى، ئادىتى بويىچە ئەخ-
مەتنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاش ئۈچۈن سىرتقا ماڭغان نىجات
مەكتەپنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغا چىقىشىغا پوچتالىيون بىلەن
ئۇچرىشىپ قالدى. تونۇش بولۇپ كەتكەن پوچتالىيون ئۇ-
نىڭغا قېلىن بىر كونۋېرتنى ئۇزاتتى:

— سىزگە ئىنىڭىزدىن خەت بار.

خەت نىجاتنىڭ ئادرىسىغا تونۇش ئەمەس پۇچۇركىدا
يېزىلغان، لېكىن كونۋېرتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى نومۇر —
ئەخمەتنىڭ خەت ساندۇغىنىڭ نومۇرى ئىدى. ئۇ ھەيران
بولۇپ كونۋېرتنى ئاچتى، كونۋېرت ئىچىدىكى خەت قات-
لىنىپ، ئۈستى بىرىم بەت قەغەز بىلەن ئورالغان ئىدى.
نىجات ئوراقلىق قەغەزنى ئاچتى، ئۇنىڭدىكى تونۇش ئەمەس
پۇچۇركىدا مۇنداق گەپلەر يېزىلغان ئىدى.

«ھۆرمەتلىك نىجات مۇئەللىم!

ليەنجاڭ ئەخمەت مەنسۇر جىددى ۋەزىپە بىلەن سىرتقا تۇيۇقسىز ھېگدىپ قىلىپ، بۇ خەتنى پوچتىغا سېلىۋېتىشنى ماڭا ھاۋالە قىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى، جىددى خىزمەت بىلەن بولۇپ، بىر ھەپتە كېچىكتۈرۈپ سالدىم، رەنجىمەسلىكىڭىزنى سورايمەن. ليەنجاڭنىڭ تاپشۇرۇغىغا ئاساسەن ئانىسىغا — سىزنىڭ ئادرىسىڭىزغا قارىتىپ 100 يۈەن ئەۋەتتىم. خەۋەر تېپىپ قالارسىز.

ھۆرمەت بىلەن جەڭچى ئادىل»

نىجات ھەيرانلىق ۋە سۆيۈنۈش ئىچىدە پىچىرلىدى: «دېمەك، بىزنىڭ ئەخمەت ئەمدى ليەنجاڭ بوپتۇ - دە!.. ئانىسىغا بۈگۈنمۇ ياخشى خەۋەر بىلەن چىقىدىغان بولدۇم... ياخشى، يارايسەن ئەزىمەت!...»

1962 - يىلى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئەخمەت شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ۋە مۇئاۋىن پەيجاڭ بولغان ئىدى. ئازلا ۋاقىت ئۆتۈپ پەيجاڭ ۋە مۇئاۋىن ليەنجاڭ بولغان. نىجات ئالدىنقى يىلى ئۇنىڭ قىسىم بويىچە خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلانغانلىقىنى ئاڭلىغان، مانا ئەمدى ئۇ ليەنجاڭ بوپتۇ!...

نىجاتنىڭ قەلبى چەكسىز سۆيۈنۈش پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن دولقۇنلانماقتا ئىدى.

بۈگۈن بەكمۇ كەچ ئىشتىن چۈشكەن لابورانت قىز-
پاتىگۈل سىنىپ بىناسى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بوپ-
يورۇق ئېلېكتىر نۇرى چاقناپ تۇرغان سىنىپ دەرىزىسى
ئالدىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ئوقۇغۇچى-
لارغا ئۆتۈلگەن دەرسنى ناھايىتى سىستېمىلىق
قىلىپ سۆزلەپ بېرىۋاتقان تونۇش ئاۋاز ئۇنى ئۆزىگە
جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. قىز دەرىزىدىن سەل نېرىراق چې-
كىنىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كۆتىرىلىپ، سىنىپ ئى-
چىگە قارىدى. سىنىپتا لىق توشۇپ ئولتۇرغان ئوغۇل-قىز
ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ نىجات مۇئەل-
لىمنىڭ لېكسىيىسىنى ئاڭلاۋاتاتتى، ئارقا تەرەپتىكى پارتى-
دا يەنە يەتتە-سەككىز چوڭ ياشتىكى كىشىلەر ئۇنىڭ
سۆزلىگەنلىرىدىن خاتىرە يېزىۋاتاتتى. پاتىگۈل تېخىمۇ دىققەت
بىلەن سەپسالدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى مۇشۇ مەكتەپنىڭ
خىمىيە ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. قالغانلىرىنى ئۇ پەرق ئېتەل-
مىدى. ئۇ بىردە ئۆزىنى ئۇنتۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن سۆز-
لەۋاتقان نىجاتقا، بىردە ئوقۇغۇچىلارغا، بىردە ئارقا تەرەپتە
ئولتۇرغان كىشىلەرگە قارايتتى. شۇ چاغدا ئارقا تەرەپتە
دەرىزىگە يېقىنراق يەردە ئولتۇرغان كىشى يېزىۋاتقان خەت-
تىن بېشىنى كۆتىرىپ نىجاتقا قارىدى. پاتىگۈل ئۇ كىشىنى
شۇندىلا تونۇدى ۋە «ھە، بۇ 3-گوڭشې ئوتتۇرا مەك-
تىۋىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئەمەسمۇ؟ ... دېمەك، گوڭشې ئوتتۇرا
مەكتەپلىرىدىن كەلگەنلەرمۇ بار ئىكەن-دە...» دېگەننى كۆڭ-

لىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ. پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چارچاپ كەتكەن قىز سىنىپ ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەرىزە ئالدىغا كەلگىنىدە، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن سۆزلەۋاتقان نىجاتنى كۆرۈپ، بىر هازا تۇرۇپ قالدى. «هارمامدىكىنە؟ — دەپ ئويلايتتى قىز ئۇنىڭ ھەققىدە، — كۈندۈزلىرى دەرس ئۆتۈپ، تەجرىبە ئىشلەپ، يەنە شۇنچە كەچتىمۇ تىنماي سۆزلىسە... جىنى تۆمۈردىن بولسىمۇ چىدىمايدۇ...» قىز ئۆزىگىمۇ چۈشىنىكسىز بولغان بىر تۇيغۇ ئىچىدە بىر - ئىككى قېتىم قاتتىق ئۇھ تارتىۋەتكىنىنىمۇ سەزمىدى. ئۇ نىجاتنىڭ تۆت - بەش يىلدىن بۇيانقى هالال خىزمىتىنى تولۇق كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ هامان كەسپ ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغانلىقىنى، ئوقۇغۇچىلارغا هاردىم - چارچىدىم دىمەي بىلىم ئۆگىتىدىغانلىقىنى، يەن ئۇستىدىكى هەرقانداق كۆپ ھەتتا تولىمۇ ئاددى كىچىك سوئاللارغىمۇ ئەستايىدىل جاۋاپ بېرىدىغانلىقىنى، بەزىدە، ئۆزى جاۋاپ بېرىشكە ئاجىز مەسلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن: «توختاڭلار، مەن بۇ مەسىلىنى ئېنىق بىلمەيدىكەنمەن، كىتاپ كۆرۈپ باقاي...» دەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ بىرەر ئوقۇغۇچىغا قاتتىق، قوپال مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى.

پاتىگۈل يەنە بىر هازاغىچە دەرىزە يېنىدىن كەتمەي، نىجاتقا قاراپ تۇردى. كەچنىڭ مەيىن، ئارامبەخش سالقىنى ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى سۆيۈپ، چاچلىرىنى يەڭگىل يەلپۈيت-

تى ئۇ بۇردگىنىڭچوڭقۇر بىر يېرىدىن قوزغىلىپ چىقىۋاتـ
قان چۈشىنىكسىز بىر تۇيغۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئاستا تاـ
راپ ئۆزىنى ئەسىر قىلىۋېلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ تۇيغۇنىڭ
ھاياسىدا كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل خوشاللىق تېنىكلىك
ھەم كۆڭۈل ئازادىلىكىنى ئۆزىگە تەقدىم قىلىۋاتقانلىقىنى
سېزەتتى. ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى پۈتكۈل خوشاللىق تۇيغۇلىرىـ
نىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆزلىرىنى تولدۇرۇپ، نىجاتقا يەنە
بىر قېتىم تىكىلدى. نىجات بولسا، قوللىرىنى ھەركەتلەنـ
دۈرۈپ قىزغىن ۋە تېتىك ھالدا سۆزلىمەكتە ئىدى. بىردىن
پاتىگۈل چۆچۈگەندەك ئەترابقا قارىدى. ئەتراپ تىنچ، ئارـ
قا تەرەپتىكى باغ، كەچنىڭ قاراڭغۇسىدا تېخىمۇ قارىيىپ
كۆرۈنەتتى: «مېنى قارا، ئەگەر بىرا، كۆرۈپ قالسا نىمە دەپ
ئويلىشى مۇمكىن! ... ھەي، پاتىگۈل، سەنزە ...» ئۇ ئەتراـ
پىغا يەنە بىر سەپسېلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن، خاتىرـ
جەملىك بىلەن سۆزلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىغا يەنە بىر قېتىم
كۆز تاشلاپ قويۇپ يېرىگە مېڭىپ كەتتى ...

ئۆز ياتىغىغا كېتىۋاتقان قىز نىجاتنىڭ ياتىغى ئالـ
دىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان
ئىككى ئۆسمۈرنى كۆرۈپ توختىدى.

— كىم سىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ قاراڭغۇدا ئۇلارـ
نى تونۇيالماي.

— بىز، پاتىگۈل ئاچا، — تونۇش ئاۋاز جاۋاپ بەرـ
دى، — نىجات ئاكامنى ئىزلەپ كىرگەنتۇق، تاپالماي تۇردۇق.

ياتىنگۈل ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇلار ئەخمەتنىڭ كىچىك ئوكىللىرى ئىدى.

— ھە، كامال، قولۇڭدىكى نىمە ئۇ؟ — سورىدى پاتىنگۈل ئۇلارنىڭ چوڭىدىن. ئۇنىڭ قولىدا ياغلىقتا تۈگۈلگەن قاچىدەك بىر نىمە كۆرۈنەتتى.

— نىجات ئاكامغا تاماق ئېلىپ كىرگەنتۇق، — جاۋاپ بەردى بالا، — ئامام، ئىسسىقىدا يەۋالسۇن دىگەن...

— نىجات مۇئەللىم سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا دەرس سۆزلەپ بىرىۋاتىدۇ. — دىدى پاتىنگۈل — يۈرۈڭلار، سىنىپتىن چىققىچە مېنىڭ ياتىقىمدا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار.

ئاكا - ئوكىلار ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلماي، ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئاردىن بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى.

— ئەمدى نىجات ئاكاڭلار ياتىقىغا قايتتى، — دىدى پاتىنگۈل ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ سىرتقا قاراپ — تاماقنى ئەكىرىپ بەرسەڭلار بولغۇدەك.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كىيىن، پاتىنگۈل يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ ياتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان خىيالىغا تۈرلۈك - تۈرلۈك پىكىرلەر كېلىۋاتاتتى؛ ئۆتكەن يىلى ئوڭى مەكتەپ تەشكىللى غەمخورلۇق قىلىپ. مەكتەپنىڭ ئۆزىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئېلىپ قالدى. ئالى مەكتەپلەرگىچە بىرىپ ئوقۇشى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۇنىڭ بىردىن بىر ئارزۇسى ئىدى. بىراق يېتىم قالغان ئوكىللىرى ئۇنىڭ پەرۋى-

شىنگدىلا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. شۇڭا مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇ-
شىغا ئۇ خۇشاللىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن بوي سۇندى.

مەكتەپ ئۇنى تەجرىبىخانىسىغا ئاپىرىپ، نىجاتنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىگە تاپشۇردى. بۇ دەل ناھىيىدە سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەركىتى نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى، مەكتەپتە بەش كىشىدىن تەركىپ تاپقان خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ، ئۇلار بىر تە-رەپتىن مەكتەپنىڭ سىياسى ھوقۇقىنى ئۆز قوللىرىغا چىڭ تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىقتىسات ئېنىقلاش بىلەن مەش-غۇل ئىدى. مەكتەپتە گۇمانلىق، سىياسى مەسىلىسى بار كى-شىدىن پەقەت بىرسىلا — نىجاتلا بار بولۇپ، خىزمەت گۇ-رۇپپىسىنىڭ نىجاتنىڭ سىياسى - ئىدىيىۋى ئىپادىسى ھەققىدىكى سۈرۈشتۈرۈشلىرىگە مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ جا-ۋابى ئادىل بولغاچ، ئۇلار نىجات ھەققىدە يەنە باشقا گەپ-سۆز قىلىشمىدى. بىراق، بىر كۈنى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، پاتىگۈلنى چاقىرىپ سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا نىجاتقا كۆز-قۇلاق بولۇپ، سىياسەتكە، قانۇنغا خىلاپ، غەيرى ھەر-كەتلىرى ياكى شىكايەتلىرى سېزىلسە خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىشنى تاپشۇردى. پاتىگۈل «بۇ ماڭا تەش-كىلىنىڭ ئىشىنىپ تاپشۇرغان ۋەزىپىسى» دەپ قاراپ، نى-جاتقا راستىنلا ئاستىرتىن سەپسېلىشقا باشلىدى. كۈن-لەر ئارقا - ئارقىدىن ئۆتتى، بىراق پاتىگۈل نىجاتتىن ھېچ-بىر گۇمانلىق غەيرى ئىش سەزمىدى. قىزنىڭ گۇمانىراش

ئورنىنى ئاستا ـ ئاستا بىر خىل سەمىمى، تەبىئى ھۆرمەت ئىگەللەپ، ئۇ نىجاتنى ھەقىقى ئۇستاز سۈپىتىدە ياخشى كۆ-رۈپ قالدى. نىجاتنىڭ پۈتۈن پىكىر ـ خىيالى دەرس تەي-يارلاش، دەرس ئۆتۈش، مۇزاكىرە قىلىپ بېرىش، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش، تەجرىبە ئىشلەشلەر بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ پاتىگۇلگە بىر تەرەپتىن تەجرىبىخانا خىزمىتىنى ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ياخشى، يارامىلىق لابورانت بو-لۇشى ئۈچۈن ھەر بىر سايمان، ھەر بىر دورىنىڭ قانۇنىيە-تىنى تەجرىبە ئىشلەش ئۇسۇللىرىنى بىر-بىرلەپ ئۆگە-تەتتى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن «لابوراتورىيىدە قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇ-لارنىڭ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە نىزامى» دىگەن كىچىك قول-لانمىسىنى تۈزۈپ، پۈتۈن خىمىيە، فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىغا تارقىتىپ بەردى. شۇ قاتاردا پاتىگۇلگىمۇ بىر نۇسخا بەرگەن ئىدى. پاتىگۇل، نىجاتنىڭ سەمىمى ياردىمى بىلەن بىر يىل جاپالىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تەجرىبىخانىدىكى ھەممە ساي-مانلارنىڭ خەنزۇچە نامىنى ئوقۇيالايدىغان، كۆرسىتىلگەن تەجرىبە تەييارلىقىنى ئىشلىيەلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل يۈكسىلىش تەشكىلىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىدى. مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى بۇ ياش لابورانت قىزدا ئۈمىت بار دەپ قاراپ، ئۇنى ئاكتىپلار قاتارىدا بەزى مۇھىم يىغىنلارغا قاتناشتۇرىدىغان، يىقىنقى كۈنلەردىن بۇ-يان بولسا پارتىيە دەرسىنى ئاڭلاشقىمۇ قاتناشتۇرىدىغان بولدى... قىز بۇ ئىشلارغا خوشال ئىدى. شۇنداقلا كۆڭلىنىڭ

چوڭقۇر بىر يېردە بىر خىل ئازاپلىنىش، خىجىللىقمۇ ھېس قىلاتتى. «مېنى نەرسىلىرى يوقاتقان كىشى گۇمانلىق دەپ قارىماۋاتسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنچە يېقىنلىشىپ كەتسەم مېنىڭ ئاكتىپلىق شەرىپىمگە كېيىنچە ياخشى بولمىغان بىر قاراش كېلىپ چىقارمۇ قانداق؟» دەيتتى ئۇ لېكىن ئۇنىڭ غۇبارسىز كۆڭلى بۇ خىل تەشۋىشلەرنى رەت قىلاتتى...

كېچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان. پاتىگۈلنىڭ بولسا ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي قاچقان ئىدى. ئۇ ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلەتتى. «ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا، ھەممە ۋاقىتلا ئوخشاش تىرىشىپ جاپا چېكىپ ئىشلەيدۇ؟ ...» ئۇ بۇ ھەقتە ئىلگىرى نىجاتنىڭ ئۆزىدىنمۇ سورىغان ئىدى. شۇ چاغدا نىجات كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: «پەقەت ئۆزەم ئۈچۈنلا ياشايمەن دېيىش — تولىمۇ ئەخمەق ۋە نادان كىشىلەرنىڭ قارىشىدۇر. سەن ھەقىقىي ئىنسان ئىكەنسەن، گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن، ئەۋلاتلىرىڭ ئۈچۈن ياشىشىڭ كېرەك...»

ناھىيىگە چۈشكەن سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى ھەركەت چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلمىغان بىر قىسىم ئىدارە - جەمئىيەتلەر ۋە مەكتەپلەردىكى خىزمەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يەنە بىر تۈركۈم «يېتەكچىلىك قىلىشقا قابىل» دەپ قارالغان كادىرلارنى ئەۋەتتى.

— 100 دىن ئارتۇق ئادىمى بار بىر ئورۇندا، زادى بىرەر بوزۇق ئادەم يوقمىدۇ؟ بۇ ئەقەللى سىياسى ساۋاتقا ئىگە كىشىلەرنىڭمۇ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان غەلىتە بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ — دەيتتى خىزمەت دۈيىسىنىڭ يىڭى دۈيجاڭى رەنجىش بىلەن ئۆز ئەزالىرىغا. — سىنىپىي كۆرەش تۈگەپ كەتكىنى يوق، يولداشلار، مېڭىڭىزنى سەگەكرەك تۇتۇڭ، كۆزىنى يوغانراق ئېچىش لازىم!...

— ھەقىقەتەنمۇ ئەقىلغە سىغمايدىغان ئىش، — دەيتتى خىزمەت دۈيىگە كاتىپ بولۇپ تەيىنلىنىپ كەلگەن باشقىنە كادىر ھەيرانلىق ئىچىدە يولداشلىرىغا قاراپ، — ئۆتكەندە بىزنىڭ خىزمەت دۈيى چۈشكەن ئىدارىدىكى 55 ئىشچى - خىزمەتچى ئىچىدىن بەش نەپەر سىنىپىي دۈشمەن پاش قىلىنىپ تازىلاپ چىقىرىلدىيۇ، مۇشۇنچىۋالا چوڭ بىر مەكتەپتىن بىرەرسىمۇ چىقماسمۇ؟

مەكتەپتە چوڭ - كىچىك قوزغىلىش يىغىنلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئېچىلىپ، ھەش - پەش دېگىچە تاپاچىلار قوشۇنى تاللاپ چىقىلادى. كۈندۈز ۋە كەچقۇرۇنلىرى ئېچىلىۋاتقان يىغىنلار شۇنچە كۆپ، مەخپىيەتلىك. شۇنداق قاتتىق ئىدىكى مەكتەپ ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ تېزلا سۈرلۈك بىر كەيپىيات شەكىللەندى.

نىجات بۇرۇنقىدەكلا ھەركۈنى ئۆزىنىڭ دەرسىنى ئۆتەتتى، تەجرىبە ئىشلەيتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان يانگۇلمۇ ھەپتىسىگە بىر ياكى ئىككى قېتىم ئارانلا

تەجرىبىخانىغا كىرەتتى، كىرەتتىيۇ بىر قانچە مىنۇتلا تۇرۇپ ئۇنى - بۇنى قىلغان بولۇپ شۇ ھامان چىقىپ كېتەتتى. نىجات، پاتىگۇلنىڭ يىغىن ئارىلىقلىرىدا پۇرسەت تېپىپ، ئۆزىنىڭ يېنىغا خىزمەت دۇيىدىكىلەردىن يوشۇرۇنچە كىرگەنلىكىنى، ھەر قېتىم كىرگەندە ئۆزىگە غەمكىن ۋە ئېچىنىشلىق نەزەر بىلەن قاراپ قويۇپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت مەكتەپتە قانداقتۇ بىر جىددى ھەركەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ھەركەتنىڭ بىرىنچى ئوبېكتىسى ئۆزى بولىدىغانلىقىنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدىكى تەشۋىشلىك تۇيغۇلار ئارقىلىق سېزەتتى. نىجات خاتالاشمىدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇنى خىزمەت دۇيىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرىشتى.

— بۇ كۈندىن باشلاپ خىزمەتتىن توختىتىلدىڭىز! — دېدى دۇيجاڭ جىددى ھالدا، — باشقا ئىشلارنى يىغىشتۇرۇپ مەسىلە تاپشۇرۇشقا تەييارلىنىڭ!

نىجات دەل شۇنداق بولىدىغانلىقىنى سېزىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ دۇيجاڭغا خېلى بىر ۋاقىتقىچە گەپ قىلماي قاراپ تۇردى. «ئالدىمدا تۇرغان ئوڭچى ئۇنسۇر» دەپ تونۇغان دۇيجاڭنىڭ ئۇنىڭ قاراشلىرىدىكى ھەقىقى مەنانى چۈشىنەلىشى مۇمكىنمۇ!؟ ئەكسىچە «ئوڭچى» نىڭ «بىزىرىپ تۇرۇشى» ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى بولغاي، قاپىغىنى تۈرۈپ غەزەپ بىلەن گۈلەيدى:

— نېمە ھاڭۋاقتىغا ئوخشاش قاراپ تۇرىسەن؟

شۇھامان ئىنستىتۇتتىكى ھېلىقى ئابدۇللا يۈەنجاڭ، نىجاتنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. «تازا بىررودۇپاي نىمە ئىكەنسەن ...» دېگەن سۆزلەر قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ «... نىمە ھاڭۋاقتىڭ ئوخشاش قاراپ تۇرىسەن!» دېگەن ئاۋازلار بىلەن بىرىكىپ كەتكەندەك بولدى. نىجات مېيىغىدا ئاچچىق بىر كۈلۈپ كەينىگە بۇرۇلدى.

نىجات بىر ئايغىچە ئۆزىنى ئالتە قېتىم تەكشۈردى. ھەر قېتىمدا «سەممى، راستچىل ئەمەس» دەپ خۇلاسە قىلىنىپ تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئارخۇۋىدىكى «ئوكچىللىققا ئائىت جىنايەتلىرى» قايتىدىن كۆچۈرۈلۈپ «قوشۇنىنى پاكلاشتۇرۇش ئېھتىياجى ...»غا ئاساسەن قوللىنىلىدىغان چارىمۇ بېكىتىلىپ بولغان ئىدى. سوتسىيالىستىك تەربىيىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۆمىكىنىڭ پىرىنسىپىغا ئاساسەن، نىجات جىنايەتلىرىگە قايىل بولۇپ قول قويۇشى، «چارە»گە قارىتا پىكرىنى بىرىشى لازىم ئىدى. شۇڭا مەكتەپكە چۈشكەن خىزمەت دۈيىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنى ئىشخانىغا چاقىرىپ، رەتلەپ چىقىلغان «جىنايەتلىرى» نى ئوقۇپ بەردى ۋە ئاخىرىدا «چارە» نى ئېلان قىلدى.

«... نىجات، ئەر، ئۇيغۇر، 25 ياش، 1958 - يىلى ئېغىر دەرىجىدىكى ئوكچىل خاتالىقنى سادىر قىلىپ ئوكچى ئۇنسۇر قىلىپ ئايرىلغان بولسىمۇ، خاتاھالدا ئىنقىلاۋي سەپتىن ئورۇن بېرىلگەن. سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت دۈيىمىز ئۇنىڭ بۇرۇنقى خاتالىقلىرىنى ۋە خىزمەت جەريانىدىكى

ئىپادىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلدى گەرچە ئۇنىڭ خىزمەتتىن-
كى ئىپادىسى يامان ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، ئىنقىلابىي سەپتە دا-
ۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا بولمايدۇ، دەپ تونۇدىمىز. شۇڭا خىز-
مەتتىن تازىلاپ چىقىرىپ، ئۆز يۇرتىدىكى كەمبەغەل دېھقان،
تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ يىغىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى
قارار قىلدۇق...»

دۇيجاڭ «چارە»نىڭ ئاخىرىدىكى «سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى پارتكومىنىڭ تەستىقلاپ بېرىشىنى سورايمىز» دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇمايلا توختىدى. ئۇ ئۆز ئاۋازىغا جىددى، سۈرلۈك تۈس بېرىپ، نىجاتتىن سورىدى:

— قانداق، چارىمىزغا رازىمىسەن؟

نىجات خۇددى قېتىپ قالغاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ جىم ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن. ھەرىكەتسىز كۆزلىرىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى بىلگىلى بولمايتتى. «چارە» ئۇنىڭغا ئىنتايىن دەھشەتلىك تەسىر قىلغان بولۇپ ئۇنىڭ خىيالىغا ئۆزىنىڭ يېزىسى، ئۆمرىنى بايلارنىڭ ئىشىكىدە ئۆتكۈزۈپ ۋاقىتسىز قازا تاپقان ئانىسى ۋە كېيىن ئازادلىق تېڭى ئاتقاندا زومىگەرلەرنىڭ چوماقچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئاتىسى كېلىۋالغان ئىدى.

«ئۆتمۈشتە كەمبەغەللەرنىڭ قېنىنى شوراپ ئىچكەن زومىگەر، پومىشچىكلار ھازىرمۇ مېنىڭ ئاتا - ئانامغا

ئـوچىشـاش كەمبەغەل - نامراتلارنىڭ رىجمـى ئـاستىدا ئـەمـگـەك ىـىلـەن ئـۆزگـەرتـىلـىۋاتـىدۇ بۇگۈنـ كـى كـۈنـدە مـەن دۈشمەن ئۈنسۇر بولۇپ، مېنىڭ ئاتا - ئانامنى ئۆلتۈرگەن ئاشۇ ئەبلەخلەر بىلـەن بىرگـە ئىشلەمـ دەم؟! يۈرتـىمىكى ھەمـمە كىشى مېنى تـونۇيدۇ، بىلىدۇ ... ئۇلارمېنىڭ مۇشۇنـداق ھالىتىمنى كۆرسە نىمە دەر؟ ... ئاھ تەقدىر، بۇ نىمە دىگەن ناھەقچىلىق!؟ ...»

— رازى بولساڭ قولۇڭنى قوي!

نىجات خىيـالـدىن چۆچـۈپ، كۆزىنـى ئاچتى. ئۇـ نىڭ ئالدىـدا خىزمەت دۈيىنىڭ دۈيجاڭى فادىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— مەن رازى ئەمەس! — دىدى نىجات، دۈيجاڭنىڭ كۆزلىرىگە تىك قاراپ، — سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمىگى پارتكومىغا ئەرز بېرىمەن!

— نىمىگە رازى ئەمەسسەن؟ — دۈيجاڭ ئۆزىنى بىـ سىپ سورىدى.

— ھەممىسىگە! سىلەر تەكشۈرۈپ تەتتىق قىلمايلا ماڭا مۇشۇنداق ئۇۋال قىلساڭلار بولامدۇ؟!— قاتتىق ئازاپلىنىشـ تىن ئۇنىڭ چىرايى ئـۆزگىرىپ، خۇددى گېلىنى بىر نەرسە سىقىۋالغاندەك ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى، كۆزلىرى يالتىراپ، ئىشخانىدىكىلەرگە بىرمـۇ بـىر قارايتـتى. بىردىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىشىك تۈۋىدىكى ئـورۇندۇقتا ئولتۇرغان مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرەززاق ئاكىغا چۈشتى. چىرايىدىن ئـەلەم ۋە

ئازاپلىنىش چىقىپ تۇرغان ئابدۇرەززاق ئاكا ئۆتنىڭ قاراشلىرىغا چىدالماي لەۋلىرىنى چىشلەپ يەرگە قارىدى. نىجات ئىككى قولىنى كۆتىرىپ ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ياپتى ...

ئەتىسى چۈشكە يېقىن سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى پارتكومىدىن ئىككى كىشى مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. خىزمەت دۆيىنىڭ دۆيجاڭى ئۇلارنىڭ نىجاتنىڭ مەسىلىسى توغرىلىق كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، «قېنى بىلگەنلىرىنى قىلىپ بېقىڭلار ...» دېگەندەك قولىنى بىر شىلتىپ قويۇپ كەپمۇ قىلماي ۋەلىسىپتىگە مىنىپ ناھىيىگە قاراپ چاپتى. خىزمەت ئۆمىكى پارتكومى ئەۋەتكەن ئىككى كىشى مەكتەپتە بىر ھەپتە تۇردى. ئۇلار ئوقۇتقۇچىلار بىلەنمۇ، ئىشچىلار بىلەنمۇ ۋە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بىلەنمۇ ئايرىم - ئايرىم سۆھبەت ئېلىپ باردى. ئەڭ ئاخىرىدا نىجاتنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشتى. نىجات بۇ ئىككى كىشىگە ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھەممە كەچۈرمىشلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى ... يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن خىزمەت ئۆمىكى پارتكومىنىڭ خىزمەت دۆيى يېزىپ ئەۋەتكەن نىجات ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تەستىقلىماي قايتۇرۇۋەتكەنلىكى ھەققىدە گەپ - سۆزلەر تارقالدى ...

# يەتتىنچى باپ

1966 - يىلىنىڭ تىنجىق ياز پەسلى يېتىپ كەلگەن ئىدى. «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىنقىلاپ» باشلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇنىڭ شىددەتلىك بورىنى گۈكىرەشكە باشلىدى.

«ئىسيان كۆتىرىشكە جۈرئەتلىك كىچىك باتۇرلار»، «ئىنقىلاپنىڭ مىڭ پاتمان ئۇمىت» نى ئىگىز كۆتىرىپ، ئەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق «كېرەكسىز»، «سېسىق»لىرىغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. قايسى كېرەكلىك، قايسى كېرەكسىز؟ — بۇنى ھېچكىم ئايرىپ بېرەلمەيتتى.

مىڭلىرى قىزىغان سان - ساناقسىز ئەزىمەتلەر ئىنقىلاپنىڭ «ئۇنچە نازاكەتلىك ...» بولمايدىغانلىقىنى تېزلا بىلىپ كوچىلارغا، ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىغا، كىتاپخانىلارغا ... قىسقىسى كىرگىلى بولىدىغانلىكى ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغىچە قەدەم قويدى.

ئۇزۇن چاپان، تار يوپكا دېگەنلەردىن تارتىپ ھالقا ـ بىلەيـ
زۈكلەرگىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇزۇن چاچلار ئۇزۇن
ساقاللار قايچىلاندى. توپ ـ توپ كىتابلار كۆيدۈرۈلدى...
ئىشلار شۇنداق ئىكەن، «ماتېماتىكىلىق فورمۇلىلار فىزىكىـ
لىق قانۇنىيەتلەر، خىمىيىۋى ماددىلار» دېگەندەك «بىر نىمىـ
لەر»نىڭ ئەمدى قانداقمۇ كېرىكى بولسۇن؟!...

نىجات ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان مۆلچەرلىگۈسىز يېڭى
ئاپەتنىڭ دەھشىتىنى سېزىپ، مەيدانغا ئىلىپ چىقىلىپ كۆيـ
دۈرۈلۈۋاتقان توپ ـ توپ كىتابلارغا چوڭقۇر ئېچىنىش ۋە
ھەسرەت ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. بۇنى قانداقمۇ «مەدەنىيەت
ئىنقىلاۋى» دېگىلى بولسۇن؟... بۇ... بۇ... مەدەنىيەتكە قارـ
شى تەلۋىلىك ئەمەسمۇ؟... ئۇنىڭ ئېسىگە قاچاندۇ ئۆزىنىڭ
سۆيۈملۈك ئۇستازى ئابلىكىم مۇئەللىم ئېيتقان «ئىلىم ـ
پەنگە ھۆرمەت قىلمايدىغانلار — مۇتەئەسسىپلەردۇر. مۇتەئەسـ
سىپلەر — پەقەت ئاغزىدا گېپى بار تەۋۋىلەرنىڭ گېپىنىلا
ئاڭلايدىغان ئەخمەقلەردۇر» دېگەن سۆزلەر چۈشتى. مانا بۇـ
لارنى. بۇ دەھشەتلىك رىياللىقنى نېمە دېيىش كېرەك!؟...
ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ بېشىنى ئېگەتتى. بىردىن ئۇ
ئۆزىنىڭ سول كۆكرىكىدە بىر قانچە يىڭنىلەر بىراقلا ساـ
چىلىۋاتقاندەك بىر خىل ئاغرىقنى سەزدى. ئىختىيارسىز ئوڭ
قولى بىلەن كۆكرىكىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇۋالدى. بۇ ئەمدى
نېمە ئىش؟!... جۇڭخۇا مىللىتى — دۇنياغا مەشھۇر ئالتۇنـ
دەك يالتىراپ تۇرىدىغان بىر بۈيۈك مەدەنىيەت چوققىسىنى



بەرپا قىلىنغان، بۇلار، ئاشۇ بۈيۈك مەدەنىيەت چوققىسىنى يوقاتماقچىكەن - دە... شۇنداقمۇ بولۇپ كېتەرمۇ؟ ... ياق، ياق! مۇمكىن ئەمەس؟!... ئۇ كۆكرىگىنى ئالقانلىرىدا چىڭ باسقىنىچە كەينىگە بۇرۇلدى. «كىچىك باتۇرلار» پەنگە، قەدىمقىغا ئائىت ھەممە نەرسىنى بۇزۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ ھەيۋەتلىك قاينامدا ئۈزۈشمەكتە ئىدى.

ھەممىلا يەرنى «يوقىتايلى!»، «پاچاقلايلى!»، «ھېساپ ئالايلى!» دېگەندەك شوئارلار، «ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق!»، «بىز ئىنقىلاپنىڭ ئاۋانگارتلىرىمىز» دېگەندەك جىڭ ناخشىلىرى قاپلاپ كەتكەن، كىشىلەر گاڭگىراش، ئەندىشە - تەشۋىش... لەر ئىچىدە بۇ ئىشلارنى كۆزىتەتتى. كۈنلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۆتمەكتە، يېڭى - يېڭى «مۆجىزاتلار» ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى...

نىجات «قاشقىسى بار» ئېنىق «جىن - شەيتان» بولغاچقا كىچىك باتۇرلار ھېچقانچە ئاۋارە بولمايلا بىر مېتىرلىق ئېگىز ئالا - بۇلا بويالغان قەغەز قالپاقنى ئۇنىڭ بېشىغا قوندۇرۇپ، كۈرەش سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى. مەكتەپ مەسئۇللىرى: مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر، مالىيە مۇدىرى ھەتتا ئوقۇتقۇچى گۇرۇپپىسى باشلىقلىرى بولۇپ، مەكتەپنىڭ ئۆزىدىلا بىرلا نۆۋەتتە ئون نەچچە كىشى تارتىپ چىقىرىلدى. ھەركەتنىڭ سۈرئىتى شۇنچىلىك تېز، تويۇقسىز بولدىكى، بۇ ئون نەچچە كىشى بىر ھەپتىگە يەتمەيلا 40 نەچچە كىشىگە يەتتى. مەكتەپتىكى 60 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى -

خىزمەتچىدىن ئالتە نەپەر كىشىلا بىر قەدەر ساغلام دولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ يېرىمى ئىشتىرىۋەتسە «گەزەندە»لەر تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدىغان. قۇتۇلدۇرۇۋالسا ئىنقىلاۋىي سەپتە تۇرىدىغان بولۇپ چىقتى. مەكتەپنى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئىگەللەپ تۇرغان بۇنچىۋالا كۆپ «گەزەندە». «قارايىسپ»لارنىڭ بىرلا ھەركەت بىلەن قىزىپ چىقىرىلىشى — كالالىرى قىزىپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان «كىچىك باتۇرلار»نى بىر تەرەپتىن خۇرسەن قىلسا.يەنە بىر تەرەپتىن ھەيرانلىققا سالدى.

«ئەگەر بۇ ئىنقىلاپ يەنە بىر قانچە يىل ئېلىپ بېرىلمىغان بولسا، كاپىتالىزىمنىڭ ئۆزى مۇشۇ مەكتەپتىلا تارىماقچىكەن...» دېيىشتى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز پەرزەنتلىرىگە تولۇق ئىشەنچ بىلدۇرۇشۇپ ئەمما، ئىنقىلاپ بورىنىنىڭ شىددەتلىك زەربىسى ئۇزۇنغا بارماي ئۇلارنىڭ پەرەزلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قەھرىلىك يالقۇنىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ پۈركىدى.

— بۇ، بۇ ... قانداق دولغىنى؟ — دەپ پىچىرلىشاتتى ئۇلار ئەنسىرەش ئىچىدە گاڭگىرىشىپ.

— بۇ ئىنقىلاپھەممەكىشىنىڭ روھىي دۇنياسىغا تاقىلىدىكەن، — دەيتتى ۋەرەقىلەرنى كۆپرەك كۆرۈشكە ئامراقلىرى بىلەرمەنلىك بىلەن.

— دىمەك. سىزمۇ چەتتە قالمايدىكەنمىز - دە! — دەيتتى يەنە بىرلىرى تەشۋىشلىنىپ.

— ئاغزىڭنى ئەشۈتمىگىنە! — دەيتتى يەنە بىرى تېرىكىپ — خۇدايىم ساقلار...

— خوراپى گەپ قىلدىڭ. دىققەت قىل! — دەيتتى يەنە بىرسى قوللىرىنى ئەللىرىگە تىرىگەن ھالدا ئاچچىقلىنىپ ئەتىسى ئاشۇ پاراڭغا قاتناشقانلارنىڭ ئىككى-ئۈچى تارتىپ چىقىرىلىپ، ئەدنۇنى يەيتتى. قىسقىسى، بۈگۈنكى ئىشقا ئەتىنكىسى، ئەتىنكى ئىشقا ئۆگۈنكىسى ئوخشىمايتتى.

چوڭ-كىچىك باشلىقلارنىڭ ھەممىسى «كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» بولۇپ ئەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ«ھەر خىل تىپتىكى جىن-شەيتانلار» ئىكەنلىكى، ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «بۇزۇق»لار ئىكەنلىكى مالىيە كادىرلىرىنىڭ «خىيانەتچى»لەر ئىشچىلارنىڭ «ئوغرى-لۈكچەك»لەر... ئىكەنلىكى ئىسقلىنىپ چىقتى.

— مانا بۇنداق «ئەبلەخلەرنىڭ قارا ئۇۋۇسى»نى پاچاقلىماي بولامدۇ؟

«ئىسيان كۆتىرىش يوللۇق! بۇزۇش شەرەپلىك!..» گۈكىرىگەن شوئارلار يۈرەكلەرنى قورقۇنچقا تەشۈنىشكە سالاتتى. ھەممە يەر غەلىتە چۈشىنىپ بولمايدىغان قالايمىقانچىلىق ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

سجاتقا يېقىندىن «بۇرژۇئا ئىلىم سوپۇزلوغى» «تىسرىلىشكە ئۇرۇنغان بۇرژۇئا ئوكچىسى». «ئاق مۇتەخەسسىس» دېگەندەك قالپاقلار كىيگۈزۈلۈپ، بارلىق پىيەن، كۆرەش

سورۇنلىرىغا سۆرەپ ئايرىلدى؛ ناھىيە بويىچە ئېچىلغان بەش - ئونمىڭ كىشىلىك چوڭ پىيپەن يىغىنلىرىدىمۇ، مەكتەپلەر ئارا ئېچىلغان چوڭ - كىچىك پىيپەن، كۆرەش يىغىنلىرىدىمۇ، گاھ ئېگىز قەغەز قالپاقلارنى كىيىپ، گاھ دۈمبىسىگە «ئەكسىلئىنقىلابچى ئوغچى...» خېتى يېزىلغان لاتىلارنى چاپلاپ، گاھ يۈزلىرىگە قارا رەڭلەر سۈرتىلىپ قىلىنغان سازايىلاردىمۇ ئۇ بار ئىدى. ھەيرانلىقتىن ئۇنىڭ باشلىرى تېخىمۇ گاڭگىراپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، كاللىسى گادىرماش بولۇپ كەتكەن ئىدى...

بۈگۈنمۇ نۆۋەتتىكى كۆرەش يىغىنىدىن ھېرىپ-چارچاپ ياتىقىغا قايتقان نىجات ياتىقىدىن ئۇن قەدەمچە نېرىدا پاراڭلىشىۋاتقان بىر توپ قىزلارنىڭ پاراڭلىرىغا ئىختىيارسىز قۇلاق سالدى.

— ئىنقىلاۋىي ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، پىيادە ئۆزۈن سەپەر قىلىمىز! — دېيىشتى چېچىنى كالتە كەستۈرۈپ بېشىغا سېرىق شەپكە كىيىۋالغان ئوقۇغۇچى قىز دوستلىرىغا قاراپ، ماختىنىش بىلەن.

— قەيەرگىچە بارىدىكەنسىلەر؟ — ھەيران بولۇپ سورايتتى ئۇنىڭ دوستلىرىدىن بىرى.

— بۇ يەردىن ئۈرۈمچىگىچە، ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغىچە مېڭىپ كېتىمىز.

— پۈتۈن سەپەرنى پىيادە ماڭامسىلەر؟

— شۇنداق بولمايچۇ، ماشىنىغا ئولتۇرساق بىزنى

قانداقمۇ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى دېگىلى بولىدۇ؟

— ئىشخانىغا كىرىڭلار! جىددىي يىغىن بار! — ئۇلارنىڭ پارىڭىنى بۆلۈۋەتتى يۈگۈرۈپ كەلگەن يەنە بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى ۋاقىراپ.

— نېمە يىغىنكەن؟

— ئەك، ئەك مەخپىي! خۇڭۋېيبىڭ بولۇشقا تەستىقلانغانلارغىلا ئاڭلىتىلىدۇ.

— مەن تەستىقلانغان.

— مەن تېخى...

ئىككى ‐ ئۈچ قىز ئىشخانا تەرەپكە ئالدىراپ يۈگۈردى. يەنە بىرقانچىسى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قاراپ قالدى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان نىجات ئۆز ئۆزىگە پىچىرلايتتى: «بۇ — ھەقىقەتەنمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاجايىپ غەلىتە ئىنقىلاپكەن ‐ دە!...»

ئۇزۇن ئۆتمەي خۇڭۋېيبىڭ تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. ئارتىلىپ بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇلغان ئوقۇتقۇچىلار تۈركۈم ‐ تۈركۈملەپ ئازات قىلىنىپ، ئىنقىلاۋىي سەپكە قوشۇلدى. مەكتەپ بويىچە پەقەت بەشلا «مەسىلىسى ئېغىر جىن ‐ شەيتان» قالغان ئىدى. مەكتەپ ۋاقىتلىق ۋېيۋەنخۇي قۇرۇلۇپ، «خۇڭۋېيبىڭ زۇڭبۇسى»نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىش بېجىرىشكە كىرىشتى.

— سىلەر ئەمدى بىزنىڭ باشقۇرۇشىمىزدا بولىس‐

لەر. — ئېلان قىلدى «زۇڭبۇ» باشلىقلىرى «جىن - شەي-
تانلار» غا، — بۇيرۇغىمىزسىز بىر قەدەم مېڭىشىڭلارغا
رۇخسەت يوق!

ئاسماننى قويۇق، قارا تۇمان قاپلاپ، دەھشەتلىك بورانىنىڭ شەپىسى كېلىۋاتقان بىر ئەتىگىنى پاتىگۈل ئىشخانىسىغا كېتىۋېتىپ، ئىشخانا بىناسى ئالدىغا كېلىپ توختىغان پوچتالىيون بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— سىڭلىم مۇشۇ گېزىت - ژورناللارنى خاپا بولماي سىز تاپشۇرۇۋېلىپ تۇرسىڭىز، بۈگۈن تارقىتىلىدىغان گې-زىت - ژورنال، خەتلەر كۆپ ئىدى. كىتاپچانىڭلارنىڭ خا-دىمى تېخى كەلمەپتۇ، — دېدى پوچتالىيون مۇلايىملىق بىلەن.

— بولىدۇ، ماڭا تاپشۇرۇپ كېتىۋېرىڭ، — دېدى پاتىگۈل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر توپ گېزىت - ژورنال، خەت - چەكلەرنى پوچتالىيون ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ چى-قىپ كەتتى.

پاتىگۈل ئىشخانىسىغا كىرىپ بىردەم ئۇيان - بۇيان ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى ھېلىلا گېزىت - ژور-ناللارنى قويۇپ قويغان شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئوقۇشلار توختىغان، ھەر كۈنى بىردىن بىرى يېڭى ۋە سۈرلۈك يىغىنلار ئېچىلىپ، خاتا ئىدىيە - خاتا ھەركەتلەر ئۈستىدە پاش قىلىنىشلار بولۇۋاتقان كۈنلەر ئىدى. پاتىگۈل

ئۆزىدە بىر خىل يالغۇزلۇق — غېرىپلىق ھېس قىلاتتى، ئۇ
ئىشى بولمىسىمۇ كۈندە ئۈچ قېتىم تەجرىبىخانىسى يوقلىمىسا
كۆڭلى ئۇنىمايتتى. بۈگۈنمۇ يىغىن باشلانغىچە تەجرىبىخا-
نىنى بىر يوقلاپ چىقىشقا كىرگەن، ئۇ ئىچى پۇشۇپ، ئالدىدا
قاتلانلىق بىر توپ گېزىتنىڭ ئىچىنى ئاچتى، تۆت - بەش
پارچە خەت سىرىلىپ شىرەگە چۈشتى. پاتىگۈلنىڭ كۆزى
بىر كونۋېرت ئۈستىدىكى چىرايلىق پۈچۈركىغا چۈشۈپ
قالدى. ئۇ خەتنى ئېلىپ ئۈستىدىكى ئادرېسنى ئوقۇدى،
〈A〉 ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى نىجات غوپۇرغا
تېگىدۇ.» دېيىلىپ، «ئېلى، 〈K〉 ناھىيىسى، ئالغا گۇگشى
باغچا دادۇي 〈ر〉دىن» دەپ يېزىلغان. 〈ر〉 كىم؟ پاتىگۈل-
نىڭ ئېسىگە دەرھال بىر كۈنى كەچتە ئاكتىپلار يىغىنىدا
نىجاتنىڭ جىنايەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، ئۇنىڭ رەي-
ھان دىگەن بىر قىز بىلەن يېقىن «قارا مۇناسىۋىتى»
بارلىقى ۋە «مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى گۇرۇپپىسى»نىڭ بۇ مە-
سىلىنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلمىغانلىقى ھەققىدىكى سۆز-
لەر كەلدى. پاتىگۈل خۇددى قولىنى كۆيدۈرىۋالغان چوغىنى
تۇتۇۋالغاندەك خەتنى ئالدىراپ گېزىت ئارىسىغا چۆرۈ-
ۋەتتى. ئەمما، قانچە قارىماي دىسىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاشۇ
خەتكە چۈشەتتى. قانچە ئويلىماي دىسىمۇ خىيالى ئاشۇ خەت
ئۈستىدىلا ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇساتتىن: «خەتنى ئو-
قۇپ باقسام قانداق بولار»دىگەن بىر پىكىر كەلدى. لېكىن
شۇ ھامان ئۇ بۇ پىكرىدىن ياندى. «بولمايدۇ، پوچتا - تې-

لىگىراف قانۇنىدا باشقىلارنىڭ خېتىنى رۇخسەتسىز ئېچىش جىنايەت ...» دېيىلگەن دەپ بىراۋدىن ئاڭلىمىغانمىدۇ؟ ... ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تەجرىبىخانىنىڭ ئىشىكىنى مەھكەمرەك يېپىپ قويۇپ جايىغا قايتىپ كەلدى. «نىجات ئاكامنىڭ ئۇ-زىگە بېرەيمىكىن؟! ...» ئاستا - ئاستا ئاشۇ پىكىرلەر ئۇنىڭ كاللىسىنى چۇلغىۋالدى، نىجاتنىڭ باشقىلار ئېيتقانىدەك «ئەكسىلئىنقىلابچى» ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەمما، ئۇ ئىشەنمىگىنى بىلەن جاھاننى قاپلاپ كەتكەن دەھشەتلىك بوران، نىجاتنى ئالىبۇرۇن ئاشۇ «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن چەمبىرەك ئىچىگە سولاپ بولغان ئىدى ... قانداق قىلىش كېرەك؟ پاتىگۈل يەنە بىر ھازا ئىككىلىنىپ ئولتۇردى، كېيىن قەتئىي بىر قارارغا كەلگەندەك خەتنى ئالدىراپ ئېلىپ يانچۇقىغا يوشۇردى. «ئۇنىڭغا بېرەي، مەيلى، نېمە بولسا بولار ...» دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ...

ئاردا بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى شۇنچىلىك تېز، ئۇشتۇمتۇت ۋە ئاجايىپ ئىدىكى، ھېچكىممۇ بۇنى پەرەز قىلىپ ياكى مۆلچەرلەپ بولالمايتتى.

پاتىگۈل ھەرقانچە قىلىپمۇ نىجاتنىڭ خېتىنى بېرەلمىدى. نىجاتنىڭ كەينىگە ئىككى كۆزەتچى قويۇلغان، ھەتتا تەرەتخانىغا بارسىمۇ ئۇلار بىرگە ئىدى. پاتىگۈل ھەر كۈنى «بۈگۈن بېرەر ئېپى كېلىپ قالار» دەپ ئۈمىت

قىلىپ خەتنى يانچۇغىغا سېلىۋالاتتى، ئەمما ئېپى كەلمەيتتى. ھەتتا كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نىجاتنى سىرتتىن كۆرۈشمۇ تەسكە چۈشىدىغان بولۇپ قالدى. يانچۇقتا تولا تۇرۇۋەرگەن كونۋېرتنىڭ قىرلىرى يىرتىلىپ ئاقىۋەت خەت ئېچىلىپ قالدى. ئوچۇق خەتنى ئوقۇپ بېقىش ھەۋىسى قوزغالغان پاتىگۈل، ئاخىرى ئىككىلەنگەن ۋە يەنە بىر تەرەپتىن خۇدۇكسىرەپ خىجىل بولغان ھالدا خەتنىڭ قېتىنى ئاچتى.

«قەدىرلىك ساۋاقدىشىم نىجات، مەن سىزگە بىر قانچە پارچە خەت يازدىم. ئەپسۇسكى، زادىلا جاۋاپ يازمىدىڭىز، خەت يازماسلىقىڭىزنىڭ سەۋەبىنى يېقىندا چۈشەندىم... سىز ئۆزىڭىز ئىشلەۋاتقان مەكتەپتە بىر ئوقۇتقۇچى قىز بىلەن توي قىلىپسىز. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، مەن بۇ خەۋەرنى ئالدى بىلەن ئىككىمىزنى ناھەق قارىلاپ ئورىغا ئىتتىرگەن ۋە بىر-بىرىمىزدىن يىراقتا ئايرىۋېتىشكە مۇۋەپپەق بولغان قارا نىيەت ئادەم — ھادۇتتىن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ گەپلىرىگە ھەرقانچە ئىشەنمىدىم دېسەممۇ ماڭا كېيىن كەلگەن بىر پارچە خەت ۋە سىزنىڭ ئەمەلىيىتىڭىز (بىرەر پارچە بولسىمۇ خەت يېزىپ قويماسلىقىڭىز) مېنى گۇماندىن ئىشىنىشكە سۆرەپ ئەكەلدى ... كۆڭلۈمنىڭ قايسى ھالەتكە چۈشۈشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەگەر سىز بەختلىكلا بولغان بولسىڭىز مەن رازى!

نىجات، ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، مەن سىزگە مۇنداق

بىر گەپنى ئېيتقان ئىدىم. «دۇنياغا ۋىجدان بىلەن كەلدىم، ۋىجدان بىلەن كېتىمەن!» مېنىڭ بۇ ئىرادەم ھېلىمۇ مۇستەھكەم، خۇدايىم بۇيرۇسا مەڭگۈ ئاشۇ مۇستەھكەم پېتى كۆزۈمنى يۇمىمەن! ... ھەرگىز، كىنايە قىپتۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ، سىزگە ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە بەخت تىلەيمەن!»

پاتىگۈل بۇ خەتنى قايتا - قايتا ئوقۇدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى دولقۇنلىنىپ، يۈرىكىدە رەيھانغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھېسداشلىق، خەيرىخاھلىق، ئېچىنىش ۋە ئۇنىڭ ئالىجاناپ ئەقىدىسىگە قايىل بولۇش ھېسسىي - تۇيغۇسى ئۇرغۇماقتا ئىدى. ئۇ رەيھاننىڭ خېتىنى ئوقۇغاچ بىرى كۆپ نەرسىنى پەرەز قىلىپ چۈشەندى، «ئۇلارنىڭ ئارىسىغا مۆت ئاتلىق بىر قارا تىكەن ئۈنۈپتىكەن - دە، — دەيتتى ئۇ خىيالىدا، — رەيھان.. شۇنچىۋالا ئېغىر ھالەتتە ياشاۋېتىپمۇ يەنىلا نىجاتقا بولغان مېھرىنى بوشاشتۇرماپتۇ... ھەقىقەتەن ۋىجدانلىق قىز ئىكەن...»

پاتىگۈلنىڭ كۆز ئالدىغا نىجات كەلدى. ئۇ مۇشۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۇنى ئۇستاز سۈپىتىدە ياخشى كۆرەتتى. يېقىنقى ئىككى - ئۈچ يىل جەريانىدا بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلىدى. ئۇنىڭ مۇئامىلىسى، خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، سەمىمىيلىكى، خۇي-پەيلى، ھەممىسى پاتىگۈلگە ئەلۋەتتە ياقاتتى، نىمىشكىكىن... كېيىنكى كۈنلەردە نىجاتنى بىر كۈن كۆرمىسە خۇددى بىر نىمىسىنى يۈتتۈرۈپ قويغاندەك، تىت - تىت بولۇپ، قولى

ئىشقا بارمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدىكى ھېسسىياتقا دەسلەپتە ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق ھېسسىياتى دەپ باھا بېرىپ ئۆز ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىپ باقتى. بىراق... بۇ نۆۋەت «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» باشلىنىپ نىجاتنىڭ يەنە تارتىلىپ چىقىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغان ئاخشىمى — پۈتۈن كېچە دىگۈدەك دۈم يېتىپ يىغلاپ چىقتى... كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ ھەركۈنى تەجرىبىخانىغا يەنىلا بىر - ئىككى قېتىم كىرىپ تۇردى. ئۇ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھېلىقى يىللاردىمۇ شۇنداق قىلغان ئەمەسمىدى!؟... تەجرىبىخانىدا بولساھېچقانداق ئىش يوق ئىدىغۇ؟... ئۇ بۇ يەرگە نىمىشكە كىرىدۇ؟ تەجرىبىخانىغا نىجات ئىگە ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلەپ، ھەققى تەجرىبىخانىنا قۇرۇپ چىققان ئىدى... ئويلىغانسېرى پاتىگۈلنىڭ يۈرىگى ئېچىشىپ، كۆڭلى بىر قىسما بولغاندەك بولاتتى. «مەن نىمىلەرنى ئويلاۋاتىمەن؟ — دەيتتى ئۇ ئۆز ئۆزىنى جىملەپ، — ئۇيەردە بىرقانچە يىلدىن بۇيان ناھەق قارىلىپ دەرت - ئەلەم چېكىۋاتقان بىر بىچارە بۇنىڭغا ئۈمىتباغلاپ، مېھىر - مۇھەببەت ئەقىدىسىنى ھازىرغىچە بۇزماي كەلدۇ ۋۇ. مەن بولسام...، — ئۇ كەسكىنلىك بىلەن بېشىنى سىلكىپ، كۆز چاپاقلىرىنى قاپلىغان ياشلارنى ئاچچىقى بىلەن سۈرتتى — باشقىلارنىڭ چىن مۇھەببىتىنى قەدىرلەشنى بىلمىگەن كىشىنى قانداقمۇ ساپ ۋىجدان ئىگىسى دىگىلى بولسۇن؟

مەن رەيھان ئاچامغا نىجات ئاكامنىڭ ئورنىدا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشىم كېرەك!...»

پاتىگۈل چۈشىنىكسىز بولغان نازۇك، قورقۇنچلۇق ۋەزىيەتنى ئويلاپ، رەيھاننىڭ خېتىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. نىجاتنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى ئەينەن يېزىپ، خەتنى پوچتىغا سېلىۋەتتى...

كېيىنچە خوڭۋېيبىڭ«زۇڭبۇسى»نىڭ «جىن - شەيتان»لارغا قاراشقا ۋاقتى يەتمەي قالدى. چۈنكى يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنى ئالدىرىتىپ قويغان ئىدى. باشقا ئورۇنلارنىڭ تەجرىبىسى بويىچە مەكتەپتىكى «جىن - شەيتان»لارمۇ مەكتەپنىڭ دېخانچىلىق مەيدانىغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىشكە ئەۋەتىلدى. خوڭۋېيبىڭلارنىڭ «ئالاقە باغلاش ھەركىتى» باشلىنىپ كەتتى...

دېخانچىلىق مەيدانىغا ئېلىپ كېلىنگەن بەش كىشى مەكتەپتىكى شارائىتلىرىغا قارىغاندا بىر ئاز ئەركىنرەك بولۇپ قېلىشتى. ئۇلارنى نازارەت قىلغۇچىلار ئېتىزلىقلارغا بىرگە بارماي، ياتاقتا ئولتۇرۇپ قارتا ئوينىشاتتى ھاراق ئىچىشەتتى، قەيەرلەرگىدۇ بېرىپ «كىچىك ئالاقە باغلاش» بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىشەتتى. بىر ئايدىن كېيىن بولسا «جىن - شەيتان»لار ئارىسىدىن بىر گۇرۇپپا باشلىقى بېكىتىپ قويۇپ، ئۆزلىرىمۇ تىكىۋېتىشتى. بەش كىشى مەيداندىكى ئەمگەكلەرنى بىر قۇر ئاياغلاشتۇرۇپ باكى

قايتىپ كېتىشنى، ياكى تۇرۇشنى بىلىشەلمەي گاڭگىرىشىپ، بىكار لاغايلاپ يۈرىدىغان بولدى...

ئايلار ئۆتۈپ، زەھەردەك سوغاق سۆڭەك - سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كېتىدىغان قىش كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى، يوغان تۈڭ مەشنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، ئۆز ئارا پاراڭغا، مۇڭدىشىشقا چۈشكەن بەش نەپەر «جىن - شەيتان»- سابىق مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرەززاق ئاكا، ئىلمىي مۇدىر تۇرسۇن ئاكا، مالىيە مۇدىرى ھۆسىيەن ۋە گومىنداڭ ۋاقتىدا مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن قېچىپ كەتكەن، بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ «تارىخىي جىنايىتى» ئۈچۈن «جىن - شەيتان» بولۇپ قالغان مەكتەپنىڭ سابىق ھارۋىكىشى يولۋاس ئاكىلار، تۈنجى قېتىم نىجاتنىڭ «خاتالىشىش جەريانى»نى تەپسىلى ئاڭلىدى...

— دۇنيادا بۇنداق ئىشلارمۇ بولىدىكەن ھە؟ — دېدى ئاق كۆڭۈل تۇرسۇن ئاكا. نىجات ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئىچىنىش بىلەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ، ھەممىسى ئالدىدىكى مەشكە قارىغىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. نىجاتنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئۇلارغا ئېغىر تەسىر قىلغان ئىدى. مەشتىكى ئوت ئۆچەي دەپ قالغان، ئۇلار بولسا توڭلاپ، پۇتلىرى كۆيۈشۈپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قالغان ئىدى.

ياتاقنىڭ كەڭ دەرىزىسىنىڭ ئۈستۈنكى كۆزنىگىدىكى يېرىلىپ كەتكەن گېزىت قەغىزىنىڭ كىچىككىنە پارچىسى

تۈنۈنىڭ سوغاق ئىزغىرىن شامىلىدا كۆكۈلسىز شاراقلاپ، كىشىنى ئىختىيارسىز شۈركەندۈرەتتى.

— سىز تېخى بىرقانچە يىلدىن بۇيان نىمىسى يېتىشمەي پارتىيىگە قارشى گەپ - سۆز قىلغاندۇ؟...، — دەپ سىزگە نەپرەتلىنىپ يۈرۈپتۇق ئەمەسمۇ، — دېدى سابىق مالىيە مۇدىرى ھۇسەيىن ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— بىزنىڭ ئەخمەت دائىم: «نىجات مۇئەللىمگە قارا چاپلانغان، ئۇۋال قىلىنغان...» دەپ تولا پاراڭ قىلىدىغان، دېمەك ئۇ ساڭا بىكار يېقىنلاشماپتىكەن - دە، — دېدى يولۋاس ئاكىمۇ كۆز چاناقلىرىغا تولغان ياشلارنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ.

— ھىلىقى ... ئېتىنى ھامۇت دېدىڭما، ئۇكا؟ — دېدى تۇرسۇن ئاكا نەپرەتلىنىپ، — تازا ئۇچىغا چىققان ئەبلەخ ئىكەن - دە!

ئۇلار بەس - بەس بىلەن ئۆز تەسىراتلىرىنى سۆزلىشەتتى. ھېچكىممۇ ئۇخلاشنى ئويلىمايتتى.

نىمىندۇ ئېسىگە ئالماقچى بولغاندەك پېشانىسىنى مەھكەم تۇتۇپ كۆزلىرىنى مەشتىكى ئوتتىن ئالماي خىيال بىلەن ئولۇرغان ئابدۇرەززاق ئاكا، بىردىنلا ئەسلىگەن نەرسىسى ئېسىگە كەلگەندەك، ئىتتىك تەۋرىنىپ قويۇپ نىجاتتىن سورىدى:

— ھىلىقى قىزنىڭ ئىسمى رەيھان - ھە؟...

نىجات «ھەئە» ئىشارىسىگە بېشىنى ئېغىتتى.

ئابدۇرەززاق ئاكا بىر نەرسىگە پۇشايمان قىلغان كىشىدەك ئېغىر خۇرسىنىپ سۆھبەتداشلىرىغا بىر بىرلەپ قاراپ قويدى:

— ئەجەبمۇ كەم ئەقىللىق، ئەخمەقلىق قىپتىمەنا؟ ئاشۇ قىزدىن نىجاتقا ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۈچ پارچىدەك خەت كەلگەن...

نىجات «يالت» قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ رەڭگىدىن تولىمۇ جىددىيلىشىپ ھاياجانلانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. باشقىلارمۇ ئابدۇرەززاق ئاكىنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— ئېسىمدە ئېنىق قالماپتۇ، 1964 -، 1965 - يىللىرى بولسا كېرەك. — دېدى ئابدۇرەززاق ئاكا ئويلىنىپ، — بىر قانچە خەتنى ج خ خادىملىرى بىلەن ئېچىپ ئوقۇغانتۇق، ئۇنىڭدا: «سىزگە زىيانكەشلىك قىلغان ئەبلەخ ئىنىستىتۇتتىن قابىلىيەتسىز دەپ ھەيدىلىپ. نىمشكىدۇ بىزنىڭ ناھىيىگە كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قولغا ئېلىنىپ تېگىشلىك جازاسىنى يىدى...» دىگەنىدەك سۆزلەر يېزىلغان ئىكەن. ھە راست، يەنە ئۇنىڭ خەلق ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن باستۇرۇلغان بىر زومىگەرنىڭ ئەركە بالىسى ئىكەنلىكى. بۇرۇن بىرقانچە قېتىم تۇرمۇش قۇرۇپ ئاياللىرىنى خارلىغانلىقى. نەتىجىدە بىر ئايالنىڭ روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى... قاتارلىق كۆپ نەرسىلەرنى يېزىپتىكەن. ئەمما خەتنىڭ ئاخىرىدا، ئۆزىنىڭ ناھەق ئەرزىسى ئۇسسىدە يۇقۇرى ئورگانلارغا

ئەرز بەرگەنلىگىنى، سىنىڭمۇ ئەرز يېزىپ مەسىلەڭنى ھەل قىلىشىڭنى مەسلىھەت قىلىپ يېزىلغان بىر قانچە جۈملە سۆزلەر بولغاچ، ج خ خادىملىرى: «بۇئەنزەئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇش خىيتى ئىكەن ...» دەپ ھۆكۈم قىلىپ خەتنى ئېلىپ كەتكەن ئىدى. بىلىشىمچە ئۇلار بىر مەزگىل بۇ ئىشنى جىددى تەكشۈردى، بىراق كېيىن نىمە بولدى؟ مەنمۇ بىلەلمىدىم.

ئۆي ئىچى ئانچە ئىسسىق ئەمەس ئىدى، لېكىن نىجات دىمىقىپ كەتكەندەك پاختىلىق چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ ئېغىر ئۇھ تارتتى.

— ئۇنىڭ ئادرېسى ئېسىڭىزدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ نۇساتتىن.

— كىمنىڭ؟ — بىردىنلا ئاڭقىرالمىغان ئابدۇرەززاق ئاكا سورىدى.

— ئاشۇ رەيھانىنىڭ.

— ئېلىنىڭ قايسىبىر ناھىيىسىدە ئىدى ... ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ.

— ھەي، — دېدى يولۋاس ئاكا ئېچىنغاندەك بېشىنى ئېغىتىپ. ئاشۇ كېچىسى نىجات زادىلا كۆز يۇممىدى. ئۇنىڭ ھەمرالىرى تىنچ ئۇيقۇغا كەتكەن، ئۇ بولسا، ئۆتكەن كۈنلەرنى، ئىنستىتۇت ھاياتىنى، مېھرىۋان ئوقۇتقۇچىلىرىنى، خۇش چاقچاق، تىرىشچان ساۋاقداشلىرىنى، كېيىنكى يىللاردىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىنى، رەيھانىنىڭ ئۇمىتلىك، غۇبارسىز

كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئۆزى دۈچكېلىۋاتقان پالاكەتلەر ئۈستىدە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ۋە كېيىن ھېلىقى ئورۇق قانسىز، ياغاق يۈزلۈك، تەلەتى سۆرۈن سىنىپ ئۆدۈرى ھامۇتنىڭ كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، قوللىرىنى شىلتىپ، «ئىككى يونۇگىنى بىر ئۆ-تۈككە تىقىمەن...» دەپۋاقىراۋاتقانلىغىنى ئەسلەپ كەتتى.

«ئەقىللىق كىشىلەر — ۋاپىتلىق ئەگرى - توقايلىق ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ! روھسىزلانماسلىق كې-رەك! پارتىيىمىز بار، ھەقىقەت ھامان ئايدىڭلىشىدۇ ...» كىمنىڭدۇ سەمىمى مەغرۇر، تېتىك ئاۋازى ئۈنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىنى تېخىمۇ يوغان ئاچتى. بۇ سۆزنى كىم ئېيتقان؟ ...، ھە، شىسەن تېغىدا مىشقەدەم كومموۇنىست لى بۇجاڭ ئۇنىڭغا ئەنە شۇ سۆزلەر-نى تەسەللى بەرگەن ئىدى.

يەنە بىر قىش يېتىپ كەلدى.

مەكتەپ ئىچى-سوغاق. يوللاردا. ئىشخانا ئەتراپلىرىدا، مەيدانلاردا شامالدىن يىرتىلىپ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن ھەر خىل چوڭ خەتلىك گېزىتلەر ئاچ قالغان قوي - ئۆشكىلەرگە يەم بولماقتا. يوپۇرماقلىرىدىن ئايرى-لىپ بالىڭاچلانغان تېرەكلەردە توپ - توپ قارا قاغىلار ھەدەپ قاقىلداشماقتا ئىدى

...جات يانىغىدا كىتاپ كۆرۈۋاتاتتى. ئارىلاپ - ئا-

رىلاپ تىمىسلەرىنى خاتىرىسىگە يازاتتى. ئەنە شۇ ھالەتتە ئۇ
تاكى كەچ كىرگىچە ئولتۇردى. ئۆيىگە قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆ-
زى خەتلەرنى كۆرەلمىگەندىلا كىتابنى قويۇپ، ئورنىدىن
تۇردى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقان ئىدى. يېمەكلىكلىرىنى
ئاماق قاچىسىنى قويىدىغان كىچىك تام جاۋىنىنى ئېچىپ
قارىدى. قاچا قۇرۇق بولۇپ، جاۋەندىن پەقەت قاچاندۇ يې-
يىلمەي ئېشىپ قالغان بىر پارچە قاتتىق نانلا تېپىلدى.
ئۇ نانى قولىغا ئېلىپ سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى. نان
شۇنچىلىك قېتىپ كەتكەن ئىدىكى، ئۇنىڭ بارماقلىرى
قارسىلداپ ئاغرىپ كەتتى. لېكىن نانى سۇندۇرالمىدى.
بۇ كۈنلەردە مەكتەپ ئاشخانىلىرى بەزىدە بار، بەزىدە يوق
بولغاچ، ئۇ كۆپىنچە ئەخمەتنىڭ ئىنىلىرى ئارقىلىق بازار-
دىن نان ئالدۇرۇپ يەيتتى. بۈگۈن بالىلارنىڭ بىرەرسىمۇ
كىرىپ قالمىدى. ئۆزى بولسا كىتاب بىلەن بولۇپ قوساق-
نى ئۇنتۇغان ئىدى. مانا ئەمدى ... قوساق ئاچماقتا، ئۇ
قاچىسىغا چېلەكتىن سوغاق سۇنى نوشقۇزۇۋالدى - دە،
نانىنى ئۇنىڭغا چىلاپ قويدى «نان يۇمشىغىچە يەنە بىر
ئاز كىتاب كۆرەيچۇ...» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئالدىراپ
دەرىزىگە ئەدىيالنى تارتىپ چىراقنى ياندۇردى «ئىس
يانچىلار مېنى ئەمدى خېلى ئاۋارە قىلمايدىغان بولۇپ
قالدىغۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە سۆزلەپ، — ياخشى
ئىش ... سىلەرمۇ ئالدىراش ئوخشايسىلەر باتۇرلار بول-
سا يەنە بىرقانچە كۈن ئالدىراش بولۇڭلار» ھەر ھالدا

ئۇنىڭ قولىغى يەنىلا ئىشىكتە ئىدى. «تىرىق» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىسىلا كىتاۋىنى يېپىپ، يوتقانىنىڭ ئارىسىغا يۇشۇرۇۋېتىشكە ئالدىرايتتى. دەرىزىگە ئەدىيالنى تارتىپ قويۇشمۇ چىراق يورۇغىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭ كىتاپ ـ ماتېرىياللىرىنى بىرقانچە قېتىم يىغىۋېلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن — «قىزىل قوغدىغۇچىلار» يەنە كىتاپ تېپىپ كۆرۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالسا، كېچە يولۇشقا قارىماستىن سۆرەپ چىقىپ كۆرەش قىلىشتىن يانمايتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇ ماتېماتىكا. فىزىكا پەنلىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. «ياخشى خىزمەت بولۇش ئۈچۈن ماتېماتىكا، فىزىكا پەنلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەنمەي بولمايدۇ ...» دەيدىغان ئۇنىڭ سابىق سىنىپ مۇدىرى ئابلىكىم ئاكا. نىجاتمۇ بىرقانچە يىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتى جەريانىدا ئەنە شۇ سۆزنىڭ ئىنتايىن ئورۇنلۇق ـ جايىدا ئېيتىلغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دىن ئىلگىرى ئۇ، بۇ پەنلەرنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ئىنقىلاپ ئۇنىڭ ئۆگىنىش كۈنتەرتىۋىنى ئۈزۈپ قويدى. دىخانچىلىق مەيدانىدىكى بەزى كۈنلەردىكى بىكارچىلىق ئۇنى يەنە ئۆگىنىش قايىنىمىغا ئېلىپ كىرگەن ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۆگىنىشنى باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىسياسىچىلارنىڭ كالتەكلىشىگە ئۇچرىدى. بىر قېتىم ئۇلارغا مەسئۇل بولۇپ قاراشقا چىققان كۈرەشچانلىقى

يۇقۇرى، قاتتىق قول بىر گۇرۇپپا ئىسيانچى، نىجاتنىڭ
ماتېماتىكا ھېساپلىرى ئۈستىدە جىددى باش قاتۇرۇۋاتقان-
لىغىنىڭ ئۈستىگە كىرىپ كېلىشتى:

— ھە، سەن ئەبلەخ يەنە مۇشۇ xy لەر بىلەن
ھەپىلىشىۋاتامسەن؟ — دەپ ۋاقىراشتى ئۇلار غەزەپلىنىپ
ۋە ئۇنىڭ ئورۇن - كۆرپىلىرىنى ئاختۇرۇپ مازلىرىنى
چۇۋۇۋەتتى. تېپىۋالغان دەپتەر، كىتاپ، ھەتتا قەلەملىرى-
نىمۇ شۇ يەردىلا مەشكە سېلىۋېتىپ بۇ «تۆۋە قىلماس بۇر-
ژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇغى»نىڭ ئەدىۋىنى راسا بېرىشتى. شۇ
ئىشتىن كېيىن نىجات يەنە باشقا بىر خىل يول تاللىغان
ئىدى: نازارەتچى ئىسيانچىلار خەنزۇچە خەتلەرنى تونۇ-
مىغاچقا، ئۇ تۇرسۇن ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلى ئارقىلىق ماتېما-
تىكا، فىزىكا كىتاپلىرىنى تېپىپ، يەنە ئۆگىنىشىنى داۋام-
لاشتۇردى. ياش مۇئەللىمنىڭ پەنگە بولغان ئىشتىياقى
ئابدۇرەززاق ئاكا بىلەن تۇرسۇن ئاكىنى قاتتىق تەسىرلەن-
دۇردى. ئۇلار نىجاتنىڭ ئۆزىگىمۇ سەزدۇرمەي ئۈستۈنلۈك،
زىرەكلىك بىلەن كۆزىتىپ ئىسيانچىلارنىڭ تۇيۇقسىز
ياتاققا كىرىپ قېلىشىنى سەزسە، ئالدىنئالا ئۇنى ئاگاھلان-
دۇرۇپ قويىدىغان بولدى.

كىتاپ كۆرۈش، ئۆگىنىش — نىجاتنىڭ غەم - غۇسسى-
لىرىنى يوقىتىپ، كۆڭلىگە ئىشەنچ، ئۈمىت ۋە خۇشاللىق
بېغىشلايتتى. «ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن سوتسىيالىزىم
قۇرۇش ئۈچۈن ھامان ئىلىم - پەن بولمىسا بولمايدۇ»

دەپ ئويلايتتى ئۇ، ئۇ ئۆگەنگەنسېرى كۆز ئالدىدا يول كەڭرى ئېچىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمما، ئۇ، بۇنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى. ئىنسانىيەت قىلىشقا تېگىشلىك،ئېچىشقا تېگىشلىك سىرلار تېخى كۆپ ئىكەنلىكىنى، چەكسىز پەن دۇنياسىنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ئۈچۈن قەتئى تەۋرەنمەيدىغان پولاتتەك ئىرادە، قاتتىق تىنىمسىز تىرىشچانلىق بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلاتتى... ئۇ دېخانچىلىق مەيدانىدىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىنمۇ ئۆگىنىشنى يەنە داۋاملاشتۇردى. بۇ كۈنلەردە، بەزىدە ئىسيانچىلارنىڭ نىجاتتەك «جىن-شەيتان» لارغا قاراشقا چولىسى تەگمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار ئىككى پەيگە بۆلۈنۈپ كىملەرنىڭ ئۇستىدىن جىددى تالاش-تارتىش قىلىشاتتى... بۇنداق چاغلاردا نىجات پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ كىتاپلار ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى.

ئۇ ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى پىشقەدەم خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى خۇلاۋشى بىلەن بۇرۇنلا دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان ئىدى. بىر كۈنى نىجات بىر پۇرسەت تېپىپ خۇلاۋشىنى يوقلاپ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتى. نىجاتقا ئوخشاش خۇلاۋشىمۇ تارتىپ چىقىرىپ قويۇلغان ئىكەن. ئۇ بۇ ياش ئۇيغۇر مۇئەللىمنىڭ روھسىزلانماي، ئۈمىتسىزلەنمەي يەنىلا كەسىپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى سەممىي قېرىنداشلىق مېهرى بىلەن چىڭ سىقتى.

— يارايسىز نىجات مۇئەللىم، — دېدى ئۇ هۆرمەت

بىلەن، چىن قەلبىدىن سەممىي ماختاپ — دۆلىتىمىز يەنىلا ئىلىم - پەنگە مۇھتاج. مۇشۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن ھەر بىر كىشى خۇددى سىزدەك ئويلاپ، ۋاقىتنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. تىرىشىڭ، ئەگەر مېنىڭ ياردىمىم لازىم بولسا ھەر ۋاقىت سىزگە ئىشىكىم ئوچۇق.

خۇلاۋشى دىگىنىدىنمۇ ئارتۇقراق نىجاتقا يار - يۆلەك بولدى، ئۇلار كېچە - كېچىلەپ بەزىدە نىجاتنىڭ ياتىقىدا، بەزىدە خۇلاۋشىنىڭ ئۆيىدە خىمىيە پېنى ئۇستىدە، ماددىلارنىڭ تەركىۋى، تۈزۈلۈشى بىر خىل ماددىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ماددىغا ئايلىنىش قانۇنىيەتلىرى ... ئۈستىدە باش قاتۇرۇشاتتى. بىراق ئۇزاققا بارماي ئۇلارنىڭ بېشىغا يەنە بوران يېتىپ كەلدى: ئىككى يەي بولۇپ بۆلۈنگەن ئىسىياچىلار بىر بىرىدىن «ئىنقىلاۋىلىق»، «جەڭگىۋارلىق»، «سىنىپىي كۆرەش ئېڭى ئۈستۈنلۈك» تالىشىپ نىجاتتەك «جىن - شەيتان»لارنى يەنە پۈت تۇپى قىلىپ تېپىشكە باشلىدى. بەزى «جەڭگىۋاردۇي»-لەرنىڭ جازالاش ئۇسۇللىرى 40 نەچچە خىلدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى ...

بۇ كۈنلەردە ئىسىيانچىلار، مەكتەپتىكى بەش «جىن - شەيتان»نى يىغىپ، بىر ئۆيگە قامىغان ئىدى. نىجات بولسا كىتاپلىرىدىن يەنە ئايرىلىپ قالدى

بىر كۈنى سەھەردە، مەكتەپنىڭ ھوقۇقىنى ئىگەللەپ تۇرغان ئىسىياچىلارنىڭ بىر كاتتىۋېشى «جەڭگىۋارلىق ئىرادى-

سى يەلەككە يەتكەن» «ھەرقانداق ئىشتىنمۇ قورقمايدىغان ئەزىمەتلەر»دىن تەشكىللەنگەن «پەۋقۇلئاددە ئەترەت»نىڭ بىر قاچە ئەزاسىنى باشلاپ «جىن ـ شەيتان»لار قامالغان ئۆيگە سۆرلۈك قىيايەتتە كىرىپ كەلدى.

— تېخىچە ئۇخلىشىۋاتامسەن؟ — دېدى كاتتىۋاش قولياغلىقى بىلەن بۇرنىنى تۇساپ، كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە. — تۇرۇشە ئورۇنلىرىڭدىن! سەيلەرگە ئۇخلاش دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قويمساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— قوپە!

— كارۋاتتىن چۈش!

چاپارمەنلەر ئېتىلىپ كېلىشىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى يوتقانلارنى يۇلۇۋېلىپ يەرگە چۆرۈۋەتتى... تاتلىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن بۇ كىشىلەرنىڭ كاناپىلىرىنى بوغۇپ دۈشكەلەپ، تېپىپ، باشلىرىنى ئېگىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىشتى.

— سەن! سەن! — دېدى كاتتىۋاش شۇنىڭدىن كېيىن ئاندۇرەززاق ئاكا ۋە سجاتلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قوللىرى بىلەن جوبۇپ تۇرۇپ. — «كىتاپ ئوقۇش ئۆيى»گە چىقىشىسەن!...

ئۇلار «كىتاپ ئوقۇش ئۆيى»دىكى «كىتاپ ئوقۇش»نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا بىر بىرىگە مەنالىق قارىشىپ قويۇشتى.

— بولدۇ، كىينىۋالايلى، — دېدى ئابدۇرەززاق ئاكا ۋە كارۋىتىنىڭ بېشىدىكى كىيىملىرىگە قولىنى سوزدى. قولىنى سوزدىيۇ شۇ ھامان «تارس!» قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ۋاي!» دېگەن ئەلەملىك سادا ئېتىلىپ چىقتى. نىجات بۇرۇلۇپ قارىدى. ئابدۇرەززاق ئاكىنىڭ بىر يېنىغا ساڭگىلاپ چۈشكەن يالىڭاچ بىلىكىدىن ئۇخچۇپ قان چىقىۋاتاتتى. دەھشەتلىك ئاغرىقتىن رەڭگى پۇرۇشۇپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغان ئىدى.

— بىز ساڭا ئۇيەردە يېڭى كىيىم تەييارلاپ قويدۇق، ھۆرمەتلىك شىياۋجاڭ، — دېدى كاتتىۋاش زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجىيىپ، — مۇشۇ پېتىڭچە ماڭساڭمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئۇ يەردە سەن ئۇيىلىدىغان قىزلار يوق.

كاتتىۋاش ئەمدى نىجاتقا قاراپ يۈزلەندى

— ئوقۇمۇشلۇق زات! بۇ گەپ ئۆزلىرىگىمۇ تەئەللۇق.

نىجات ئارتۇقچە گەپنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى سەزدى.

— سەنلەر ئۆلتۈرسىمۇ گۇناھى تۈگىمەيدىغان ئەبلەلەر، — دېدى كاتتىۋاش «كىتاپ ئوقۇش ئۆيى»گە چىققاندىن كېيىن كۆرەڭلىك بىلەن ۋاقىراپ، بۇ يەردە قوللىرىغا ھەرخىل جازا قورالرىنى تۇتقان ئون نەچچە «ئازمەت» ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى

— بىز بۈگۈن سەنلەردىن ئۇزۇل - كېسىل ھېساپ

ئالىمىز! — دېدى بىرسى ۋە ئىشىك تۈۋىدە تۇرغانلارغا بۇي-
رۇدى، — ئىشىكنى تاقىۋېتىڭلار! ...

ئىشىك ئىچىدىن تاقاپ قويۇلدى. «ھېساپ ئېلىش» باش-
لاندى: كىمنىڭ ئىنقىلاۋىي كۆرەشچانلىق ئىرادىسى كۈچلۈك؟!..
كىمنىڭ سىنىپىي دۈشمەنلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى ئەڭ
يۇقىرى؟... دۈشمەن دېگەن مانا مۇشۇ ئالدىڭلاردا تۇرغان
ئىككى ئەبلەخ! .... قېنى، ئەزمەتلەر، قەھرىمانلىقىڭلارنى
كۆرسىتىڭلار!...

ئۇلارنى «گاڭزىغا ئولتۇرغۇزۇش» ئۇسۇلى بىلەن قىي-
ناپ كۆردى، ھۇشىدىن كېتىشسە، ئۈستىلىرىگە سوغاق سۇ
سېپىشتى، كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قولىنى دولىسىدىن ئارتىلدۇ-
رۇپ، يەنە بىر قولىنى تۆۋەندىن ئارقىسىغا قىلىپ بىر
يەرگە كەلتۈرۈپ كويزا سېلىشتى. تىكەنلىك سىم قامچىلار
بىلەن ئۇرۇشتى، ئۇلارنىڭ ئىچ مايكىلىرى يىرتىلىپ،
جىرتىلداپ قان چىقىۋاتقان بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ
قالدى...

ئەتىسى كەچتە ئۇلارنى ھېچكىمنىڭ ئوخلاپ چۈشىگە-
مۇ كىرمەيدىغان بىر خىل جازا بىلەن جازالىدى: مەكتەپ-
نىڭ سول تەرىپىدە ئۆزۈن سوزۇلغان چوڭ ساسلىق بو-
لۇپ، ياز كۈنلىرى ئۇيەردىن چىققان ھېساپسىز پاشىلار
بېقىن ئەتراپقا يېيىلىپ، ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان
ئوزۇقلۇق — ئادەم قېنىنى ئىزلىشەتتى... «تەدبىرلىك» ئىس-
يانچى كاتتىۋاشنىڭ خىيالىغا توساتتىن ئاشۇ پاشىلار

چۈشۈپ قالدى.

— تۈنۈگۈن قىزىقچىلىقتا تۇساپ تەرغىبىنىمغا قارىماستىن سىلەرگە ئانچە - مۇنچە تېگىشىپ كېتىدىغان ئىشلارىيوزىبېرىپ قالدى. — دېدى ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن ھەجىپىپ، — بۈگۈن ئىسسىقتا ئۆيگە سولىنۋالماي سالقىندا كىتاپ ئوقۇشۇڭلارنى ئورۇنلاشتۇردۇق ...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى يوغان لامپا ئېسىلغان سىم تۈۋرۈك ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، مىك ۋاتلىق ئېلىپتىرلامپىسىنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا ئەتراپ يوپ - يورۇق بولۇپ كەتكەن، سان - ساناقسىز پاشىلار غىڭىلدىشىپ لامپىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇشۇپ يۈرۈشەتتى. ئابدۇرەززاق ئاكا بىلەن سىجاتىنىڭ شەپكىلىرىنى ئېلىۋېتىپ، لامپىنىڭ دەل ئاستىغا نۇرغۇزۇپ قويۇشتى. شۇ ئارىدا كاتتىۋاش قاياقتىدۇ يوقىلىپ، باتۇرۇش ئۈچ ئىسپانچى پەيدا بولدى.

— بىز سىلەرنى چېكىپمۇ قويمايمىز — دېدى ئۇلارنىڭ بىرسى كۆزلىرىنى ئوينىتىپ زاڭلىق بىلەن كۈلۈپ.

— ئادەم ئۇرۇش توغرا ئەمەس! — دېدى يەنە بىرسى ئۇنىڭغا ماسلىشىپ.

— كىتاپنى ئوقۇيالماي قالمىسۇن دەپ چوڭراق لامپا يېقىپ قويدۇق. بۇمۇ سىلەرگە غەمخورلۇق. — دېدى ئۈچىنچىسى ۋە ئۇلارشەرەتلىشىپ نېرىگە كېتىشتى.

كۆرەش يىغىنلىرىداچاچلىرىنى تولا تارتىپ يۇلۇۋەتكەچكە، ھەر ئىككىسى چاچلىرىنى پاك - پاكىز قىردۇرۇ-

ۋەتكەن ئىدى. پاشىلار قوشۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن دەل ئاشۇ پاقىراپ تۇرغان باشلارغا قاراپ ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. ئۇلار بىر قولىدا كىناپىنى ئېچىپ قويۇپ، يەنە بىر قولىدا پاشىلارنىڭ ھۇجۇمىنى قارشى ئېلىشاتتى. بىراق، بىرىپ ـ بىرىپ بىر قولمۇداپىئە جىڭگە يېتىشىپ بولالمىدى. ئۇلار كىتاپلارنى قويۇپ ئىككى قولى بىلەن پاشىلارنى ھەيدەشكە كىرىشتى. ئىسيانچىلارنىڭ كۈتكىنى دەل ئاشۇ ئىدى. ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئېتىلىپ كېلىشىپ، ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە مۇشت ياغدۇردى.

— قىزىل كىتاپنى يەرگە تاشلىۋەتكەن نەق ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى يوقىتايلى!

— قىزىل كىتاپنى ئاياق ئاستى قىلغانلار ئۆلۈمگە مەھكۇم!

ئىسيانچىلار كانايلىرى بىرتىلغىچە ۋاقىرىشىپ ھەش ـ پەش دېگىچە ئۇلارنىڭ قوللىرىنى باغلاپ تاشلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسىنى تۈۋرۈككە چىڭ ماتىۋېتىپ ئۆزلىرى يىراقراق بېرىپ تۇرۇشتى. پاشىلار توپى ئەمدى ھېچبىر توسالغۇسىز ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە ئېتىلىشتى.

— ئەتىدىن باشلاپ بۇ ئىككى ئەبلەخنىڭ يېڭى جىنايىتىدىن ھېساپ ئالىمىز، — دېيىشتى كاتتىۋاش قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ. بىراق، تۈۋرۈككە باغلانغان بۇ ئىككى كىشىنىڭ قۇلىقىغا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى كىرمەيتتى. ئۇلار باشلىرى-

نى تۇۋرۇككە ئۇرۇپ ئىچىنىشلىق تىپىرلايتتى. تولغىنىشاتتى... شۇ ۋاقىتتا، بۇ ئىشلارنى بىر چەتتە تۇرۇپ كۆزىتىپ تۇرغان ئىگىمىز بويلۇق بىر ئىسپانچى ئوقوغۇچى قەدىۋىنى باسالمىغان قىياپەتتە ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىتتىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئەلپازى ئۇلارنىڭ قوللىرىنى باغلىغان ئاۋۇ ئىسپانچىلاردىنمۇ يامانراق كۆرۈنەتتى.

— ھۇ، قارا نىيەت ئەبلەخلەر، ئىنساپنى بىلمەيدىغان بۇزۇقلار! ...، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ھە دەپ ۋاقىراپ ۋە ئالقانلىرىنى ئىچىپ نۆۋەت بىلەن باشلىرىغا پاقىلدىتىپ ئۇراتتى. ئۇ بىر قولى بىلەن باشقا ئۇرۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇلارنىڭ يۈزىگە شاپىلاقلايتتى. ئىسپانچىلار «دۈشمەنگە نەپرەتنى تولۇپ تاشقان» بۇ جەڭچىسىنىڭ شۇ تاپتىكى «روھى»غا بارىدىغانلا ئىپتىشىپ ئىرىدا كۈلۈشۈپ تۇرۇشاتتى. ئەمما، قىزىق! ... ئىسپانچىنىڭ غۇلاچلاپ - غۇلاچلاپ ئۇرغان شاپىلىغى ئۇلارنىڭ باشلىرىنى ھېچقاچچە ئاغرىتماي. ئەكسىچە پاشلارنىڭ ئازاۋىدىن خېلىلا ئارام تاپتۇرۇپ قويدى «مانا شۇنداق، توختىماي ئۇرغىن!» دەپ چىن كۆڭۈللىرىدىن تىلىشەتتى نىجات بىلەن ئابدۇرەززاق ئاكا. خۇددى بىر غەمخورچىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىپ قالغاندەك ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەلىيىگە خۇددى شۇ ۋاقىتتا بىر - ئىككى قېتىم «لاپ - لاپ» قىلىپ قويۇپلا ئېلېكتىر لامپىسىمۇ ئۆچۈپ قالدى. ئەتراپ قاپ - قاراڭغۇچىلىققا چۆكتى. ئۇلارنى شاپىلاقلاۋاتقان يىگىت كۈچلۈك، كەڭ

ئالقانلىرى بىلەن ئالدىراپ ئىككىسىنىڭ باش - كۆزىنى سى-
لايتتى ...

نىجات شۇ كۈنلەردە هاياتىدا كۆرمىگەننى كۆردى، ھەممىسىز ئازاپلاشلار ئۇنىڭ سەۋر كاسىسىنى نەچچە قېتىم دولقۇنلىتىپ، نەچچە قېتىم تاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ ھەتتا بىر قات-چە قېتىم ئۆزىنىڭ هاياتىدىنمۇ ئۈمىتسىزلەندى...

ئۇنىڭ چىكە چاچلىرىغا ۋاقىتسىز ئاق كىرىپ، كۆزئەت-راپىغا سىزىقچىلار تارتىلغان، گويا يېشىغا بىراقلا ئون نەچچە ياش قوشۇلۇپ قالغاندەك بولۇپ قالغانتى. «بۇ باش - ئايىغى يوق، ئالا-توپىلاڭلارنىڭ تۈگەيدىغان كۈنىمۇ بارمىدۇ؟... جاهان زادى نىمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟ كاشكى، بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرەرسى بولسىمۇ، ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدىن تارتىپ بىز ئاڭلىغان، ئەقىدە باغلىغان، ئۆگەنگەن سىياسەت، نىشانلارغا ئوخشىسا...» ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ، چېكىلىرى تارتىشىپ كېتەتتى.

ئەمما، هاياتتا شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۆز ئەقىدىلىرى، ئۆز غايىلىرى ئۈچۈن باشلىرىغا توپان بالاسى يېغىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئەقىل - ئىدرىكىنى، ئىرادىسىنى ئىشقا سېلىپ ئۈمىتسىزلىك، غەم - قايغۇ ۋە ئازاپلىنىشلار ئۈستىدىن غالىپ كېلەلەيدۇ.

نىجاتمۇ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرىدىن ئىدى. «ياق! — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بې-رىپ، — ئۆزەم چېكىنىۋاتقان مۇشۇ ھەسرەت - نادامەتلەرنىڭ

ئۆزىدىن، ئاشۇ ھەسرەت - نادامەتنى داۋالايدىغان دورا
تېپىشىم لازىم!...»

ھەر كۈنى بولۇپ تۇرۇۋاتقان باش - ئايىغى يوق
تۈگىمەس «كۆرەش پىرىەن»لەر نىجاتنى ھاردۇرۇپ، ئاقىـ
ۋەت ماغدۇرىنى قويمىدى.
بەش نەپەر «جىن - شەيتان» بىر ياتاقتا قامالغان
چاغلاردا، گەرچە ئۇلارنىڭ كۆڭلىرى ھازىرقىدىن ئازايلىق
ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ ئاغزى ئاچە-
مۇنچە ئىسسىق تاماقتا تېگىپ تۇراتتى. چۈنكى، باشقا تۆت
كىشىنىڭ ئائىلىسىدىن ئاچە - مۇنچە تاتلىق - تۈرلۈك
تاماقلار كېلىپ تۇراتتى.
ئىسيانچىلارنىڭ كويا كاتتىۋېشى ئاغدۇرۇلۇپ، يېگى-
دىن بىرسى باش كۆتىرىپ چىققاندىن كېيىن ئۇ «يېگى-
لىق يارىتىپ»، «جىن - شەيتان»لارنى ئائىلىلىرىگە قاي-
تۇردى. بۇ ھالەت نىجاتقا يېڭى بىر قىيىنچىلىق ئېلىپ
كەلدى. ئۇنىڭغا مەكتەپ ئاشخانىسىدىن كۆپىنچە تاماق
تەگمەيتتى؛ ئۇنىڭ قولىغا ئەسكى داسنى تۇتقۇزۇپ كوچى-
لارنى ئايلاندۇرۇپ سازايىنى تۈگىتىپ كېلىشكەندە ياكى
پىپىن يىغىنلىرىدىن قايتىپ كەلگەندە ئاللىقاچان تاماقخانا
تاقىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇنى سازايىغا ئېلىپ چىققانلار
ئەتىگەنكە شېرىكلىرى ئېلىپ قويغان تاماقلارنى بەيتتى. ئۇ
بىرنىما ھېرىپ - ئېچىپ ياتىقىغا قۇرۇق قول قايتاتتى. ئۆزى

تاماق ئىچىپ يەي دىسە، ياتاقتا ھېچنىمە ھەتتا ئوچاقمۇ
يوق. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەييارلاشقا ئۇنىڭدا ۋاقتىمۇ،
ئىمكانىيەتمۇ يوق ئىدى. ئۇ مەكتەپنىڭ سىرتىغا چىقالمايت-
تى. بۇنىڭغا ئىسيانچىلار رۇخسەت قىلمايتتى. بىرەر ئوقۇت-
قۇچىنىڭ ئۆيىگە كىرىشكىمۇ بولمايتتى. جاھان شۇنچە نا-
زۇك. قورقۇنچلۇق تۇرسا، كىممۇ قورقماستىن ئۇنى ئائىلى-
سىگە ئېلىپ كىرىپ تاماق بېرىشكە جۈرئەت قىلسۇن؟! ئۇ
بەزىدە پۇرسەت تاپسا تاماقخانىدىن ئۈچ - تۆت نانى
ئارتۇق سېتىۋېلىپ ياتىقىغا ئەكىرىپ قوياتتى. كۆرەش، پى-
پەن ياكى سازايى قىلىش...لاردىن قايتىپ كېلىپ قوسىقى
ئاچسا ئاشۇ قۇرۇق نانى غاجايتتى. چىلەكتىكى كۆل سۈيى
ئۇنىڭ چېيى بولاتتى. بۈگۈن ئۇ ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈل-
گەن ئون مىڭ كىشىلىك چوڭ پىپەن يىغىنىدا ئالتە سائەت
كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ قايتىپ كەلدى. نىجات
قەدەملىرىنى تولىمۇ تەستە ئالاتتى، بېشى قېيىپ، كۆز ئال-
دى قاراڭغۇلاشقاندەك بولاتتى، قۇلىقىغا كىشىلەرنىڭ تىل-
لاشلىرىمۇ، باشقا ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىمۇ كىرمەيتتى. پەقەت،
پەقەت... ياتىقىغا ئىتتىكرەك يەتسەيۇ، ئۆزىنى ئورۇنغا
تاشلاپ بىرقانچە سائەت ئۇخلىۋالسا... ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەت-
گەن يېرىم نانىنى سوغاق سۇغا تۇگۇرۇپ يېگەنچە ئالتە-
يەتتە سائەتتىن بۇيان ھېچنىمە يېمىگەنلىكىنى غىل - پال-
لا خىيالىغا كەلتۈردى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قوسىقى ئېچىپ،
ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىراق، بۇمۇ ئانچە

مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى، ياتاقتا تېزرەك بىر دۆۋىلىمىش... ئۇ
ئاران - ئاران چامداپ ماڭاتتى، بىردىن ئۇنىڭ قۇلاقلىرى
غۇڭۇلداپ كۆز ئالدىدا يەر - جاھان ئايلانغىلى تۇردى. ئۇ
ئۆزىنىڭ كۆڭلى ئاينىۋاتقانلىقىنى، بېشىنىڭ قېيىۋاتقانلىـ
قىنى سەزدى. «ياق!... چىداش كېرەك.— چىشلىرىنى چىڭ
چىشلەپ ئويلىدى ئۇ.— كوچىدا، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يىـ
قىلىپ قېلىش ئۇيات!...» ئۇ بېشىنى سىلكىپ كۆزلىرىنى
يوغان ئاچتى ۋە غەيرەت قىلىپ چوڭ-چوڭ دەسسەپ مېڭىپ كەتتى.
كەچتە ئۇ تاماقخانىغىمۇ بارمىدى. شۇ تاپتا ئۇ يەرگە بېرىشـ
مۇ بايدىسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچىلىك ھېرىپ-
چارچاپ كەتكەن ئىدىكى، پۇت - قوللىرى بەدىنى سىقىراپ
ئاغرىيتتى. ئۇ ئۇزۇنغىچە ياكى ئۇخلىغىنىنى، ياكى ئۇخلىمىغـ
نىنى نامەلۇم ھالەتتە ياتتى. ئۈيمۇ، تالامۇ قاپ - قاراڭغۇ
ئىدى. ھازىر قايسى ۋاقىت بولۇپ قالدىكىن؟... ئۇ تالاغا
قۇلاق سالدى. ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى،
«كېچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ - دە. — پەرەز قىلدى
ئۇ، — ئەمدى ئۇخلاش كېرەك...» بىراق، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى
قاچقان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قوسىقى شۇنچىلىك
ئاچقان ئىدىكى... ئۇ چاپلىشىپ كەتكەن قوسىقىنى ئاستا
سىلاپ قويدى. بىر كەمدە ئىشىك تۈۋىدە قانداقتۇ بىر
شىپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، نىجات ھوشيارلىنىپ قۇلاق
سالدى. كىمدۇ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندەك بولدى. «ھېلىقى
ئىسپانچىلار ئەمەستۇ؟...» ئىشىك ئاستا ئېھتىيات بىلەن

چىكىلدى «ياق، — دەپ ئويلىدى نىجات — بۇ ئىسيانچىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار بولسا ئىشىكنى بۇنداق ئېھتىيات بىلەن چەكمەيتتى»، ئىشىك يەنە چىكىلدى، بۇ قېتىم ئالدىنقىسىدىن سەل قاتتىقراق ئىدى. نىجات ئەستە كۆتىرىلىپ ئولتۇردى ئۇ ئىشىككە يەنە قۇلاق سېلىۋاتاتتى.

— نىجات مۇئەللىم... نىجات ئاكا!...

نىجات چۆچۈپ كەتتى، ئاۋاز قىزنىڭ ئىدى. چاقىرىش تەكرارلاندى، نىجات ئەمدى ئاۋازنى تونۇدى «پاتىگۇل!؟...» ئۇ چىراقنى يورۇتمايلا ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىكتە پاتىگۇل ۋە يەنە بىر قىز (نىجات ئۇنى ئوقۇغۇچىمىكىن دەپ پەرەز قىلدى) تۇراتتى.

— نىجات ئاكا. تاماق ئېلىپ كەلگەنتىم، — دېدى پاتىگۇل ئاۋازىنى پەس قىلىپ چىقىرىپ، نىجات ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تىترەپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ قالدى. نىجات ئويلىنىپ تۇرمايلا پاتىگۇل ئۇزاتقان ئوراقلىق نەرسىنى ئالدى.

— ئەتە ئەتىگەندە ئوقۇغۇچى قىزلاردىن بىرنى ئەۋەتىمەن، خەير - خوش، — دېدى پاتىگۇل ئالدىراپ ۋە يېنىدىكى قىزنى قولتۇقلاپ ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ كەتتى، نىجات ئىشىكنى ئېتىپ، ياتىقىغا كىردى، چىراقنى يورۇتۇپ داستىخاننى يەشتى. ئىسسىق چىقىپ تۇرغان كاستىرولكىنىڭ ئۈستىگە بەش يۇمشاق ئاق نان قويۇلغان ئىدى، نىجات نانلارنى ئېلىپ كاستىرولكىنى ئاچتى،

چۆچۈرىنىڭ گۈپۈلدەپ تۇرغان مەزىلىك پۇرىغى ئۇنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلدى...

دىگەندەك ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئىشىگى يەنە چېكىلدى. ئىشىكتەچايدان كۆنەرگەن بىر قىزتۇراتتى، ئۇنىڭدىن سەللا نېرىدا ئىسىيانچىلارنىڭ يەڭ بەلگىسىنى تاقىغان يەنە بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئەتراپىغا قاراپ تۇراتتى نىجات ئۇنى تونۇدى. ئۇ ئۆتكەندە ئۇلارنى پاشىلار ئازارىدىن قۇتقۇزغان يىگىت ئىدى.

— بىزنى پاتىگۈل مۇئەللىم ئەۋەتتى، — دىدى قىز مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — كاستىرولكا بىكار بولغان بولسا...

— بىكار بولدى، — دىدى نىجات ۋە ياغلىقتا ئوراپ تەييارلاپ قويغان كاستىرولكىنى قىزغا ئېلىپ چىقىپ بەردى.

— چايداننى ئېلىپ قېلىڭ مۇئەللىم! — دىدى قىز چايداننى ئۇنىڭغا سۇنۇپ. نىجاتمۇ چاپسان چايداننى ئالدى.

قىز نىجاتقا قاراپ، بېشىنى يېنىككىنە لىڭشىتىپ «خوش!» دىگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى. نىجات ئۆز قەلبىنى ئەچچە ئايلاردىن بۇيان ئازاپلاپ كەلگەن تۇيغۇلارنىڭ قايىاققىدۇ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىغىنى ئۇنىڭ ئورنىنى بەكىۇ يېقىملىق بولغان بىر خىل تۇيغۇنىڭ ئىگەللەۋاتقانلىغىنى ھېس قىلدى. «مېنى تاش

لىمايدىغانلار بار، — ئىشىكنى يېپىپ پىچىرلىدى ئۇ، — ئۇلار مېنى چۈشىنىدۇ...»

بىرقانچە ئايلاردىن بۇيان ئۇ چاي سېلىپ دەملەن‌گەن مۇنداق تەملىك قىزىق چاينى ئىچىپ كۆرمىگەن ئىدى. ھەپتىلەپ قايناقسۇ دىگەننىمۇ ئىچەلمەيۋاتقان يەردە دەملەنگەن چاينى خىيال قىلىشمۇ كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟

چاي ئىچىۋاتقاندىمۇ پاتىگۈل ۋە ھېلىقى ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئېغىر كۈنلەردە خەۋپ - خەتەردىن قورقماي پۇرسەت تاپسىلا ئۆزىنىڭ ھالىدىن خە-ۋەر ئېلىپ تۇرغان سۇ كىشىلەرگە ئۇنىڭ مىننەتدارلىقى چەكسىز ئىدى؛ ئىجات تارتىپ چىقىرىلغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە، پاتىگۈل ئىمكانىيەت تاپسىلا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەرئېلىپ تۇرۇۋاتاتتى.ئۇ ئىجاتقا كىتاپ، يىمەك - ئىچمەك ياكى باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئەكىرىپ بەرمەكچى بولسا، كۆپىنچە ھاللاردا ئەخمەتنىڭ كىچىك ئىنىلىرىنى ئىشقا سالاتتى، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۆزىگە يېقىن بولغان بەزى قىز ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ پايدىلىناتتى. ئەمما، يېقىنقى بىر-نەككى ئايدىن بۇيان ئىسيانچىلارنىڭ نازارىتى بەك قاتتىق-لىشىپ كەتكەچكە، پاتىگۈل، ئىجاتتىن خەۋەر ئېلىشقا ئامال-سىز قالغان ئىدى. تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن تەۋەككۇل قىلىپ ھېلىقى قىز ئوقۇغۇچى بىلەن ئۆزى ئۇنىڭ ياتىغىغا كەلدى، بۈگۈن ئەتىگەن يەنە چاي كىرگۈزۈپ بېرىش ئىمكانىيىتى-نى تاپتى...

چاي ئىچىپ بولغان نىجات ياتاق ئىشىگىنى قىيا ئېچىپ سىرتقا نەزەر سالدى. ئەتراپ تىنچ بولۇپ، ھەر كۈنكىدەك ئۇنى بازارەت قىلىپ، ئىشىك ئەتراپىدا پايلاپ يۈرىدىغانلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. «بۇلارغا نىمە بولدىكىنە؟ ياكى... بۈگۈن باشقا ئىشلىرى چىقىپ قېلىپ، مېنى ئۇنتۇپ قېلىشتىمىكىن؟... بولسا، ئۇنتۇپ قېلىشسۇن...» نىجات شۇلارنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ، ئىشىكنى ياپتى-دە، كارۋىتىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ «ئۈزۈندە» نى ئاچتى. مۇنداق قارىغان كىشى ئۇنى «ئۈگىنىۋېتىپتۇ» دەپ ئويلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، كىتاپتىكى خەتلەرگە قارىۋېلىپ باشقا نەرسىنى خىيال قىلىۋاتاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۆدەكلىك چاغلىرى گەۋدىلىنىپ، مەرھۇم ئاتا - ئانىسىنى ئويلاپ قالدى...

......

— سۇ، سۇ، ... ماڭا سۇ بېرىڭلار!... نىجات سالام قېنى سەن؟ ماڭا سۇ بەرگىن، قوزام...، — ئىشىك، تۈڭلۈكلىرى ئىسلىنىپ، قارىيىپ كەتكەن كىچىك، نامرات كۈلبىنىڭ سۇپىسىدا — ئەسكى بورا ئۈستىگە سېلىنغان يىرتىق كۆرپە ئۈستىدە تولغىنىپ، ئىنجىقلاپ ياتقان ياش ئانا، ئەڭ ئاخىرقى ماغدۇرىنى يىغىپ ئىڭرىماقتا...

باينىڭ يېقىنلا يەردىكى ئارقا قوراسىدا تىرىقچىلىق قىلىۋاتقان غۇپۇرجان بىر ھەپتىدىن بۇيان قوساق ئاغرىقى

دەردىدە ئىڭراپ ئازاپلىنىۋاتقان ئايالى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا قالغان بەش ياشلىق ئوغلى نىجاتتىن ئەنسىرەپ، قولىدىكى قوشنى يەنە بىر ئۆزىگە ئوخشاش مالاي يىگىتكە تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇنىڭ بەلۋېغىدا قوشچىلارنىڭ چۈشلۈك تامىقى ئۈچۈن بېرىلگەن بىر زاغرا، بىر ھەمەك نان بار بولۇپ، ئايالى بىلەن بالىسىغا تۈگۈنۈپ، ئۇنىڭ بىر بۇردىسىنىمۇ ئاغزىغا سالمىغان ئىدى. ئۇ ئاشۇ ناننى بولسىمۇ تېزرەك ئايالىغا يەتكۈزۈپ بەرسە، ئايالىنىڭ كېسىلىگە ئازراق بولسىمۇ ئارام بولىدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

غۇپۇر ئۆيىگە كىرگەندە رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن ئايالى ئەمدى ئىڭراشقىمۇ ھالى قالماي، تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئوغلى بولسا كۆرۈنمەيتتى.

— قانداقراق تۇرىسلە؟ — دېدى ئۇ ئايالىنىڭ يېنىغا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ھەم ئۇنىڭ پېشانىسىگە قولىنى قويدى.

ئايال كۆزىنى سەللا ئېچىپ، ئېرىگە بىرھازا غىچە قاراپ گەپ قىلماي ياتتى، كېيىن تولىمۇ ھالسىز ئۈن بىلەن پىچىرلىدى:

— سۇ... نىجات!...

غۇپۇر بېلىدىكى تۈگۈلۈك ناننى بەلۋېغى بىلەنلا يېشىپ، ئايالىنىڭ يېنىغا قويدى-دە، ئىشىكتىن سىرتقا چىقتى:

— نىجات، ھوي نىجات!...

ئۇنىڭ چاقىرىشلىرىغا ھېچقانداق جاۋاپ چىقمىغاچ،

ئەنسىرەپ ئۆيىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتتى. ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئايتاپلىقتا يۈز - كۆزلىرى تۇپىا بولۇپ كەتكەن كىچىك گۆدەك، تامغا بېشىنى تىرىۋېلىپ ئۇخلاۋاتاتتى. غوپۇرنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ، بالىنى ئاۋايلاپ كۆتىرىۋالدى.

— ئارقىدا ئۇخلاپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ، ئۆيگە كىرىپ ئايالىغا، بىراق ئايالىدىن جاۋاپ چىقمىدى.

— ئاپىسى... سادەت! — دەپ مەڭدىگىنىچە چاقىردى غوپۇر. دادىسىنىڭ ئاۋازىدىن بالىنىڭمۇ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. غوپۇر بالىنى يەرگە دەسسىتىپ قويۇپ، ئايالىنىڭ بېشىغا يېقىن كېلىپ، تىزلانغىنىچە ئېگىشىپ قارىدى:

— ئانىسى، كۆزۈڭلىنى ئېچىڭلا... نىجاتمۇ كىردى، — دەيتتى ئۇ تىترەك ئاۋاز بىلەن، ئايال تەسلىكتە كۆزىنى ئاچتى ۋە بىر غوپۇرغا، بىر بالىغا قارىدى، ئۇنىڭ مۇردىدەك تاتىرىپ كەتكەن سولغۇن چىرايى پىلىلداپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرىگە قاراپ غوپۇرنىڭ گېلىنى بىر نەرسە بوغۇۋالغاندەك دېمى سىقىلدى. ئۇ گەپ قىلالماي، يوغان، قوپال قوللىرى بىلەن ئايالىنىڭ پىشانىسىگە چۈشۈپ قالغان چاچلىرىنى ھەدەپ تۈزەيتتى.

— بالىڭ قوسىقى... ئاچ... تى، — دېدى ئايال تولىمۇ تەسلىك بىلەن، ئۇنى ئۇنىڭ پىچىرلىغاندەك بەك تۆۋەن ئىدى كۆزلىرى بولسا نىجاتقا قاراپلا تىكىلىپ تۇراتتى.

— مەن نان ئېلىپ كەلدىم، سىلىمۇ يەپ باقامسىلە؟ — دېدى غوپۇر ئالدىراپ ۋە زاغرىنى ئوغلىغا تۇتقۇزۇپ، تىترەك قوللىرى بىلەن ھەممەك ناننى ئايالى ئۇچۇن ئۇشتۇدى.

— بالا... يىسۇن، — دېدى ئايال، خۇددى كۈلۈمسىرەشكە تەمشەلگەندەك لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ.

قوسىغى ئاچقان نىجات بولسا، قولىدىكى زاغرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يىمەكتە ئىدى. ئانا ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ياتاتتى. ئۇسىگىغا قاراپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان غوپۇر ئانىسىنىڭ كۆزلىرىدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان ئىككى تامچە ياشنى كۆردى.

— سۇ، — ئايال ئىنتايىن زەئىپ ئاۋازدا پىچىرلىدى.

غوپۇر سەكرەپ تۇرۇپ سۇغا يۈگۈردى. ئالدىراشچىلىقتا ھىجىرنى قويغان يەرنى تاپالماي. ئۆينى بىر ئايلاندى. ئۇ كۇپتىن سۇ ئېلىپ كېلىۋېتىپ، ئايالىنىڭ يەنە قاتتىق بىر تولغانغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— ئانىسى! ئانىسى! — دېدى ئۇ ھولۇقۇش ئىچىدە ۋە يۈرىكى قاىداقتۇ بىر دەھشەتنى سەزگەندەك ئىتتىك ئايالى ياتقان يەرگە كەلدى. ئايال لەپپىدە كۆزىنى ئېچىپ ئاۋال ئېرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن بالىسىغا قارىدى. قارىدىيۇ بىلىنەر - بىلىنمەس بىر تەۋرەنگەندەك بولۇپ شۇ پېتىچە قېتىپ قالدى.

— سادەت ... ئانىسى!...

— ئانا!...

ئانا - بالىنىڭ ئىچىنىشلىق زارى، كىچىك نامرات كۆلبىدىن ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى...

ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئاچچىق يىغا نىجاتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ كۆزلىرىدىن باش تاراملاپ چۇشمەكتە «جېنىم ئانا! ... جېنىم دادا!...» — دەپ پىچىرلايتتى ئۇنىڭ لەۋلىرى. شۇ كۈنگىچە ئۇ بۇنچىلىك ئۆزىنى تۇتالماي قاتتىق يىغلىغان ئەمەس ئىدى. ئېغىر ئۆكسۈشتىن يۈرىكىمۇ رىتىمسىز ئۇرۇپ كۆكرىكى سانچىپ-سانچىپ ئاغرىشقا باشلىدى ... ئۇ شۇ ھالىتىچە خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئىككى قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن يۈزلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇردى.

نىجات ئۆزىنى ئورنىۋالغان ئېغىر، يۈرەكنى ئەزگۈچى خىياللاردىن قۇتۇلۇشقا ھەركەت قىلىپ كۆردى. لېكىن ئۇنىڭ بۇنىڭغا ماغدۇرى يەتمىدى بىر - بىرىدىن ئېغىر، بىر بىرىدىن يامان خىياللار ئۇنى ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مەرھۇم دادىسى كېلىپ تۇرۇۋالدى ئۇنىڭ خىيال قۇشى يەنىلا ئۆز قانىتىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېيىپ، پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى ... ياشلىق ئۆمرىنى بايلارنىڭ ئۆيىدە ھەكۈزدەك ئىشلەپ ئۆتكۈزگەن غۇپۇر ئاكا كەمبەغەل بولۇشقا قارىماستىن يۇرت ئىچىدە ھۆرمەتكە ئىگە كىشى ئىدى. ئۇ كۈچلۈك پالۋان ئادەم بو-

لۇپ ئىككى - ئۈچ كىشىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشىنى ئۆزى يال-
غۇز بىر كۈندىلا قىلالايتتى. چېلىشتا پۈتۈن يۇرت بويىچە
ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى. راۋاپ چېلىپ، ناخشا ئېيتسا،
يۇرتتىكى ئۆزىگە ئوخشاش نامرات - يوقسۇللارنىڭ كۆڭۈل-
لىرى يايراپ كېتەتتى. كەمبەغەللەر ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆ-
رەتتى، بايلار بولسا ئۇنى ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرەتتى.

يوقسۇللارنىڭ تەلىيىگە ئاقىۋەت ئازاتلىق تېگىمۇ
ئاتتى...

ئۇلارنىڭ يۇرتىغا خىزمەت دۈيى ئەزاسى بولۇپ كەل-
گەن ياشقىنا بىر ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىسى پۈتۈن يۇرتتى-
كى بىردىن بىر يېڭىچە مەكتەپكە ياشلارنى، بالىلارنى
ۋە بىر قىسىم ئۆزلۈكىدىن قىزىقىپ يىغىلىپ قالغان چوڭلار-
نى يىغىپ، «شەرق قىزاردى، كۈن چىقتى...» دېگەن ناخشى-
نى ئۆگەتتى.

ئەقىللىق، زېھنى ئۆتكۈر نىجات، بۇ ناخشىنى ھەممى-
دىن بۇرۇن ئۆگىنىۋېلىپ، بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا باشقىلار-
نىڭ ناخشا ئۆگەتكۈچىسى بولۇپ قالدى ... بىراق، بىر
يىلدىن كېيىن، نىجات گۆدەكلىك ھاياتىدا يەنە بىر قېتىم
ئەڭ ئېغىر مۇسىبەتكە دۇچكەلدى: شۇ كۈنلەردە دېخانلار ئۇ-
يۇشمىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئاكتىپ ئىشلەۋاتقان غۇپۇر ئاكىنى
بىر كېچىسى زومىگەرلەرنىڭ يالاقچىلىرى كەينىدىن
تۇيۇقسىز پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.
پۈتۈن يۇرت ئۇنىڭغا قارىلىق تۇتۇپ ھازا ئاچتى. خىزمەت

دۈيسىنىڭ دۈيجاڭى ۋېي خۇرۇڭ ئۇنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا يۇرت-
داشلارغا ئوخشاشلا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ تەزىيە
سۆزى سۆزلىدى:

— ... يېڭى جۇڭگو، يولداش غۇپۇرغا ئوخشاش كەمبەغەل ئەمگەكچىلەرنىڭ يېڭى جۇڭگوسى! ئۇنىڭ باتۇر، قەھرىمان، ئەمگەكچان خەلقى جاھالەتلىك ئۆتمۈشكە مەڭگۈ خاتىمە بەرگەن بۈگۈنكى كۈنلەردە. ئۆز جەمئىيىتىدىن ئۈمىت ئۈزەلمىگەن بىر ئوچۇم مۇناپىقلار ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشماقتا ...، — ۋېي دۈيجاڭ ئۆۋەتتىكى سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى ئۈستىدە، مەرھۇم غۇپۇرنىڭ بىر قانچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ئىش ئىزلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالغاندىن كېيىن ئاخىرىدا مۇنداق دېدى. — بىز تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ھوشيارلىقىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، تىرىلىشكە ئۇرۇنغان سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىشىمىز لازىم! سوتسىيالىزىم، جۇڭگودا چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ! غۇپۇردەك يوقسۇللارنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى چوقۇم كۈلىدۇ؛ بىز قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ گۈرەل. بەختىيار كەلگۈسى ئۈچۈن ئىككىلەنمەي ئالغا قاراپ كۈرەش قىلايلى! ..

خەلق ھۆكۈمىتى نىجاتنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى يېتىملىكىنى سىلدۇرمەي ھېچنىمىگە مۇھتاج قىلماي تەربىيىلەپ ئوقۇتۇپ ئاخىرى ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتتى ...

ئاشۇلارنى ئويلىغاندا ئۇھامان. ئۆز يېزىسىدىكى رايونلۇق ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى ۋەيخۇرۇك، ئىسلامدەك تاغىلىرىنى سەممىي سىغىنىش ۋە ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيتتى. شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ كارتىنىسى بىر بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى؛ خۇددى دادىسىدەك كۆيۈنۈپ، دائىم ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان مېھرىۋان ۋەيجاڭ. دادىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن جىگەرلىك، ئىشچان ئادەم — دېخانلار ئۆيىۇشىسىنىڭ جۇرېنى ئىسلاملار ئۇنىڭ ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندەك ۋە ئىككىلىسى ئاتىلارچە مېھرى بىلەن جىملەپ «سىڭنى قارا! ...» دەۋاتقاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە لىققىدە ياشقا تولدى...

ئىشكىنىڭ چېكىلىشى نىجاتنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، كۆزىدىكى ياشنى ئېتىك سۈرتكىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ نىمىشكىدۇ بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇۋېلىپ ئىشكنى ئاچتى، ئىشىك ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر جەڭچىسى كۈلۈپ تۇراتتى. نىجات ئېسىنى يىغىپ بولغىچە ئارىلىقتا جەڭچى يۈگۈرۈپ كېلىپ: «ئاكا!» دېگىنىچە ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— ئەخمەت؟... ئۇكام، ئۇكام!...، — دەيتتى نىجاتمۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك.

نىجاتنى قىيناۋاتقان بارلىق غەم - قايغۇ، ئۈمىتسىزلىك، ئەندىشە... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى، خۇددى ئىس -

تۇتەكتەك بىردىنلا غايىپ بولۇپ، ياتاقنىڭ ئىچى شاتلىق
ھاياجان ئىچىدە جانلىنىپ يورۇپ كەتكەنىدەك بولدى.
ئەخمەتنىڭ بويى كۆرۈنەرلىك ئېگىزلىگەن، كەڭ مۈرىلىك،
سۇمباتلىق بەستىگە يېپ ـ يېڭى ھەربى كىيىم قويۇپ
قويغاندەك يارىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان
بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزى، نىجاتنىڭ قىزارغان كۆزلىرىگە
ئىششىغان قاپاقلىرىغا چۈشۈپ چوڭقۇر ئىچىنىغان ھالدا
لەۋلىرىنى چىشلەپ، بېشىنى ئېغىتتى...
ئەخمەت، ئائىلىسىدە پەقەت ئۈچ كۈنلا تۇردى. ئۇ
ئەمدى يىگىجاڭ ئىدى. ئەخمەت بۇ قېتىم خىزمەت بىلەن
يول ئۈستىدىلا كەلگەنلىكىنى، ئۆزى تۇرۇۋشلۇق قىسىمنىڭ
مۇشۇ ناھىيىگە يېقىن ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىنى،
ھازىرغىچە ئۆزۈن تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى.
نىجات پات ـ پات خەيرىخاھلىق قىلىپ
تۇرۇشى، ئەخمەتنىڭ ئايمۇ ئاي پۇل ئەۋەتىپ تۇرۇشى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىدىكى ئىككى كىچىك بالىنىڭ چوڭ
بولۇپ، ئۆي ئىشلىرىغا ياراپ قېلىشى بىلەن، ئەخمەتنىڭ
ئائىلىسىدىكى ئېغىرچىلىق خېلىلا يەڭگىللەپ قالغان ئىدى.
ئۇنىڭ ئانىسى ئەمدىلىكتە ھال ـ كۈنىنىڭ ياخشىلىنىپ
قالغانلىقىغا قارىماي يەنە بىر غەم بىلەن بەنت ئىدى.
«توۋا، ـــ دەيتتى ئانا، نىجاتنىڭ شۇ كۈنلەردە ئۇچرا-
ۋاتقان بەختسىزلىكلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ـــ قانداق
جاھان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ـ ھە؟ نىجاتتەك ئاق كۆڭۈل، ياخشى

نىيەتلىك كىشىلەر ئۈستى - ئۈستىلەپ تۆھمەت بىلەن ئېغىر كۈنلەرگە قالسا، يامان ئادەملەر ئەتىۋارلىنىپ، ئۆزى بىلگەنچە ئەسكىلىك قىلىشقا يول قويۇلۇۋەرسە، بۇنىڭغا نىمە دېيىش كېرەك؟ ياق، ياق! بۇنداقمۇ كېتىۋەرمەس ئاخىرى بۇ مالىمانچىلىقلارنىڭمۇ ھېساۋى بولۇپ قالار...»

# سەككىزىنچى باپ

ئالىمانچىلىق كۈنسېرى ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى. ئىسپانچىلارنىڭ قولىرىدىكى نەيزە، كالتەكلەر ھەش - پەش دېگىچە مىلتىق، ئاپتومات...لارغا ئالماشتى. پولات قالپاقلارنى كىيىپ، بەللىرىگە ئوقدانلارنى باغلاپ ئېسىۋالغان ناتونۇش كىشىلەر مەكتەپتە پەيدا بولۇپ، ئوق ئاۋازلىرى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى. كىشىلەر كېچىلىرىلا ئەمەس، كۈندۈزلىرىمۇ ئۆيلىرىدىن سىرتقا چىقىشقا ئېھتىيات قىلىشاتتى.

رەتلىك، پاكىز ۋە دەل - دەرەخلىك، گۈلزارلىقلىرى ھەرقانداق كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ زوقلاندۇرىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قىياپىتىمۇ پۈتۈنلەي دېگەندەك ئۆزگەرگەن: ئىشىك - دەرىزىلىرى چېقىلغان سىنىپ، ئىشخانا بىنالىرى، مەيدانلاردىكى ھەرخىل چېچىلىپ، بۇزۇلۇپ ياتقان تەنھەركەت سايمانلىرىغا قاراپ، ئۇيەرنىڭ

«مەكتەپ» ئىكەنلىگى قىياس قىلىنسا، يول، مەيدان، ئاشخانا بىنالىرىدا مېڭىپ يۈرگەن، ھەر خىل كىيىنگەن قۇراللىق كىشىلەرگە قاراپ «مەكتەپ» ئىكەنلىگىنى بىلگىلىمۇ بولمايتتى. ئەسلى يۇرتى مۇشۇ ناھىيەدىن بولغان ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپچىلىگى، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى قۇلۇپلاپ كېتىپ قېلىشقان، مەكتەپتە نىجاتقا ئوخشاش سىرتتىن كەلگەن بىرقانچە ئوقۇتقۇچىلارلا قالغان ئىدى.

شۇ كۈنلەردە نىجاتمۇ جىددى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل ئىدى، 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى خۇ مۇئەللىمنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۇ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى باشلىغان ئىدى.

پىشقەدەم زىيالى خۇ مۇئەللىم بۇ ياش ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىسىدىكى ئىقتىدارنى، زېرەكلىگىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يارىدەم بېرىشكە بۇرۇنلا بەل باغلىغان. ئۇ ئۆزىدىكى «خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە سۆزلۈكلەر لۇغىتى» نى نىجاتقا بەردى. ھەركۈنى ئىككى سائەت ئىنگلىزچە سۆزلەرنى قانداق تەلەپپۇز قىلىشنى، ئۇنىڭ جۈملە تۈزۈلۈش قانۇنىيەتلىرىنى نىجاتقا دەرس قىلىپ ئۆتەتتى.

يېرىم كېچە، نىجات ھەركۈنكى ئادىتى بويىچە ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ، بۈگۈن كەچقۇرۇن خۇ مۇئەللىمدىن ئېلىپ كەلگەن ئىنگلىز تىلى دەرسلىرىدىن ساۋاقلىرىنى تەكرارلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆگەنگەن ھەربىر سۆزنى بىرقانچە ئون قېتىمدىن قايتا ـ قايتىلاپ تەكرارلايتتى، ئاددى جۈملىلەرنى تۈزۈپ سۆزلەپ باقاتتى...

بىردىن تالادا دۈكۈرلىگەن قەدەم ئاۋازلىرى، كىشىلەرنىڭ ئالدىراپ سۆزلەشكەن تەشۋىشلىك ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، بىرقانچە مىنۇت ئۆتۈپ بۇ ئاۋازلارمۇ تىندى، نىجات دەرسلىكنى قولىغا ئېلىپ ئۆگىنىشكە قايتىدىن كىرىشىۋاتقاندا، بىردىنلا ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى. نىجات دەرسلىكنى چاققانلىق بىلەن كۆرپىسى ئاستىغا يوشۇرۇپ، ئېھتىيات بىلەن سورىدى:

— كىم؟

— ئىشىكنى ئاچ!

نىجات ساراسىمە ئىچىدە ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. پولات قالپاق كىيىپ، ئاپتومات ئاسقان ئىگىز بويلۇق بىر كىشى بىلەن مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوسمان «سىلىق» دەپ نام چىقارغان ئىسيانچىلار كاتتىۋېشى ياتاققا ئۇسۇپ كىرىشتى،

— قورقتىڭمۇ؟ — دىدى ئوسمان «سىلىق» تاماكىسىنىڭ ئىسىنى نىجاتنىڭ يۈزىگە پۈركۈپ تۇرۇپ تەكەببۇرلۇق بىلەن. ئۇ كۆزلىرىنى ياتاقنىڭ تۆت تەرىپىگە ئوغرىدەك يۈگۈرتۈپ چىقتى. ياتاقتا بىر كارىۋات، بىر شىرە ۋە بىر چىلەك بىلەن يۈز يۇيۇش دېسىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى.

ئوسمان «سىلىق» بىر قولى بىلەن يانپىشىدىكى يوغان قاپلىق تاپانچىسىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك سىلاپ تۇرۇپ ھىجايدى:

— ساڭمۇ گۇنايىڭنى يۇيۇش پۇرسىتى كېلىپ قال-

غاندەك تۇرىدۇ، قانداق، خۇشخەۋەر بىلەن كىرىپتىمەنمۇ؟
نىجات ئىندىمەستىن «سىلىك»نىڭ ئۆزىگە تولىمۇ ئىشەنگەن مەغرۇر ئەپتىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.
— يۇر، ئىشتاپقا چىققاندا ئېنىغىنى دەيمىز، — دېدى ئۇ سىرلىق ھىجىيىپ ۋە سىرتقا ماڭدى. ئاپتومات تۇتقان ئىگىز بويلۇقنىڭ نازارىتى ئاستىدا نىجاتمۇ ئەگەشتى.
ئىسپانچىلار ئىشتاۋى بۇرۇنقى مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسىغا جايلاشقان بولۇپ، نىجات كىرگەندە ئۇ يەردە ناتونۇش ئىككى كىشىلا ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن ۋە ئۇسمان «سىلىك» نىڭ «ئېلىپ كەلدۇق!» دەپ خوشامەت بىلەن دوكلات قىلغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇلارخېلىلا ھوقۇقلۇق چوڭ كاتتىۋاشلاردەك قىلاتتى.
«قەيەردىن كەلگەن كىشىلەركىنە بۇلار؟» دىگەن پىكىر نىجاتنىڭ كاللىسىدىن ئۆتتى.
— ئولتۇرۇڭ، — دىدى كاتتىۋاشلارنىڭ بىرسى نىجاتقا باشتىن - ئاياق سەپسىلىپ چىققاندىن كېيىن ۋە سورىدى، — سىز نىجات دىگەن خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى بولامسىز؟
نىجات بېشىنى ئېغىتىپ تەستىقلىدى.
— ئىگەللىشىمىزچە، سىزنىڭ «ئوۋچى» دىگەن قالپىغىڭىز بارئىكەن، — دىدى كاتتىۋاش كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ. ئۇ سول قولى بىلەن تاماكىسىنى چېكىپ، ئوڭ قولىدا ئەسەبى كىشىلەردەك، ھە دەپ ئالدىدىكى شىرەنى تىرىك-

شتىپ چىكىپ تۇراتتى.

ئۇنىجاتقا پاللىدە بىر قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىز سىزگە قالپاقنى ئېلىۋېتىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەيلى، — دەپ ئويلاشتۇق. قانداق، بىزنىڭ بۇ پىكرىمىز سىزگە ياقامدۇ؟

نىجات بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— گېپىڭىزگە چۈشىنەلمىدىم...

— چۈشەنمەيدىغان نىمىسى بار؟ سىزگە ئېيتساق بىزنىڭ «قىزىل ئىسيانچىلار بىڭتۇەنى»مىز ھازىر پۈتۈن ناھىيىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، سىز بىز بۇيرۇغان بەزى ئىشلارنى ئىشلەپلا بېرىسىز، قالپىقىڭىزنى دەرھال ئېلىۋېتىمىز، — كاتتىۋاش كۆرەڭلىك بىلەن ئۆزىنىڭ بېشىدىكى شەپكىسىنى ئېلىپ، «مانا شۇنداق ئوڭايلا ئىش» دىگەندەك شىرەگە پاققىدە تاشلاپ قويدى. نىجات يەنىلا چۈشەنمەسلىك بىلەن ئۇلارغا قارىغىنىچە جىم تۇرۇۋەردى.

— ساڭا ئېنىقراق ئېيتساق، — دەپ يەنە بىرسى سۆزگە ئارىلاشتى، — ھازىر بىز ھەقىقى پۇرولىتارىيات ئىسيانچىلىرى يولداش جياڭ چىڭنىڭ «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش» چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، جاھىل باۋخۇاڭپەيلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتىمىز، بىزگە قورال لازىم ئۇقۇشمىزچە،

پارتلاتقۇچ دورىنىڭ تىلىنى سەن ياخشى بىلىدىكەنسەن. شۇڭا بىزسىنىڭ مۇشۇجىددى ھالقىلىق پەيتتەپۇرولېتارىيات ئىنقىلاپچىلىرىغا خىزمەت قىلىپ، تۆھپە قوشۇپ، گۇنايىڭنى يۇيۇشۇڭنى دەۋەت قىلىمىز.

— بىز يارىتىپ بەرگەن بۇ بەلەن پۇرسەتنى چۈشىنىۋاتامسەن؟ — دېدى ئالدىدا گەپ قىلغان كاتتىۋاش تاماكىسىدىن پۇقۇرىتىپ ئىس چىقىرىپ ھەم بىردىنلا ئورنىدىن كۆتىرىلىپ سورىدى، — قانداق، بىزگە گىرانات ياساپ بېرەلەمسەن؟

— مەن ئۇنداق نەرسىلەرنى ياساپكۆرمىگەن، — دېدى نىجات ئاستا ئاۋاز بىلەن.

— ياسىمىغان بولساڭ، ئەمدى ياساپ كۆرگىن، بۇرۇن نەزىرىيە سۆزلىگەن بولساڭ ئەمدى ئەمەلىيەتتە كۆرمەمسەن؟

باشتا «سىز» لەپ سۆزلىگەن كاتتىۋاش ئەمدى«سەن»لەپ سۆزلەشكە ئۆتكەن ئىدى.

— ياسايدۇ! — دېدى ئوسمان «سىلىك» تەھدىتھەم تەنە بىلەن نىجاتقا ھۆرپىيىپ قاراپ، — ئۆزلىرى ئۆتكەندە «خىمىيە، فىزىكا مۇتەخەسسىسى» دەپ داڭ چىقارغان زات ئەمەسمىدىلە؟ ئەمدى، بۈگۈن ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىش پۇرسىتى يېتىپ كەلگەندە، ھۆتتۆت - پۆتتۆت دەپ پەش قېقىشلىرى ھۆرمەتلىرىنى بىلمىگەنلىك بولامدىكىن؟

ئوسمان زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجىيىپ، ئۇنىڭغا قادىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— تەجرىبىخانىنى ساڭا ئېچىپ بېرىمىز، — دېدى كاتتىۋاش، — ئالدى بىلەن تەجرىبىخانىدىكى دورىلىرىڭدىن پايدىلىنىپ بىرنەچچىنى سىناق تەرىقىسىدە ياسايسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز ساڭا سىرتتىن ماتېرىيال ئەكىلىپ بېرىمىز...

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئۇرامىغا قارىغاندا، نىجات «ياسىيالمايمەن» دېسە كۆنمەيدىغاندەكمۇ، ئىشىنىدىغاندەكمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە «تەجرىبىخانىنى ئېچىپ بېرىمىز...» دېگەن سۆز نىمىشقىدۇ ئۇنىڭغا باشقىچە تەسىر كۆرسەتتى.

— ئاچقۇچلارنى بېرىڭلار! — دېدى ئاۋال گەپ قىلغان كاتتىۋاش يېنىدىكىلەرگە، — ۋاقىتنى چىڭراق تۇتۇپ ئىشقا كىرىشىڭ — ئەمدى ئۇ يەنە سۆزلەشكە باشلىغان ئىدى، — بىلىپ قويۇڭكى تاپشۇرۇغىمىزنى ۋاقتىدا، ياخشى ئورۇنلىسىڭىز، سىزنىڭ قالپىغىڭىزنى ئېلىپ تاشلاپ، نەتىجىلىرىڭىزگە مۇناسىپ مۇئامىلە قىلىمىز، ئەكسىچە بولىدىكەن، بىزدىن ياخشىلىق كۈتمەڭ! — ئۇ خۇددى گەپ تۈگىدى دېگەندەك قولىنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

ئوسمان «سىلىك» بۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى نىجاتتىن تارتىۋېلىنغان تەجرىبىخانىنىڭ بىر توپ ئاچقۇچلىرىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بەردى. نىجاتنىڭ كۆز ئالدىغا چاق-

ماق تېزلىگەندە، ئۆزى بىر يىلدىن ئارتۇق جاپا چېكىپ تۈزەپ چىققان مەكتەپ تەجرىبىخانىسىدىكى قىممەتلىك ئەسۋاپلار، ھەر خىل تەجرىبە سايمانلىرى، دورىلار ... كەلدى. ئۇ ئىختىيارسىز ئاچقۇچلارنى ئېلىپ يانچۇغىغا سالدى. ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ تۇرغان كاتتىۋاشلار، ئۇنىڭ بۇ ھەركىتىنى گىرانات ياساشقا رازىلىق بەرگەنلىك دەپ چۈشىنىپ، بىر بىردىگە كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇشتى.

— بولىدۇ، — دېدى نىجات ئاخىرى، خۇددى گىراناتنى ياساشقا جەزىم قىلغاندەك قەتئىيلىك بىلەن، — مەن سىناق قىلىپ كۆرەي!

— قىيىنچىلىق بولسا بىزيارادەم بېرىمىز، — دېدى چوڭ كاتتىۋاش خۇرسەن بولۇپ.

— لېكىن ...، — نىجات بىر نەرسىنى ئويلىغاندەك تۇرۇپ قالدى، — ۋاقىت ئۇزۇنراق كېتەرمىكىن...

— ياق، ئەڭ كۆپ بولغاندا مۇشۇ ئۈچ-تۆت كۈن ئىچىدە تەجرىبىنى تۈگىتىشىڭىز لازىم،— دېدى كاتتىۋاش ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ، — مۇنداق بولسۇن، بىز سىزگە رەسمىي گىراناتتىن بىرنى بېرەيلى، سىز شۇنى چۇۋۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۆگىنىپ چىقىڭ، قانداق بولامدۇ؟

— بۇنىڭدا بىر ئاز پەخەس بولمىسىڭىز بولمايدۇ،— دېدى يەنە بىرسى خۇددى نىجاتقا كۆيۈنۈۋاتقاندەك قىياپەت بىلەن.

— توغرا، پەخەس بولمىسىڭىز، قالپىقىڭىز ئېلىنىشتىن

بۇرۇن كاللىگىز ئېلىنىپ كېتىپ قالمىسۇن — يەنە چوڭ كاتتىۋاش ئاغزىنى قىيشايتىپ كۈلۈۋەتتى، يەنە بىر كاتتىۋاشمۇ، ئوسمان «سىلىڭ» مۇ قوشۇلۇپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

نىجات ياتىغىغا يېنىپ چىققاندىن كېيىن ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىنى ھەر خىل خىياللار چۇلغىۋالغان ئىدى؛ ھېلىقى بىر ئۈچۈم كاتتىۋاشلارنىڭ بۇيرۇغىغا بويي سۇنۇپ، گىرانات ياساپ بېرىشنىڭ ئۆزى، ئەس - ھوشىنى بىلەلمەي قايمۇقۇپ، ئىچكى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قېلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ۋىجدانى زادىلا يول قويمايتتى. «ئىشلار بۇنداقلا كېتىۋەرمەيدۇ، — دەيتتى ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى بىر تۇيغۇ، — بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا ھەركەت ئەمەس. خاتا! خاتا! ... ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇيرۇقنى ئورۇنلىمىساڭ ئۇلار رەھىم قىلمايدۇ. ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايۋاتقان، خېلى - خېلى چوڭ ئىشلارنىڭمۇ سورىغى بولمايۋاتقان بۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭغا ئىش تاپشۇرغان كاتتىۋاشلار ئۇنى ھە دېمەيلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن، قېچىپ كېتىش كېرەكمۇ يە؟ ... ياق، قېچىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ! ... ئەگەر مەكتەپتىكى ئىسيانچىلار راستىنلا ئۇرۇش قىلىدىغان بولسا، تەجرىبىخانىمۇ خانۇ - ۋەيران قىلىۋېتىلىدۇ. 120 نەچچە مىڭ يۈەنلىك تەجرىبە ئەسۋاپلىرى نابۇت بولىدۇ ... ياق! بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ! پارتىيە، خەلق ھۆ-

كۆمىتى ماڭائازىئەجىرسىڭدۇرگەنمۇ؟ دۆلەت ۋە خەلقنىڭ جانىجان
مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇنداق ئىشتا جەزمەن پى-
داكارلىق كۆرسىتىشىم كېرەك» ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا قانداقتۇ
بىر كۈچ - قۇدرەت كېلىپ قوشۇلغاندەك كۆڭلىدە بىر خىل
يورۇقلۇق، قەتئىي ئىرادە پەيدا بولغاندەك بولدى، «قۇتۇل-
دۇرىمەن، جېنىمنى تىكىپ بولسىمۇ قۇتۇلدۇرىمەن! ...»
نىجات ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، بىر هازاغىچە ئەنە
شۇ پىكىرلەر بىلەن ئۆي ئىچىدە ئۇيياقتىن بۇياققا ماڭغاچ،
كۆڭلىدە پىلان تۈزدى. تەڭ كېچىدىن ئاشقاندا، ئۇ ئاستا
سىرتقا — ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى ...

نىجاتنى گىرانات ياساشقا بۇيرۇغان كاتتىۋاشلار بۇ
ئىشنى ئالاهىدە مەخپىي تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرىنىمۇ
ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن يولاتمىدى. پەقەت ئايرىم كاتتىۋاشلار
ئارىلاپ - ئارىلاپ كىرىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ مەخپىيەت-
لىكنى مۇنداق چىڭ تۇتۇشى — نىجاتنىڭمۇ كۆڭلىدىكىدەك
ئىش بولدى. ئۇ ئىشىكنى ئىچىدىن مەهكەم ئىلىۋېلىپ ئىش-
قا كىرىشتى؛ تەجرىبە شىرەسى ئۈستىگە تۈرلۈك سايمانلار،
بىرقانچە شىشە - بوتۇلكىلار، پارتلاتقۇچ دورا ياسىلىدى-
غان كالىي نىترات، گۈڭگۈرت، كاربون ۋە باشقا نىتراتلار
قويۇلغان، شىرە ئۈستىدىكى سايمانلارغا قارىغان كىشى ئۇ-
نىڭ هەقىقەتەنمۇ گىرانات ياساشقا تۇتۇش قىلغىنىغا
ئىشىنەتتى.

نىجات ئىچكىرىكى بۆلۈمگە كىرىۋېلىپ — تەج-

رىبىخانىدىكى قىممەت باھالىق سايمانلارنى، بۇرۇن تەجرى-
بە سايمانلىرى قاچىلىنىپ كەلگەن ۋە بىر قانچە-ۋاقىتتىن
بۇيان بىر چەتكە رەتلىك تىزىلىپ قويۇلغان ۋە ياكى ئەس-
ۋاپلارنىڭ ئاستىغا قويۇلۇپ شىرە ئورنىدا ئىشلىتىلىۋاتقان
يەشىكلەرگە قاچىلىماقتا ئىدى. 1 - كۈنى كۈندۈزدىلا
كەم ئۇچرايدىغان قىممەت باھالىق ھېساپلاش ئەسۋاۋى،
پىرىكسىيون قۇرۇلما، ئاپتوماتىك خۇەندىنگجى، بوشلۇق
پومپىسى، رادىيو قۇرۇلمىلىرى، پۇرژىنىلۇق كالۇرومېتىر،
قوش تۇرۇبىلىق فازاۋى مىكروسكوپ ... قا ئوخشاش ساي-
مانلارنى قاچىلاپ تەييارلاپ قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلى خوش،
كەيپىياتى باشقىچە ئۇستۈن، خۇددى كوماندىر تاپشۇرغان
ۋەزىپىنى ئىشەنچلىك ئورۇنلاۋاتقان جەڭچىدەك تېتىك،
جىددى ئىدى.

نىجات ئىشتىن چۈشۈشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا ھىلىقى
ئىككى كاتتىۋاش كىرىپ كەلدى.

— قانداق، ئىشقا كىرىشتىڭىزمۇ؟ — دىدى ئۇلارنىڭ
چوڭى شىرە ئۈستىدىكى ھەر خىل سايمانلار ۋە دورىلارغا زەڭ
سېلىپ قاراپ.

— دورىلارنى تەييارلاۋاتىمەن، — دىدى نىجات خا-
تىرجەملىك بىلەن.

— ياخشى. ياخشى! — دىدى كاتتىۋاش ماختاپ ۋە
ئۇنىڭ توپا - چاڭ باسقان چىرايىغا، ئىشتا كىرلەشكەن
قوللىرىغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن نىجاتنىڭ ئىش-

لەۋاتقانلىغىغا رازى بولغانلىغى چىقىپ تۇراتتى.

— بىز سىنىڭ ئىش ئورنىڭ ئەتراپىغا پوس قويساق بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ تۇساتتىن نىجاتقا بۇرۇلۇپ قاراپ.

— نىمىشكە؟ — دېدى نىجات ھەيران بولغاندەك قاشلىرىنى ھىمىرىپ.

— قورال ياساش كىچىك ئىش ئەمەس، مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلىمىساق بولمايدۇ ... ، دېدى — كاتتىۋاش جىددى ھالدا بېشىنى ئېغىتىپ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى نىجات كۈلۈمسىرەپ، — قوراللىق كىشىلەر مېنى قوغداپ تۇرسا، ئەلۋەتتە مەنمۇ خاتىرجەم ئىشلەيمەن، لېكىن ... بۇنداق قىلغاندا باشقىلارنىڭ دىققەت نەزىرى چۈشۈپ قالارمىكىن دەپ ئويلايمەن.

ئىككى كاتتىۋاش بىر بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويدى.

— گېپىڭىزنىڭ ئورۇنلۇق تەرىپى بار، — دېدى چوڭ كاتتىۋاش قايىل بولغاندەك. نىجاتقا قاراپ ھەم چاخچاق قىلغاندەك ھىجىيىپ ئۇنىڭ دولىسىغا قاقتى، — كاللاڭمۇ راستىنلا ئىشلەيدىغان ئوخشىدەك قىلىسەن... بوپتۇ، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، ئىشىڭنى تاقاپ ئىشلەۋەرگىن ...

— مېنىڭ يەنە بىر پىكرىم بار، — دېدى نىجات

ئۇلارنىڭ كەيپىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكنىڭ زۆرۈرلۈكىنى دەرھال ھېس قىلىپ، — پارتلاپ كېتىش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ ئۆيدىكى خىمىيىۋى دورىلارنى ئاۋۇ ئىچكىرىدىكى ئۆيگە ئەكىرىۋېتەي دەۋاتىمەن. ئۇنداق بولمىغاندا... تاسادىپىي ھادىسە يۈز بېرىپ قالسا، بۇ ئۆيدىكى ھېچنەرسە ساق قالمايدۇ.

— سەن بۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، — دېدى كاتتىۋاش تەجرىبىخانىغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ، — ئىنقىلاپ ئۈچۈن بۇنچىلىك تەجرىبىخانىلار گۇمران بولۇپ كەتسە نېمە بولاتتى؟ ئۇرۇش قىلىپ قالساق، بەربىر بۇ تەجرىبىخانىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ.

— ئۆزەڭنىڭ ساق قېلىشىڭنىلا ئويلىغىنە، — دېدى يەنە بىر كاتتىۋاشمۇ ئاغزىنى قىيسايتىپ كۈلۈپ.

— مېنىڭ مەقسىدىمنى چۈشەنمىدىڭلار، — دېدى نىجات، — دېمەكچىمەنكى، ئەگەر پارتلاش يۈز بەرسە مۇشۇ ئۆيدىكى باشقا دورىلارمۇ تەڭ پارتلاپ، پۈتۈن بىناغا تەسىر كۆرسىتىدۇ... ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئىشلەۋاتقان ئىشمۇ توگىشىپ كېتىدۇ.

چوڭ كاتتىۋاش ئۆزىنىڭ سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن پەرۋاسىزلىق بىلەن قولىنى شىلتىدى:

— مەيلى، بىلگىنىڭنى قىل!



شۇ كۈنى يېرىم كېچەدىن ئۆتكەندە، نىجات ياتىقىغا خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى. يەشىنلەر نوشۇلۇپ كېتىپ، يەنە سەككىز چوڭ - كىچىك سائدۇق فىزىكا تەجرىبىخانى- سىغا كىرىپ بولغانىدى. بۇ ئىش ئەنە شۇ يوسۇندا تۆت كېچە - كۈندۈز داۋاملاشتى. مۇشۇ كۈنلەردە تۈزۈكرەك تاماق يىمەي، ھەر سوتكىسىغا ئىككى - ئۈچ سائەتتىنلا ئۇخلاپ ئالدىراش ئىشلىگەن نىجاتنىڭ كۆز قاپاقلىرى پۈرۈلۈپ قىزارغان، چىرايىمۇ بىلىنەرلىك تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە ئەتىگەندىلا تەجرىبىخانى- غا ماڭدى. شۇنچىۋالا چارچاپ كەتكىنىگە قارىماستىن ئۇنىڭ روھى تېتىك، يۈرىگىدە تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز بىر خىل خۇشلۇق تۇيغۇسى دولقۇنلىناتتى.

نىجات بۈگۈن مەكتەپ ئىچىدە باشقىچە بىر خىل جىددى كەيپىياتنى سەزدى. قۇراللىق - قۇرالسىز كىشىلەر ئالدىراپ ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشەتتى. مەكتەپنىڭ چوڭ دەر- ۋازىسى تاقىلىپ، ئىچىگە لىق قۇم قاچىلانغان تاغار - چىپ- تىلار، ئىچ تەرىپىدە ئىگىز دۆۋىلەنگەن، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى شادىلىق تام ئىچىدىمۇ قۇم تاغارلىرىدىن پو- تەيلەر ياسىلىۋاتاتتى. ھومايغان، ئەنسىز چىرايلار سۈرلۈك ھالدا كۆزگە تاشلىناتتى. «بۈگۈن بىر ئىش بارمۇ، نىمە؟..» دىكەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى نىجات. ئىسيانچىلار ئورۇن- لاشقان بىنا ئالدىدا ئوسمان «سىلىك» ئۇنى توختاتتى:

— تۈگەتتىڭمۇ؟ — توڭلۇق بىلەن سورىدى ئۇ.

— ئاز قالدى — قىسقىلا جاۋاپ بەردى نىجات.

— سەمۇزە — ئۇ ئاچچىغى بىلەن نىجاتنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە بىر قاراپ قويىدى، — بىزنى ئەخمەق قىلىمەن دېسەڭ تاباۋىڭنى مىڭ گەز...

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيىشكە ئۈلگۈرمەيلا، بىر قوراللىق كىشى چىقىپ ئۇنى باشلىقنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئوسمان «سىلىك» نىجاتقا قاراپ كۆزىنى ئالايتىپ قويۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئىچىگە كىرىپ كەتتى. نىجات پەلەمپەيدىن ئەمدىلا چىقىشقا كارىدور ئىچىدىن بىر پىلىموت ۋە بىر ساندۇق (بەلكىم ئوق ساندۇغى بولسا كېرەك) كۆتەرگەن ئۈچ-تۆت ئىسياچى ئالدىراش چىقىپ كەلدى. نىجات ئۇلارغا ئۇنىڭ يول بوشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان نىجاتنىڭ قۇلىقىغا: «بۇنىڭدىن يەنە بىرسى بولغىنىدا...» دېگەن سۆز كىردى. «پىلىموتتىن يەنە بىرسى بولسادەۋاتسا كېرەك...» دەپ تەخمىن قىلدى نىجات ۋە بۇ يەردەئارتۇقچە ھاكۆۋېقىپ تۇرۇشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ تەجرىبىخانىغا كىرىپ كەتتى.

تەجرىبىخانىدىكى ئاساسلىق سايمانلار ئەمەس بەلكى ئادەتتىكى سايمانلارنىڭمۇ، تۇرلۇك خىمىيىۋى دورىلارنىڭمۇ كۆپ قىسمى تۇشۇلۇپ كېتىپ بولغان. پەقەت جاۋەنلەردە ئانچە - مۇنچە ھەر خىل دورىلىق ۋە دورىسىز چوڭ - كىچىك تەجرىبە شىشىلىرى. پۇرۇپكىلار، تۇشۇشقا ئەپسىز نا-ھايىتى ئاز ساندىكى بىر قىسىم سايمانلارلا قالغان. كېچەبۇ

يەرگە ئېلىپ كىرىلگەن ئاخىرقى قۇرۇق ئىككى ساندۇقتا ئاشۇ بىر قىسىم سايمانلارنى قاچىلاشقا بولاتتى. نىجات ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم ئېلىپ قويۇپ، ئالدىرىماي ئاشۇ سايمانلار ئىچىدىكى مۇھىملىرىنى قاچىلاشقا كىرىشتى. «34 ساندۇق توشۇلدى، ئەگەر بۇ ئىككىسىنى سالامەت يۆتكىۋالساق 36 ساندۇق بولىدۇ...» ئىشىكنىڭ ئۇرۇلۇشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. نىجات قىلىۋاتقان ئىشنى تاشلاپ، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ قويدى - دە، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىككى كاتتىۋاش ۋە ئوسمان «سىلىڭ» كىرىپ كەلدى.

— ياساپ بولدۇڭمۇ؟ — دېدى ئۇلارنىڭ بىرسى كىرە - كىرمەستىن. نىجات بىرلا قاراپ ئۇلارنىڭ كەيپى جايىدا ئەمەسلىكىنى، نېمىگىدۇ جىددىيلىشىپ تۇرۇۋشقانلىقىنى سەزدى.

— ئاز قالدى، — نىجات كۆزى بىلەن شىرەنىڭ ئۈستىدىكى تەجرىبە ئىشلەۋاتقاندەك قالايمىقان تىزىلىپ كەتكەن نەرسىلەرنى كۆرسەتتى.

— قاچان پۈتتۈرىسەن؟

— ئەتە پۈتىدۇ، — كۆزىنى يۇمۇپلا ئاغزىغا ئىتتىك كەلگەن سۆزنى ئېيتتى ئۇ.

— ئەتە؟ — ئۆز ئۆزىگە سۆزلىگەندەك دېدى كاتتىۋاش، — ئەتىگىچە ئۇرۇش بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ — كاتتىۋاش ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا

مېڭىشقا باشلىدى ئۇنىڭ چىرايىدىن قاتتىق جىلە بولۇۋاتـ قانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
— بىزگە بۇگۈن لازىم ئىدى، — بىردىن ئورنىدا توختاپ قەھرى بىلەن ۋاقىرىدى ئۇ.—«ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇپتۇ» دېگەندەك، جەڭ تۈگىگەندە سېنىڭ كىرانىتىڭنىڭ لازىمى نىمە؟
نىجات گەپ قىلماي تۇرۇۋەردى. كاتتىۋاشنىڭ شۈبھىلىك كۆزلىرى تەجرىبىخانىنىڭ ھەممە يېرىگە سەپسىلىپ چىقتى.
— ئىشلىگەن ئىشلىرىڭنى ماڭا كۆرسەتكىنە.—دېدى ئۇ ئاخىرى شىرەگە يېقىنلاپ.
— دورىلار ئۈستىدىكى تەجرىبە تۈگىدى. پەقەت قۇراشتۇرساقلا بولىدۇ، — دېدى نىجات يالغاندىنلا.
ئوسمان «سىلىڭ» بىلەن يەنە بىر كاتتىۋاش گەپ قىلماستىن چوڭ خوجايىنىنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ تۇرۇشاتتى.
— ئاۋۇ ئۆينى ئاچقىنا، — دېدى كاتتىۋاش توساتـ تىنلا. نىجات چۆچۈپ كەتتى، «سېزىپ قېلىشتىمىكىن؟» ئۇ، ئۇيەر - بۇيەرنى ئاختۇرغان بولۇپ، بىردەم ئويلىنىۋالـ دى - دە، تەمكىنلىك بىلەن جاۋاپ بەردى:
— ئۇنىڭ ئاچقۇچى ياتاقتا قاپتۇ، كۆرمەكچى بولساڭـ لا ھازىرلا ئېلىپ كېلەي.
— چاق! — دېدى چوڭ كاتتىۋاش ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماستىن ئوسمان «سىلىڭ» غا قاراپ. ئوسمان «سىلىڭ» شىرە ئۈستىدە تۇرغان كىچىككىنە بولقىنى

ئېلىپ قۇلۇپقا ئۇردى. نىجات ئۆز ئورنىدا مىدىرلىماي تۇرۇۋەردى «بولغۇلۇق بولدى، باشقا كەلگەننى كۆرەي» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— بۇ نېمە ئىش؟! — ئۈچ كاتتىۋاش كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھاڭۋاققىنچە قۇرۇقدىسىپ قالغان ئۆيگە قاراپ تۇرۇۋېپ قېلىشتى. غەزەپتىن ئۆيكىسىنى باسالماي قالغان ئوسمان «سىلىڭ» ئالدى بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، جاۋەنلەرنىڭ ئېغىزلىرىنى ئاچتى، ھەممە جاۋەن قۇرۇق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى بىرچەتتە تۇرغان ئىككى ساندۇققا چۈشتى.

— ھە، بۇتىغى، گىرادات ياسايمەن دەپ ... بىزنى ئالداپ، تەجرىبىخانىدىكى نەرسىلەرنى يۆتكەپتۇ - دە!.. ھۇ، ئاناڭنى ... ئوغچى!...

كاتتىۋاشلار ئۆزلىرىنىڭ راستىنلا ئالدانغانلىقىنى سېزىشتى. ئۇلارنىڭ چوغى ئەسەبىلىشىپ، غالجىرلىق بىلەن نىجاتقا ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئوسمان «سىلىڭ» نى قولى بىلەن توساپ قويۇپ، ئالدىرىماي، غەزەپلىك كۆزلىرىنى نەشتەردەك تىككىنىچە نىجاتنىڭ ئالدىغا ئۆزى كەلدى.

— تەجرىبىخانىدىكى مۈلۈكنى نەگە يۆتكىدىڭ؟

— ......

— سەندىن گەپ سوراۋاتىمەن، گەپ قىل!

— ......

— ئەگەر راستىڭنى ئېيتمىساڭ ... ئىت كاللاڭنى

مىجىۋىتىمەن! — كاتتىۋاشىنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

نىجات ئۇنى چىقارماي خاتىرجەملىك بىلەن ئۇنىڭ غەزەپتىن پۇرۇشكەن ئەپتىگە. قان تولغان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرانتى. نىجاتنىڭ مۇنداق خاتىرجەملىگى كاتتىۋاشنى تېخىمۇ غەزەپلەندۇرۇپ قۇتىرىتىۋەتتى.

— دۆلەت مۈلكىنى ئوغرىلىغان نەق جىنايەتچى بولغىنىڭ ئۈچۈن، ساڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك! — دېدى يەنە بىر كاتتىۋاش.

— شۇنداق دۆلەت مۈلكىنى ئوغرىلىغان نەق جىنايەتچى بولغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەرقانداق جازا بەرسەكمۇ يوللۇق بولىدۇ. — ئۇ شۇ گەپنى قىلدى-دە، بار كۈچى بىلەن ئۇلاچلاپ نىجاتنىڭ يۈزىگە ئۇردى. — ھۇ، ئوغرى مۇناپىق! ...

ئۈچ كاتتىۋاش خۇددى سارىڭ بولغاندەك تەلۋىلىك بىلەن ۋاقىراپ، قولىغا چىققانلىكى نەرسە بىلەن ئۇنى ئۇراتتى، تېپەتتى، مۇشتلايتتى. تىللاپ-قاغايتتى ... توشۇلماي قالغان ئەينەك شىشىلەر، تۈرلۈك بوتۇلكىلار ھەتتا ئەينەك نەيچىلەرمۇ ئۇنىڭ باش-كۆزىگە ياغدى ... ئۇلار ھەممە يېرى قانغا بويالغان ھوشسىز نىجاتتىن دەردى چىقمىغاندەك يەنە ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنى چەمبەرچەس قىلىپ باغلاپ تاشلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۆۋەتلىشىپ قوساقلىرىغا، باشلىرىغا قاتتىق ئاياقلىرى بىلەن دەسسەشتى.

— بۇنى مۇشۇ يەردىن يۆتكىمەڭلار، — دېدى كاتتىۋاشلارنىڭ چوڭى ۋەھشىلىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۆلۈكتەك ياتقان نىجاتتىقاتىكىپ، — ئۆلسە، ئىككى پاي ئوق بىلەن مىڭىسىنى تېشىپ، باۋخۇاڭلارنىڭ ئوقى تېگىپ ئۆلگەن دەپ كۆمۈۋېتىمىز.

— توغرا پىكىر! — دېدى يەنە بىرسىمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى ماقۇللاپ.

— بۇ ئوغىچىنىڭ سورىغىنىنى كىممۇ قىلالىتتى؟ — دېدى ئۇسمان «سىلىك» مۇ خوشامەت بىلەن خوجايىنىغا قاراپ ھىجىيىپ.

باش توخۇ چىللىغان چاغدا، ساندۇق - يەشىكلەرنى يۆتكەشكە ياردەملىشىۋاتقان ئىككى دېخان يىگىت — نىجاتنىڭ دوستلىرى ئۆمەرجان، باتۇرلار مەكتەپ ئارقىسىدىكى ئېتىزلىقتا. ھەر كېچىدىكى ئادىتى بويىچە ساندۇقلارنى بېسىپ توشۇپ كېتىشكە تەق بولۇپ ھارۋىنى تۇتۇپ ساقلاپ تۇرغان ئەخمەتنىڭ ئۇكىسى — كامالنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ، ساندۇقلارنىڭ ئورنىغا نىجاتنىڭ قانغا بويالغان ھوشسىز گەۋدىسىنى ئېلىپ چىقتى.

دەل شۇ كېچىسى — باش توخۇ چىللىغان چاغدا، قوماش قورۇغاندەك قويۇق، ئەمما قاتتىق ئوق ئاۋازلىرى پۈتۈن ناھىيىنى قاپلىدى. ئۇ كى تەرەپنىڭ قوراللىق توقۇنۇشى باشلانغان ئىدى.

بۇ — 1968 - يىلى پۈتۈن ناھىيىنى زىلزىلىگە كەل-

تۇرۇپ «21 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دەپ نام ئالغان كەڭ ۋە چوڭ كۆلەمدىكى بىر قېتىملىق ئەلەم كۈرىشى ئىدى...

— پاتىگۈل، نىجات ئاكام بۈگۈن قانداقراق ياتىدۇ؟

ئىككى قولىدا ئىككى چايدانىنى كۆتىرىپ ئالدىراش چايخانىغا كىرىۋاتقان پاتىگۈل تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ، بۇرۇلۇپ قارىدى. ھەر خىل يىمەكلىكلەر قاچىلانغان تورسومكىنى كۆتەرگەن ئەخمەت دوختۇرخانىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغا ئىلىپ بارىدىغان يان يولدىن كىلىۋاتاتتى.

— تونۇغۇنىڭىزگە قارىغاندا، بۈگۈن خىلى ياخشى، — دىدى پاتىگۈل، ئەخمەتكە تىز - تىز سۆزلەپ. ئەخمەتنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىگىز ۋە جىددى قارايدىغان بىر جۈپ قارا كۆزى شۇ تاپتا ياش باللارنىڭ شوخ كۆزلىرىدەك يالتىراپ پاتىگۈلگە رازىمەنلىك بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

— سىز كىرگەچ تۇرۇڭ ئەخمەت ئاكا، — دىدى پاتىگۈل ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن خىجىل بولغاندەك كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، — مەن چاي ئىلىپ كىلىۋالاي.

ئەخمەت كىتىۋېتىپ ئىختىيارسىز كەينىگە قارىدى، پاتىگۈلنىڭ تىقىملىرىغىچە چۈشكەن ئۇزۇن ئىنچىكە ئۆرۈم چېچى باشقىچىلا يارىشىملىق كۆرۈنەتتى، خۇددى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغان قىزنىڭ كۆزلىرى

ئۆنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. قىزمۇ ئەخمەتمۇ ئىتتىك ئالدىلىرىغا قارىۋېلىشتى. «ئەتتەك .. قاملاشمىغان قىلىق بولدى-دە ...» — ئۆز ئۆزىنى جىملىدى ئەخمەت — ئۇ ... نېمە دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن...» ئۆكپىسەللەر ياتىغى جايلاشقان بىنانىڭ پەلەمپىيىنىڭ ئىككى-ئۈچ باسقۇچى-نى بىر تاقلاپ دىگەندەك بېسىپ بىنا ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

نىجاتنى تەجرىبىخانىدىن چالا ئۆلۈك ھالەتتە قۇتقۇل-دۇرۇپ چىققان دىخان دوستلىرى ئۇنى كېچىلەپ خوشنا نا-ھىيىدىكى ھەربى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىشكەن، كۈندۈز-لا بولغا چىقىپ كەتكەن يەنە بىر دىخان يىگىتى بولسا، ئالدىن ئەخمەتكە خەۋەر يەتكۈزگەچكە ئۇ شۇ كۈنىلا دوخ-تۇرخانا بىلەن ئالاقىلىشىپ قويغان ئىدى. شۇندىن بۇيانقى 30 نەچچە كۈن مابەينىدە ئۇمۇ شۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنى-ۋاتاتتى. نىجات دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنىپ بىر ھەپتى-دىن كېيىن پاتىگۈلمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئەلەم كۈرىشىدە مەكتەپنى ئىگەللەپ تۇرغان ھېلىقى ئىس-يانچىلار مەغلۇپ بولۇپ، قاياقلارغىدۇ تاراپ كەتكەن. نى-جات بولسا ھېچكىمنىڭ ئېسىگىمۇ كەلمىگەن. پاتىگۈل، نى-جاتنى مەكتەپنىڭ ھېچبىر يېرىدىن ئىزلەپ تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئەخمەتنىڭ بىرقانچە دىخان دوستلىرىدىن سۈرۈشتۈرگەن، ئۇلار مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ ئېيتىپ بەرمى-گەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھەجەرخان ئانىغا يېلىنىپ تۇرۇۋال-

غان. پاتنگۈلنى ياخشى تونۇيدىغان ئاقكۆڭۈل ھەجەرخان
ئانا ئۇنىڭغا راست گەپنى ئېيتقان. پاتنگۈل كېلىپلا نىجات-
قا قاراش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

ئەخمەت، نىجات ياتقان ئۆيگە ئاستاغىنە، پۇتىنىڭ
ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ كەلدى. نىجات تىنچقىنا كۆزىنى
يۇمۇپ ياتاتتى. ئەخمەت دەسلەپ ئۇنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىنى
ياكى كۆزىنى يۇمۇپ دەم ئېلىپ ياتقىنىنى بىلەلمىدى قو-
لىدىكى سومكىنى دەرىزە تەرەپتىكى نىجاتقا قاراشلىق تابى-
راتكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئۆزى يانىدىكى بوش كارۋاتقا
ئولتۇردى. شۇندىمۇ نىجات كۆزىنى ئاچمىدى. ئەخمەت
ئۇنىڭ پولتىيىپ چىققان يۈز سۆڭەكلىرىگە، ئىڭەك ۋە يۈز-
لىرىدىكى تېخى سافىيىپ ئەكسىگە كېلەلمىگەن تاياق ئىز-
لىرىغا، ئوڭ قېشىنىڭ ئۈستىدىكى چوڭقۇر يارا ئىزىغا بې-
شىغا چىڭ تېڭىلغان ئاپپاق بىنت ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇر-
غان، ئاقارغان چىكە چاچلىرىغا زەڭ قويۇپ قاراشقا باشلىدى.
بۇ ئۇنىڭغا سەككىز-توققۇز يىلدىن بۇيان تونۇش بولۇپ كەتكەن
نەقەدەر يېقىن، كېلىشكەن، سۆيۈملۈك چىراي ئىدى - ھە!
شۇ تاپتا. بۇ چىراي ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن تۇر-
مۇشنىڭ مۇرەككەپ، جاپالىق قىسمەتلىرى ئۇنىڭ پىشانە ۋە
كۆز قۇيرۇقلىرى ئەتراپىغا ئۆزىنىڭ ئىزىنى سىلىپ، ئۇنى
خېلىلا چوڭ ياشتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش قىلىپ قويغانىدى،
ئەخمەتنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ ھامان ئۇنى تۇنجى قېتىم ئۇچ-
راتقان ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈشى گەۋدىلەندى. ئۇ چاغدا ئۇ بەك-

مۇ ياش بولۇپ، چىرايىدىن ياشلىق كۈچ - قۇدرىتى بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى، چوڭدەك يېپىنىپ تۇرغان مۇلايىم كۆزلىرىدىن ھامان تۈزلۈكى، سەمىمىيلىكى، زىرەكلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى... نىجات مىدىرلىدى. ئەخمەت خىيالىدىن ئويغىنىپ، ئىتتىك ئۇنىڭغا ئېگىشتى. نىجاتنىڭ يۈزلىرى قاتتىق ئاغرىققا گىرىپتار بولغان كىشىلەردىلا بولغان بىر خىل ئۆزگىرىش بىلەن پۈرۈشۈپ، ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ئاۋازدا بىر ئىڭراپ قويۇپ يەنە جىمىپ قالدى. ئەخمەت ئۇنىڭ بەكمۇ ئورۇقلاپ چىككە تومۇرلىرىنىڭ چىقىپ قالغانلىقىغا، چىرايىدا قان دېدارى قالمىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. بۇ شۇنچە ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان ۋە ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىنى زادىلا ئويلىمايدىغان بىر قەيسەر يىگىت ئىدىغۇ!؟ ... ئاھ، تۇرمۇش! نىمانچىمۇ مۇرەككەپ، نىمانچىمۇ رەھىمسىزدۇرسەن؟ ... ئەخمەتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ گېلىنى بىر نەرسە بوغۇۋالغاندەك بولۇپ كەتتى ...

— ئەخمەت! ...

ئاۋاز گەرچە تولىمۇ ئاستا چىققان بولسىمۇ ئۇ چۆچۈپ كەتتى، نىجات كۆزىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قاراپ ياتاتتى.

— ئاكا ... قانداقراق تۇرىسىز؟ — ئۇ ئاران ئۆزىنى بېسىپ سورىيالىدى.

— ياخشى بولۇپ قالدىم، سەن ... ئۇكام، خىزمىتىڭ شۇنچە ئالدىراش تۇرۇپ، يەنە نىمىشكە كەل

گەنسەن؟ ...

— چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپلا كەلدىم، — دېدى ئەخمەت ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ، — قىسمىنىڭ ماشىنىسى بۇ يەرگە بىر ئىش بىلەن كەلگەن، يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىنلا شۇنىڭ بىلەن قايتىمەن.

— پاتىگۈلمۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان مېنى دەپ كۆپ جاپا چەكتى، ھەي! ... سىلەرنى تازا ئاۋارە قىلدىم-دە ...

چايدانلارنى كۆتەرگەن پاتىگۈل ياتاقتا كىرىپ كەلدى.

— پاتىگۈل چاي ئېلىپ كەلدى، — دېدى ئەخمەت، قىزغا بىر قاراپ قويۇپ ۋە نىجاتتىن سورىدى، — ئازراق بىر نەرسە يەپ باقامسىز؟

— كۆڭلۈم ھېچنېمىگە تارتمايۋاتىدۇ.

— بىر نەرسە يېمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ئەخمەت كۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن، — زورلاپ بولسىمۇ ئازراق تاماق يېمىسىڭىز ...

— مەنمۇ ھەر كۈنى شۇنى دەيمەن، — دېدى پاتىگۈلمۇ خاپا بولغاندەك قوللىرىنى كېرىپ، — نىجات ئاكام ھېچ گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ.

— مانا، پاتىگۈلمۇ سىزنى ئەيىپلەۋاتىدۇ، — دېدى ئەخمەت كۈلۈمسىرەپ، — ئەمدى تاماق يېمىسىڭىز ھەر ئىككىمىزلا

رەنجىيمىز.

— بوپتۇ، ئازراق يەپ باقاي، — دېدى نىجات ئۇ-لارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ۋە بىشىنى كۆتەرمەكچى بولغاندەك تەرەددۇتلاندى.

— قوزغالماڭ، قوزغالماڭ! — دېدى پاتىگۈل ئالدى-راپ، — دوختۇرلار سىزنى مىدىرلىمىسۇن دېگەن، ھېلى مەسئۇل سېستىرا كىرىپ قالسا، مېنى ئەيىپلەيدۇ ...

پاتىگۈل داستىخانغا چىك ئوراپ قويۇلغان ئەپچىل كاستىرولكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى قىيمىلىق سۇيۇقاشتىن بىر پىيالىغا ئۇستى - دە، مەزىلىك ئاشنى قوشۇقتا ئاز - ئازدىن ئېلىپ نىجاتقا ئىچكۈزۈشكە باشلىدى.

ئون كۈنلەردىن كېيىن نىجات كارۋىتىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزى تاماق يېيەلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئاستا - ئاستا ئىشتەيمۇ ئېچىلىپ، رەڭگى تۈزۈلۈشكە، روھىي كەيپىياتىمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ كۈنلەردە پاتىگۈل قايتىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەخمەتنىڭ ئىنىسى قاراۋاتاتتى. نىجات، ئەخمەتكە ئېيتىپ ئۇنىمۇ قايتۇرۇۋەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، نىجات دوختۇرخانا بىنا-سىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك گۈلزارلىقنى ئايلىنىپ بىر تەرەپتىن دەم ئالغاچ، بىر تەرەپتىن ئېنگىبلىز تىلىدىكى ئا-تالغۇلارنى يادلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئورۇق، ئېگىز بويي سەل ئالدىغا مۈكچەيگەن، ياشانغان بىر ئادەم خۇددى ئۇسۇزلەۋاتقان يات تىلغا قىزىقسىنغاندەك توختاپ قالدى.

نىجات بولسا ئۇنىڭغا دىققەت قىلماي ھە دەپ ئىنگىلىزچە سۆزلەرنى تەكرارلايتتى. ھېلىقى ئادەم سىردەم تىكىشاپ تۇرغاندىن كېيىن، نىجاتنىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن سەپسالدى. «بۇ ئۇيغۇر يىگىتمىغۇ؟» دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈردى ھېلىقى كىشى، جاھاننى ئىس - تۈتەك قاپلاپ، ئىلىم - مەرىپەت دېگەنلەر جىنايەت ھېساپلىنىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، چىرايىدىن كېسەللىك چىقىپ تۇرغان بۇنداق ياش بىر يىگىتنىڭ ئۆگىنىش بىلەن، يەنە كېلىپ ئىنگىلىز تىلى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنى راستىنلا ئاجايىپ بىر مۆجىزىدەك ئىش ئەمەسمۇ؟ ... ئۇنىڭ لەۋلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ كۆزلىرى بىر خىل قىزىقىش ئىلكىدە يالتىراپ كەتتى.

— يولداش ... سىز قەيەردە ئىشلەيسىز؟

نىجات ئۆرۈلۈپ قارىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا قولتۇغىغا ئىككى - ئۈچ كېسەللەر تارىخى دەپتىرىنى قىستۇرۇۋالغان ئاق خالاتلىق، ناتونۇش، ياشانغان بىر ئادەم كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. نىجات سوئالنى ئاڭقىرالمىغاندەك گەپ قىلماستىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋەردى.

— سىز قىسمدائەمەسمۇ دەيمەن؟ — ھېلىقى كىشى يەنە سورىدى. نىجات ئۇنىڭ كۈمۈشتەك ئاقارغان شالاڭ چاچلىرىغا، قىزىقىش بىلەن يالتىراپ تۇرغان ئەقىللىق كۆزلىرىگە تىكىلدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاستا، ئىپتىياتلىق ۋە يەنە شۇنداق مۇلايىم ئىدى.

— مەن ئوقۇتقۇچى، — دىدى نىجات ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— ياخشى، ياخشى! — دىدى ھېلىقى كىشى قوللىرىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، — ئۇنداقتا تونۇشۇپ قويايلى، مېنىڭ پەمىلەم پالتىيوپ، ئىسمىم ئىمىن، مېنى بۇ يەردە پالتىيوپ دەپلا ئاتىشىدۇ، مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىدە ئىشلەيمەن.

نىجاتمۇ ئىختىيارسىز قوللىرىنى ئۇزاتتى. پالتىيوپنىڭ ئۇرۇق، قانسىز قوللىرى نىجاتنىڭ تىترەپ تۇرغان، كۈچسىز قوللىرىنى قىستى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ يەنە بىر يېڭى، پىشقەدەم ئۇستازنى تېپىۋالغان ئىدى. دوختۇر پالتىيوپ ئەسلىدە ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، بۇرۇن چەتئەلدە ئوقۇغانلىق «جىنايىتى» ئۈچۈن بۇندىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان، لېكىن خىزمەتتىن توختىتىلمىغان ئىدى. ئۆز كەسپىنى ئىنتايىن قىزغىن سۆيىدىغان بۇ پىشقەدەم دوختۇر «مۇدىر»لىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىپ كەتكىنىگە رەنجىشنىڭ ئورنىغا بىر سائەتمۇ ئىشتىن قالماي تۈرلۈك - تۈرلۈك كېسەللەرگە قارشى جەڭ قىلىپ كەلگەن ... ئۇ نىجاتنىڭ خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىگىنى ئۇقۇپ تېخىمۇ خوشال بولۇپ كەتتى.

— ياخشى، ياخشى! — دىدى ئۇ بارمىغىنى چىقىرىپ، نىجاتنى ماختاپ، — خىمىيە پېنى بىزنىڭ مېدىتسىنا پېنى بىلەن قان - قېرىنداش، بولۇپمۇ مېدىتسىنادا خىمىيە

ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە، بىزنىڭ ھازىرقى زامان مېدىتسىنايىمىز خىمىيىسىز ياشىيالمايدۇ...

شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ نىجاتنى پات - پات ئىزلەپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ كىشى رۇسچە ۋە ئېنگىلىزچىنى شۇنداق ياخشى سۆزلەيتتىكى، نىجات ئۇنىڭغا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ قالدى. ئۇ، ۋاقىت تاپسىلا نىجاتنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئېنگىلىزچە ئاتالغۇلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىتەتتى. بەزى خىمىيىگە ئائىت يېڭى تېرمىنلارنى يېزىپ ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە بېرەتتى، خىمىيە بىلەن مېدىتسىنانىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت يېڭى - يېڭى چۈشەنچىلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرەتتى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، نىجات ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنىڭ تولىمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى ۋە ھەتتا كاللىسىدىكى پەنگە ئائىت بىلىملەرنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكىمۇ يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. «ئەجدادلىرىمىز پەننىڭ ئېگىز-ئېگىز چوققىلىرىنى ياراتتى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئەنە ئاشۇ، تەييار يارىتىپ بېرىلگەن چوققىلارغا چىقماي تۇرۇپ، ئۇنى ئېگىزلىتىشكە قانداق قىلىپ ئاشتىزالىشنىڭ مۇمكىن؟!..»

بىر كۈنى نىجاتنى ئابدۇرەززاق ئاكا يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى تۇرسۇن ئاكا، يولۋاس ئاكا ۋە ھۆسنىلەر يوقلاپ كېلىشكەن ئىدى. بىر قانچە يىل بىللە بولۇپ بىر بىرىنى ياخشى چۈشەنگەن، بىرلىكتە

دەرت ـ ئەلەم چەككەن بۇ كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرى ئۇزۇلغىچە تۈگىمىدى. ئابدۇرەززاق ئاكا قايتىدىغان بولۇپ چىقىۋېتىپ، ئۆزىنى ئۇزىتىشقا چىققان نىجاتنى خۇددى بىر مۇھىم ئىش ئېسىگە چۈشۈپ قالغاندەك كىشىلەردىن خالى بىر جايغا تارتتى:

— ئۇكام، بىر ئىش ئۈچۈن ساڭا مەسلىھەت سالاي دەپ كەلگەن ئىدىم، ئۇنى ھازىر دەۋالاي، — دىدى ئۇ ئۇنىڭ پەسەيتىپ سۆزلەپ، — يېقىندا ھەجەرخان مېنىڭ يېنىمغا كىرىپتۇ، ئۇنىڭ گېپىچە، سىڭىنىڭ ۋە ئەخمەتنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇش نىيىتى باردەك. مەن ئۇنىڭغا ئەخمەت، نىجاتلارنىڭ ئاغزىدىن بىر گەپ ئاڭلاپ باقساق دەپ جاۋاپ بەردىم. راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭچىمۇ بۇ ئىشنى ئويلانمىساق بولمايدىغاندەك... — ئابدۇرەززاق ئاكا «قېنى ئۇنىڭغا نىمە دەيسەن؟» دىگەندەك ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ سۆزىدىن توختاپ قالدى. نىجاتنىڭ خىيال ئەينىكىدە شۇ ھامان قىزىل بىنا ئالدىدىكى كىچىك باغچا ۋە ئۇنىڭدىكى ياغاچ بەندىڭ گەۋدىلەندى. دەرت ـ ئەلەمگە چۆمگەن جازىبىلىك چىھرە، ياشتىن نەملەنگەن ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكلەر ئۇمىت، خىجىللىق، مۇڭ ۋە مېھىر نۇرلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرغان يېقىملىق بولاق كۆزلەر... ئۇنى بىردەمگىنە ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق قۇچىغىغا ئېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قانداقتۇ تىل بىلەن سۆرەتلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر نەرسە بىلەن

ئورنۋالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— سېنىڭ ھېلىقى ... قىزىڭغا خەت يېزىپ باقساق بولامدىكىن دەيمەن؟ — ئابدۇرەززاق ئاكا ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالماي سورىدى. نىجاتنىڭ چىكىلىرى تارتىشىپ، بەدىنىگە يېنىك، ئەمما چۈشىنىكسىز بىر تىترەك ئولاشتى. «ھېلىقى قىزىڭغا خەت يېزىپ باقساق ...» بۇ كىمگە قارىتىلغان سۆزكىنە؟ ھە، ئابدۇرەززاق ئاكا بىلىدۇ. ھېلىقى قىز..ئەلۋەتتە رەيھان! لېكىن... ئۇ ئالللىبۇرۇن توي قىلىپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟ ياق! ئۇنى، ئۇنتۇش لازىم!

— ئۇنىڭغا خەت يېزىشنىڭ پايدىسى يوق! — دىدى نىجات ئەمدى ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ، — مەسىلەم بىر تەرەپ بولماي تۇرۇپ، تۇرمۇش ئىشى توغرىلىق زادىلا ئويلانمايمەن. ئەخمەتنىڭ ئىشىغا كەلسەك، بۇ باشقا گەپ. مېنىڭچىمۇ ئۇنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋاقتى يەتتى ...

ئابدۇرەززاق ئاكا بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن نىجاتقا سىنچى كۆزلىرىنى تىكىپ سورىدى:

— ئۇنى ئۇنتۇشقا كۆزۈڭ يېتەمدۇ؟

نىجاتنىڭ كۆز ئالدىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ كەتتى. بىر قانچە يىللاردىن بۇيان ئۇنى قىيناپ كەلگەن سوئالمۇ دەل مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىدىكىن؟ «كۆزۈم يېتىدۇ» دەي دىسە كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ساقلىنىۋاتقان

قانداقتۇ بىر ئۈمىتلىك تۇيغۇ يول قويمايتتى، «كۆزۈم
يەتمەيدۇ» دەي دېسە، «ئۇ توي قىلىپ كەتتى ئەمەسمۇ؟»
دېگەن بىر پىكىر ئۇنى دەي ـ دەيگە سالاتتى، نېمە
دېيىش كېرەك؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان، خوشاللىق،
خاپىلىق، دەرت ـ ئەلەم ۋە ئۈمىت ـ ئەقىدىلەر ئارىلىشىپ
كەتكەن پۈتكۈل تۇرمۇش سەھنىسىگە شۇ تايىتا جاۋاپ كۈتۈپ تۇرغان
شۇ مۇھىم بىر مەسىلە سىڭىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنەتتى.
ياق! ئۇ شۇنچە ئۇزۇن يىللار چىدىدى، سەۋرى قىلدى،
كۈتتى، يەنىلا كۈتۈشى، سەۋرى قىلىشى، چىدىشى لازىم!
چۈنكى ئۈتىرىشىپ ـ تىرمىشىپ مېڭىپ كېتىۋاتقان تۇرمۇش-
نىڭ بۇ تۈگىمەيدىغاندەك ئەگرى ـ توقاي چىغىرىيوللىرى-
دا، ئۇنىڭغا مەدەت، ئىلھام ۋە ئۈمىت بېغىشلاپ تۇرۇۋات-
قان قۇدرەتلىك ئىشەنچ ـ ئەقىدىلەر قاتارى ئەنە شۇ
سوئالنى پەيدا قىلىۋاتقان نازۇك، ئەمما مۇستەھكەم كۈچكە
ئىگە مەسىلىمۇ بار ئەمەسمۇ؟

— ھازىرچە ئەخمەتنىڭ ئىشىنى ئويلىشىۋېرەيلىمىكىن، —
دېدى ئۇ ئاخىرى. ئابدۇرەززاق ئاكىنىڭ سوئالىغا ئۇدۇل
جاۋاپ بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ. ئابدۇرەززاق ئاكا ئۆز
ئويىنىڭ خاتا چىقمىغانلىقىغا دەررۇ ئىشەنچ ھاسىل
قىلدى. دېمەك ئىجات ئۆزسۆيگۈسىدىن يەنىلا ۋازكەچمىگەن،
ئەگەر ۋازكەچكەن بولسائىدى، ئۇ چاغدا ئۇ بۇنچىۋالا كۆپ ئوي-
لىنىپ كەتمىگەن ۋە سوئالغا ئېنىق جاۋاپ بېرىشتىن ئۆزى-
نى قاچۇرمىغان بولاتتى. ئابدۇرەززاق ئاكا ئۇنىڭ چىرايى-

ـما بىردەم ئىككىلىپ قاراپ قالدى. ئىبخى تولـۇق ئەكسكە كىلىپ بولالمىغان بۇ جۇدەڭگۈقانسىز چىرايىدا چوڭقۇر دەرت ـ ئەلەم، ئويچانلىق ۋە يەنە قانداقتۇ بىر قەيسەر ئىرادە چىقىپ تۇراتتى.

— بولىدۇ، سىنىڭ دىگىنىڭچىمۇ بولسۇن، — دىدى ئابدۇرەززاق ئاكائويلانغان هالدا، — ئۇنداقتا، ئەخمەت هەققىدىلا سۆزلىشەيلى، سىنىڭ كۆڭلۈڭدە ئۇنىڭغا بولىدىغان لايىق ئۈستىدە بىرەر مۆلچەربارمۇ؟

نىجات ئابدۇرەززاق ئاكىغا لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ خۇددى دەيمۇ ـ دىمەيمۇ دىگەندەك بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئابدۇرەززاق ئاكا ئۇنىڭ رەڭگىدىكى بايىقى جىددىلىكنىڭ ئورنىنى ئەمدى كۈلۈمسىرەشكە ئوخشاش بىر خىل ئۇچۇق هالەتنىڭ ئىگەللەۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— هەجەرخان ئانا كىمنى ئويلىدىكىن؟ — نىجات سىردىنلاكۈلۈپ سورىدى.

— ئۇكىشىنىڭمۇ ئويلىغىنى بار ئىكەن.

— قىنى؟

— پاتىگۈلدەك قىلىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — نىجاتنىڭ چىرايى خوشاللىقتىن پۈتۈنلەي ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى، — ئويلىغانلىرىمىزبۇنداقمۇ بىر يەردىن چىقامدىغان! مەنمۇ دەل ئاشۇ قىزنى ئويلىۋىدىم ئەمەسمۇ!؟ سىزچۇ، سىزبۇنىڭغا نىمە دىدىڭىز؟

ئابدۇرەززاق ئاكاكۈلدى:

— سلەر توغرا تېپىۋاتقان يەردە، مەن نىمە دەيتتىم؟ ئەلىۋەتتەقوشۇلىمەن - دە!

ئابدۇرەززاق ئاكا نىجات بىلەن يەنە بىر هازامۇشۇ ھەقتە مەسلىھەتلىشىپ چىقىپ كەتتى.

قىش ئۆتۈپ باھار كەلدى. بىراق، بوران جۇدۇنغا، جۇدۇن سوغاق سالقىنغا،سوغاق سالقىن بولسا تۇمانلىق هاۋاغا ئۆزگىرىپ، بۇ گۈزەل پەسىلنىڭمۇ پەيزىنى قاچۇرغان ئىدى.

نىجات دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، مەكتەپتىكى ياتىغىدا پۈتۈن قىش دىگۈدەك ئىبىنگېلىزچە ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولدى. مەكتەپنى سورايدىغان بىرەر مۇقىم تەشكىلىي ئورگان بولمىغاچ، ھەممە كىشى ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلاتتى، ھەتتا، بۇيىل مەكتەپتىكى ئىشچى-خىزمەتچى ئوقۇتقۇچىلار قىشلىق يىقىلغۇلىرىنىمۇ ھەر خىل يوللار بىلەن ئۆزلىرى ھەل قىلىشتى. نىجات بولسائابدۇرەززاق ئاكا بەرگەن بىر تاغار كۆمۈر بىلەنلا قىشنى چىقاردى. ئۇنىڭ ياتىغى ھەر دائىملا سوغاق تۇراتتى، ئۇ كۆپىگە بىرلا قېتىم مەشكە ئوت يېقىپ چاي قايىنىتىۋالاتتى ئۇنىڭدىن كېيىن شىرە ئالدىغا كېلىپ بىر ئولتۇرغانچەپۈتلىرىنى نېرىلاپ ئۇيۇشۇپ قالغىچە ئوقۇش، يېزىش، تەكرارلاش بىلەن مەشغۇل بولاتتى... ئۇ باھارنىڭ كەلگەنلىكىنى كالىنىدارغا قاراپ بىلدى. ئۇنىڭغا پەسىللەرنىڭ قايسى تەرىقىدە كېلىشىنىڭ

كارايىتى چاغلىق، پەقەت ئۆزىنىڭ شۇغۇللىـ
نىۋاتقان ئىشىغا دەخلى قىلىنمىسىلا بولغىنى. هامان ئۆگەنگىنى
ئۆگەنگەن ئىدى. سوغاقتىن پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ قېتىپ
قالغاندىمۇ، كۆزلىرى قىزىرىپ، تورلىشىپ كەتكەندىمۇ،
بەللىرى ئاغرىپ، تېلىپ كەتكەندىمۇ هامان قولىدىن قەلەمـ
نى، مىگىسىدىن ئېنگېلىزچە ئاتالغۇلارنى بىردەممۇ چىقىرىـ
ۋېتىشنى خالىمايتتى. ئىلىم ـ پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
زىيالىلار «سىبىق 9ـ» دېيىلىپ، كىشىلەر ئۆز ئىستىقبالـ
لىرىدىن قايغۇرۇشۇۋاتقان يەردە ئۇ نىمانچە قىلىدىكىنە؟
ياكى ئۇ ئۆزى ئۆچرىغان تىل ـ هاقارەت، تاياق ـ توقماقـ
لار دەستىدىن نېرۋىسىدىن ئادىشىپ، ئىشنىڭ ياخشى ـ ياـ
مىنىنى ئايرىيالمايدىغان بولۇپ قالدىمىكىن؟... ياق! ئۇ
ئۆز تۇرمۇشىنى ئەقىل بىلەن ئويلىنىپ ئورۇنلاشـ
تۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا قەلبىنىڭ ئەڭ
چوڭقۇر بىر يېرىدە هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يىمىرىلمەس
بىر ئەقىدە ۋە ئۈمىت مۇهىم رول ئوينايتتى. ئەنەشۇ ئەقىدە ۋە
ئۈمىت ئۇنىڭغا كۈچ بېرىپ، ئۆزى كېتىۋاتقان بۇ ئەگرى ـ
توقاي، جاپالىق، تار چىغىرىيوللارنىڭ ئاخىرىدا كەڭ، داغـ
دام هەم پارلاق بىرىيولنىڭ بارلىقىغا ئۇنى ئىشەندۈرەتتى...
كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ شەخسى ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بەنت
بولۇپ ياكى قارتا ـ شاخماتلارنى ئويناپ، يەپ ـ ئىچىپ،
تويۇنۇپ ئۇخلىشىپ، «يىل يەنە ئۆرۈلدى، يېشىمىز ئۇلغايـ
ماقتا...» دەپ خۇرسىنىپ ئىگەكلىرىنى سىلاشسا، نىجات

ئۆزىنىڭ ئىنگىلىز تىلىدىكى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، «ھەر ھالدا ئەمدى مەن تە - تەلەپ ماڭغان گۆدەككە ئوخشاش دەرىجىگە كەپتىمەن» دەپ خۇرسەن بولاتتى. تە - تەلەپ ماڭغان گۆدەك ھامان دادىل، مۇستەقىل ماڭغۇچىغا ئۆزگىرىدۇ، نىجاتمۇ «دادىل. مۇستەقىل» ماڭىدىغان بولۇش ئۈچۈن يېڭىنى شىمالايتتى...

يەنە بىر ياز، قىش ئۆتتى. باشقا جايلارغا ئوخشاشلا مەكتەپتىمۇ «ئىنقىلاۋىي كومىتېت» قۇرۇلدى. ئابدۇرەززاق ئاكائەكىسگە كەلتۈرۈلۈپ «ئىنقىلاۋىي كومىتېت»نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ، ئەمدى كۆپ ئىشلارنى تەرتىپكە سالىمەنغۇ دەپ ئۈمىت قىلغان ئىدى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىنىڭ تولىمۇ خام ئويلىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەربىي ۋەكىل، ئىشچىلار ۋەكىلى، دېخانلار ۋەكىلى، تەرەپلەر ۋەكىللىرى بىر بولۇپ شەكىللەنگەن رەھبەرلىك بەنزىدە ھەر قانداق ئىش «بىر تۇتاش رەھبەرلىك ئاستىدا» بولىدىغانلىقىنى ئۇ چۈشەنمىگەن ئىدى.

— ئوڭچىلارنىڭ ئەنزىسىنى ئاغدۇرۇشقا بولمايدۇ! — دېدى ئىشچىلار ۋەكىلى، ئابدۇرەززاق ئاكا نىجاتنىڭ مەسىلىسىگە قاراپ بېقىش توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، يېشى 55 لەردىن ھالقىغان، ئۇزۇن شاپ بۇرۇتلۇق بۇ ئادەم ناھىيىلىك تاشيول ئۈچاستىكىسىنىڭ يول ئاسرىغۇچى ئىشچىسى بولۇپ، ھازىر مەكتەپ «ئىنقىلاۋىي كومىتېت»نىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى.

— تەجربە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، مىڭىمىزنى سەگەك-رەك تۇتمىساق بولمايدۇ، — دېدى ھەربىي ۋەكىل — «ئىنـقىلاۋىي كومىتېت»نىڭ مۇدىرى، ئابدۇرەززاق ئاكىغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، گويا ئۇ ئاشۇ سۆز ۋە قارىشى بىلەن ئابدۇرەززاق ئاكىغا، ئۆزەڭنىڭ ئاران ئازات بولۇپ مۇئاۋىن مۇدىر بولغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالمىغىن، دېگەندەك قىلاتتى.

كەمبەغەل دېخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېخانلار ۋەكىلى بولسا ئۇن - تىنسىزلا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئىككى پەيدىن «ئىنقىلاۋىي كومىتېت »قا كىرگەن ۋەكىللەرنىڭ پوزىتسىيىسى بولسا، تېخىمۇ ئۇچۇق، قاتتىق ئىدى.

— «ئىنقىلاۋىي كومىتېت» ئوكىچىلارنىڭ ئەنزىسىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلمىغان، — دېدى بىرسى زەردە بىلەن سۆزلەپ، — ھېسسىياتىمىزنى سىياسەت ئۈستىگە قويساق بولمايدۇ!

— يېڭى ئاياق كىيىپ كونا يولدا مېڭىۋېرىش خەتەرلىك! — دېدى يەنە بىرسى ئۈنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېراق تەككۈزۈپ سۆزلەپ، — پارتىيىنىڭ، ئىنقىلاۋىي ئاممىنىڭ غەمخورلۇغىنى ئۇنتۇپ قالساق بولماسمىكىن!

ئابدۇرەززاق ئاكا ئۇلار بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسىزلىغىنى چۈشەندى. ئەمما ئۇ، بۇنىڭلىق بىلەن تىنـجىمىدى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ ناھىيىگە — سابىق ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ماشۆپىننىڭ ئۆيىگە باردى. ماشۆپىن

ھازىر ناھىيىلىك «ئىنقىلاۋىي كومىتېت» نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇ ئابدۇرەززاق ئاكىنىڭ نىجات ھەققىدىكى سۆزلىرىنى جىمغىنە قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. ئابدۇرەززاق ئاكا سۆزدىن توختىغاندىن كېيىنمۇ ئۇزۇنغىچە ئېغىز ئاچماي، نېمىنىدۇ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئابدۇرەز-زاق ئاكىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىشىنى كۈتۈپ جىمىپ قالدى.

— نىجات مۇئەللىمنى مەنمۇ ئاز - تولا چۈشىنى-مەن، — دېدى ئۇ ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ ۋە شىرە ئۈستىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ گويا ئېيتماقچى بولغان سۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈۋاتقاندەك، قولىدىكى سەرەڭگىنىڭ يې-نىۋاتقان ئوتىغا قاراپ، شۇنىڭدىن كېيىن تاماكىسىنى بىر-ئىككى قېتىم قاتتىق شورىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — راستىنى ئېيتقاندا، ماڭا ۋە باشقىلارغا قارىغاندىمۇ ئۇنى ھەممىدىن كۆپرەك سىز ياخشى چۈشىنىسىز. بىراق، ھازىرقى پەيتتە ئۇنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىش بەكمۇ قىيىن... بۇنداق دېسەم باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ. نىجاتتەك كىشىلەر بىزگە ھامان لازىم بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى...، — ئۇ يەنە بىردەم توختىۋالدى، — ھازىر ۋاقتى ئەمەس، — بىر ئاز كۈتەيلى ...

ئابدۇرەززاق ئاكا ئۇنىڭ ئۆيىدىن يېنىپ مەكتەپكە قايتتى. كەچ قاراڭغۇسى ھەممە يەرگە قانىتىنى يايغان بولۇپ، ئەتراپ تىپ - تىنچ ئىدى، ئابدۇرەززاق ئاكا ئۆز ئۆيى تەرەپكە ماڭماي نىجاتنىڭ ياتىقى تەرەپكە يول ئالدى. ھەر كۈندى-كىگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ ياتىقىنىڭ دەرىزىسىدىن ئېلېكتىر

لامپىسىنىڭ يورۇغى شولا چېچىپ تۇراتتى. دېمەك، ئۇ يە-
نىلا ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل ئىكەن - دە... ئابدۇرەززاق ئاكا
ئىشىكنى ئاستا چەكتى.
— كىم؟ — ئىچكىرىدىن نىجاتنىڭ ئاۋازى چىقتى.
— مەن، — دېدى ئابدۇرەززاق ئاكا ئەتراپىغا قاراپ
قويۇپ. نىجات ئىشىكنى ئاچتى. ئابدۇرەززاق ئاكا ياتاققا كى-
رىپلا ئۇنىڭ قايداقتۇ بىر نەرسىلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇل-
لىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى.
— يەنە بىر يېڭى ئىش تاپتىڭمۇ نېمە؟ — چاخچاق
ئارىلاش سورىدى ئۇ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ.
— كونا ئىش، — نىجاتمۇ كۈلۈپ جاۋاپ بەردى، —
تېرىغان زىرائىتىمدىن ھوسۇل يىغىپ باقاي دەۋاتىمەن.
— مۇنداق دە، — دېدى ئابدۇرەززاق ئاكا بېشى-
نى ئېغىتىپ ۋە نىجات يېزىۋاتقان قەغەزلەرگە قارىدى —
بۇ، ئېنگىلىزچە خەتلەرغۇ؟ ھە، مۇنۇسى خەنزۇچە، بۇ يەردە
ئۇيغۇرچە ئاتالغۇسىمۇ بار ئىكەن دېمەك سەن...
— لۇغەت تۈزۈۋاتىمەن! — دېدى نىجات قوللىرىنى
ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.
— قايسى ساھەگە ئائىت؟
— خىمىيىگە.
— ئېنگىلىزچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە خىمىيە ئاتالغۇ-
لىرى لۇغىتى ئىكەن-دە؟ — دېدى ئابدۇرەززاق ئاكا. يېزىلىپ
بولۇپ، بىر چەتكە رەتلەپ تىزىپ قويۇلغان بىر توپ قەغەز-

لەرنى ئېلىپ ۋاراقلاپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن چوڭقۇر زوقلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، نىجات بېشىنى ئېغىتىپ تەستىقلىدى.

ئابدۇرەززاق ئاكا شىرەنىڭ يۇقۇرى تەرىپىدىكى چوڭ، قېلىن لۇغەتنى قولىغا ئالدى. لۇغەتنىڭ بەت ئارىلىقلىرىغا ھەرپلەر يېزىلغان بىر قانچە خەتكۈچلەر قىستۇرۇلغان ئىدى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن لۇغەتنىڭ 1 - بېتىنى ئاچتى.

— «ئى. پالتىيوپ» — بۇ ھىلىقى ھەربى دوختۇرمۇ؟ — كىتاپتىن كۆزىنى ئۈزمەي سورىدى ئۇ.

— ھەئە بۇ لۇغەتنى شۇ كىشى بەرگەن، — دىدى نىجات بېشىنى لىڭشىتىپ.

— بۇنىڭدىكى بىرەر خەتنىمۇ ئوقۇيالمايدىكەنمەن، — دىدى ئابدۇرەززاق ئاكا كىتاپتىن كۆزىنى ئېلىپ ۋە ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى ئېغىتىپ كۈلۈمسىرىدى. — بىزمۇ ئۈگەنسەك بولاتتى. ئەپسۇس، ۋاقىت، ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.

— بۇ «ئېنگىلىزچە - خەنزۇچە مېدىتسىنا ئىلمى ئاتالغۇلىرى» دىگەن لۇغەت. — چۈشەندۈردى نىجات، — بۇنىڭدا بىزنىڭ خىمىيىگە دائىر ناھايىتى كۆپ تېرمىنلار بار...

ئۇ، خىمىيە بىلەن مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە دوختۇر پالتىيوپ سۆزلەپ بەرگەن بىر قانچە قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى زوق - شوخ بىلەن سۆزلەپ كەتتى. ئابدۇرەززاق ئاكا ئالدىدا تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ كاللىسىدا پەنگە

ئائىت نۇرغۇن - نۇرغۇن يېڭىلىقلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ دەرت-ئەلەملەر قاپلىۋالغان بۇيالغۇز، زېرىكىشلىك ھاياتىنى ئۆزى ئۆگىنىۋاتقان پەيدىكى ئاشۇ ئاجايىپ يېڭىلىقلار بىلەن تەسەللى تاپتۇرۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ياخشى، ئىشلىگىن ئۇكا، — دېدى ئۇ بېشىنى ئېغىتىپ، — «سەۋرى قىلساڭ سىۋەتتە سۇ توختايدۇ» دىگەن گەپمۇ بار، تۆككەن ئەجرىڭ بىكارغا كەتمەس.

ئابدۇرەززاق ئاكا بۇ يەرگە بىرقانچە كۈندىن بۇيان مەكتەپتە ۋە بۈگۈن ماشۆيېن، مۇدىرنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ھەققىدە بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، يەنە بىر مەزگىل تەخىر قىلىپ تۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەت ۋە تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ كىرگەن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىش شىرەسى ئۈستىدىكى يېيىلغان كىتاپلارغا، خاتىرىلەرگە، قەغەزلەرگە ۋە ئۇنىڭ قەتئى ئىرادە يالقۇنجاپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇ گەپلەرنى قىلىشنىڭ پايدىسىزلىقىنى ھېس قىلدى «ئەگەر مەن بۇنداق گەپلەرنى قىلسام، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بۇ خۇددى... ئۆز ئەتراپىدىكى بارلىق پىشكەللىكلەرنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي خاتىرجەم، ئىشەنچ بىلەن چاۋا - چاتقاللىق يولدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان كىشىگە «تەخىر قىل، چاۋا - چاتقاللار پات ئارىدا ساقايبول بەرمەنچى، شۇچاغدا...» دەپ ئۇنى جايىدا توختىتىپ تۇرماقچى بولغان-

دەك گەپ بولمامدۇ؟ ياق، ئۇ مېڭىۋەرسۇن! ھاياتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدىغان بۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن، ھەتتا بەزى چاغلاردا ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان «مەسلىھەت، تەربىيە، تەسەللى» لەرمۇ ئوشۇقچە يۈك بولىدۇ، ياخشىسى سەن ئۇنىڭغا قولۇڭدىن كېلىشىچە شارائىت يارىتىپ بەر...»

## توققۇزىنچى باپ

ئىشخانا ئىچىنى جىمجىتلىق باسقان. ئىجاتىنىڭ هايات سەرگۈزەشتىسىنى پۈتۈن دىققىتىنى بېرىپ ئاڭلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ هەممىسى ئۇ سۆزدىن توختىغاندا، زوق ۋە هۆرمەت نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراشتى. كىشىلەر ئارىسىدا «كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى — كۆزدۇر» دېگەن بىر گەپ بار. هاياتقا ئايرىم كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، بۇ سۆزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ داۋلىسى بار. شۇ تاپتا ئىجاتقا قاراپ ئولتۇرغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن تۈرلۈك ئالامەتلەرنى بىلگىلى بولاتتى. بەزى كۆزلەر، ئالتۇن ياشلىغىنى ناھەق غەم. ئەلەم ئاپىتى چۇلغىۋالغان بولۇشىغا قارىماستىن. كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ. ئېتىقادىنى بوشاشتۇرماي، خەلق ئۈچۈن ۋە ئەۋلادلار ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىماي تىنىمسىز كۈرەش قىلىپ، ئەجىر تۆكۈپ كەلگەن بۇ ئاددى خەلق ئوقۇتقۇچىسىغا ھەۋەسلىنىپ هۆرمەت بىلەن تىكىلسە، بەزى كۆزلەر ئۇنىڭ ناھەق كەچۈرمىشلىرىگە ئېچى-

نسپ ۋە ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن قايىل بولۇپ قارايتتى. يەنە بەزى كۆزلەردىن بولسا «ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى ـ شەرىپىگە لايىق خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا مۇناسىپ، ئەزىمەت ئىكەن-دە!» دىگەن مەنانى كۆرگىلى بولاتتى. قىسقىسى، بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى نىجاتقا نىسبەتەن چىن كۆڭۈل-لىرىدىن ھېسداشلىق قىلىپ، ھەۋەسلىنىپ زوقلانماقتا ئىدى.

ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىشخانا ئىچىدىكى بىردەملىك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، نىجاتتىن سورىدى:

— سىز ئېيتقان ۋېيخۇرۇڭ ۋە ئىسلامدىگەن يولداش-لار بىلەن ھازىرمۇ مۇناسىۋىتىڭىز بارمۇ؟

نىجات چوڭقۇر خۇرسىنىش بىلەن ئېغىر تىنىدى ۋە نىمىشكىدۇ خىجىل بولغاندەك بېشىنى ئېگىپ ئاستا جا-ۋاپ بەردى:

— 1965 ـ يىلغىچە ئاران ئىككى قېتىم، شۇندىمۇ جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىدىن تەستە رۇخسەت ئېلىپ تەتىل ۋاقىتلىرىدا ئىزلەپ بېرىپ كۆرۈشكەن ئىدىم. ئۇ چاغلاردا ۋېي تاغام ناھىيىدە پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى-نىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيتتى، ئىسلام تاغام ناھىيىدە مۇئاۋىن ھاكىم ئىدى. كېيىن(1965 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى بول-سا كېرەك) تەشكىلنىڭ ۋېي تاغامنى شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئادرىسىنى بىلەلمەي خەت يازالمىدىم،يېقىندا ئىنىم ئەخمەتكە خەت يې-

زىپ ئۇنى سوروشتۇرۇپ بېقىشىنى تاپىلىدىم.

— ئەخمەت تۇرۇشلۇق قىسىم شىمالدىكەن - دە؟

— ھەئە، ئىككى يىلچە بولدى، شىمالغا يۆتكەلگەن.

— ھازىر مائاش دەرىجىڭىز قانچە؟ — ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن كەلگەن كىشى نىجاتتىن ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى. نىجات ئويلايسىزلانغاندەك كۆلۈپ، ئابدۇرەززاق ئاكىغا قارىدى، ئابدۇرەززاق ئاكا «سۆزلەۋەر» دېگەندەك كۆلۈپ قويدى.

— راستىنى ئېيتسام،— دېدى ئۇ سوئال سورىغۇچىدىن ئەپۇ سورىغاندەك كۆلۈمسىرەپ، — ھازىرغىچە ئۆزەمنىڭ مائاش دەرىجىسىنىڭ قانچىنچى ئىكەنلىكىنى ھېچكىمدىن سوراپ كۆرمەپتىمەن، مەن پەقەت 51 يۈەن ئالىدىغانلىقىمنىلا بىلىمەن.

ئولتۇرغانلار بىر بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى. ۋىلايەتتىن كەلگەن كىشى ئۇنىڭ جاۋابىدىكى سانىنى دەرھال يېزىۋالدى - دە، يەنە سورىدى:

— لۇغەتنى پۈتتۈرۈپ بولدىڭىزمۇ؟

نىجاتتىن بۇرۇن ئابدۇرەززاق ئاكا جاۋاپ بەردى:

— ئۇنى ئىككى خىل قىلىپ ئىشلەپ پۈتتۈردى، بىر خىلى، مەخسۇس ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە خىمىيە ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، يەنە بىر خىلى ئېنگىلىزچە

ئۆگىنىۋاتقان خەنزۇ يولداشلار ئۈچۈنمۇ، مىللىلار ئۈچۈنمۇ باپ كېلىدىغان «ئېنگلىزچە، خەنزۇچە. ئۇيغۇرچە خىمىيە ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، بۇنىڭ بىلەن قالماي. يەنە تېخى ...

— ھە، ھە، — دېيىشتى ۋىلايەتتىن كەلگەنلەر قىزىقىشلىرىنى باسالماي.

— ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە فىزىكا ئاتالغۇلىرى توپلىمى» نىمۇ ئىشلەۋاتىدۇ.

— يارايدۇ، يارايدۇ! — دەيىشتى جۇيجاڭ ھاياجىنىنى باسالماي ئىجاتنى ماختاپ. ئىجات بولسا ئۇنىڭ ماختىشىدىن خىجىل بولغاندەك قىزارغان ھالدا كۈلۈمسىرەيتتى.

ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىن كەلگەن باشلىقلارنىڭ ئىجاتنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قىلغان تەكلىۋىگە ئاساسەن، ئەتىسى ئابدۇرەززاق ئاكا مەكتەپ تەشكىلى نامىدىن مۇئاۋىن كومىسسار ئەخمەتكە خەت يازدى.

جەڭچىلەرنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ھەربىي مەشقىغە قاتنىشىپ ياتىغىغا قايتقان مۇئاۋىن كومىسسار ئەخمەتكە ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى شىياۋ لى خەۋەر قىلدى:

— مۇئاۋىن كومىسسار، سىزگە خەت كەلدى.

— قەيەردىن كەپتۇ؟ — دىدى ئۇ لۆڭگىسى بىلەن

تەرلەپ كەتكەن يۈز، بويۇنلىرىنى سۈرتكەچ.
— «ئا» ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىدىن.
— مەكتەپپارتىيە ياچېيكىسىدىن؟! — ئەخمەت قولىنى ئىتتىك سۈرتۈۋېتىپ خەتنى قولىغا ئالدى. بىردەم ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، كونۋېرتنى ئېھتىيات بىلەن يىرتتى. خەت ئىككى بەت يېزىلغان ئىدى. خەتنى ئوقۇغانسېرى ئەخمەتنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، يۈرىكىنى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز خۇرسەنلىك ئىگەللىدى. ئۆركومىسسارىغا قاراپ تۇرغان شياۋ لى ئۇنىڭ خەتنى ئوقۇۋېتىپ ئىتتىك دەرىزە تەرەپكە قارىۋالغانلىقىنى ۋە بىلىندۈرمەي كۆزياشلىرىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇ «كومىسسارنىڭ ئائىلىسىدە بىرەر ھادىسە يۈز بەردىمۇ نېمە؟...» دەپ ئويلاپ ئەنسىرەپ سورىدى:
— مۇئاۋىن كومىسسار، ئائىلىڭىزدە؟...—
ئەخمەت ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆزىگە ھەمرا بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ ئاق كۆڭۈل ۋە تېخى تولىمۇ ياش جەڭچىگە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ كۈلۈمسىرەپ قارىدى؛
— ياق، مەن شۇنداقلا ... ئۆزەمچە خوشاللىقىمدىن...
شياۋلىنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ، چايداندىن ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ كومىسسارغا تۇتتى.
كەچلىك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى، شياۋ لى تاماق ئېلىپ كىرىشكە چىقىپ كەتتى. ئەخمەت ياتىقىدائو-

ياقتىن بۇياققا ماڭغاچ خەتتىكى سۆزلەرنى ئويلايتتى.
مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى يازغان خەتتە، نىجاتنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنىمۇ زور غەيرەتكە كې-لىپ ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئۇنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى نەتىجىلىرى، بىلىم سەۋىيىسى، ياش ئەۋلادلارغا سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋە مەكتەپنىڭ خىمىيە، فىزىكا تەجرىبىخانىلىرىنى قوغداپ ساقلاپ قېلىشتەك نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئەخمەتتىن ئىمكانىيەت يار بەرسە، ئىككى ئىشنى ئېنىقلاپ بېرىشنى ئۈمىت قىلغان ئىدى: بىرسى، 1965 ـ يىلى جەنۇپتىن يۆتكىلىپ بارغان ۋېي خۇرۇڭ دېگەن كىشى ھازىر قەيەردە، نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ يەنە بىرسى، «ق» ناھىيىسى، ئالغا گۇڭشې باغچا دادۇيىدە تۇرۇشلۇق رەيھان كېرىم دېگەن قىز، ھازىر نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ تۇرمۇش ئەھۋالى قانداق؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ئەخمەت، نىجات بىلەن رەيھاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ تەشكىلنىڭ قىزنى نىمە ئۈچۈن ئىزلەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. «ئۇنى چوقۇم ئىزلەپ تېپىش كېرەك، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇ ئىشقا نىمىشكە كۆڭۈل بۆلمىدىمكىنا!؟ ... ھەي، ــ ئۇ خۇددى ئەيىپلىك بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك خۇرسىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ــ ھىلى ھەم بولسىمۇ ئىزلەپ تېپىشىم لازىم» ئۇ دەرىزە

تەرەپكە بېرىپ سىرتقا قارىدى، پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ قىز-
غۇچ شولىسى يىراقتىكى تاغ - ئېدىرلارغا رەڭگا - رەڭ
تۈس بېرىپ، تەبىئى بىر گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغانئى-
دى. ئەخمەت ئەنە شۇ گۈزەل مەنزىرىدىن كۆزلىرىنى ئۈز-
مەي ئۆز ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى:

— چوقۇم تاپىمەن!

ئەخمەت ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوبلاستلىق جامائەت
خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان بىر تونۇشىغا تېلېـ
فون ئارقىلىق ۋېيخۇرۇڭ دېگەن كىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ بې-
قىشنى ھاۋالە قىلدى. ئۇ تېلېفوننى قويۇپ 20 مىنۇتمۇ ۋا-
قىت ئۆتمىگەن ئىدى، ئۆزى تېلېفون بەرگەن جامائەت خەۋپسىزلى-
گى ئىدارىسىدىكى ھېلىقى تونۇشى ئۇنىڭغا ۋېيخۇرۇڭنىڭ «ق»
ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى بولۇپ ئىشلەيدىغانلى-
غىنى ئېيتتى، ئەخمەت تونۇشىغا رەھمەت ئېيتىپ تېلېفون تۇرۇپكى-
سىنى قويدى. «ۋۇي، بۇ قىزىق ئىشنى قارا!— دېدى ئۇ ئۆز
ئۆزىگە،— رەيھانىمۇ ئاشۇ «ق» ناھىيىسىدە ئەمەسمۇ؟ دېمەك،
ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۆزەم بېرىشىم كېرەك!»

پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىدىغان
1980 - يىللارغا قەدەم قويدى، ھەممىلا يەردە قايىنام تاش-
قىنلىق، گۈزەل، بەختىيار ھايات تەنتەنىسى ياڭراۋاتاتتى.
مېھنەتكە ئىلىم - پەنگە، ئىجات - ئىختىراغا قىلىشقا ئاشىق
كىشى ھېچقاچان تىنىم تاپمايدۇ. ئۇنداق كىشىلەر تاشپاقى-

دىك ئۇخلاپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى خالىمايدۇ. ھالال تەر تۆكۈپ ۋەتەننىڭ گۈلزارىغا ئۆز ئەجرى بىلەن گۈللەر قوشۇش — ئۇلارنىڭ خىسلىتىدۇر...

ئوتتۇرا مەكتەپلەر خىمىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن نىجات مۇئەللىم ئىككى يىل قىلىپ تۈزۈپ چىققان: «خەنزۇچە - ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە خىمىيە ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» تارقىتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەنە فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن «خەنزۇچە - ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە فىزىكا ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»مۇ پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە تارقىتىلدى. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئۇ تەرجىمە قىلىپ رەتلەپ چىققان «خىمىيە، فىزىكا تەجرىبە قوراللىرىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ۋە ئىشلىتىلىشى» دېگەن كىتابچە مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىپ كەڭ مائارىپچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئىدى.

— مانا، دېمىدىممۇ، — دەيتتى پىشقەدەم ئىشچى يولۋاس ئاكا، مەكتەپتە ئۇچرىغانلا كىشىگە ئۆز كۆڭلىدىكى خۇرسەندىچىلىكىنى دېيىشكە ئالدىراپ، — نىجات دېگەن ھەقىقەتەنمۇ يىگىتنىڭ بار مۇئەللىم! پارتىيە ئۇنى راستىنلا كۆردى. خىزمەت دېگەننى ئەنە شۇنىڭدەك ئىشلىسە بولىدۇ...

ئوقۇتقۇچىلار يولۋاس ئاكىنىڭ سادا، سەممىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىمۇ كۆڭلىدىكى سەممىي باھالىرى

بىلەن ئۆزىنىڭ خۇرسەنلىكلىكىدە ئورتاقلىشاتتى.

ئۆز مېھنەت تەرىپىگە قاپچىلىك تۆكسە ئۆزىدە گۈزەل ئۆزدە،

كۆڭۈللەر ئازادلىققا تولغان بەختىيار كۈلەر باشلانغان ئىدى.

نىجات تەجرىبىخانىدىن ئوقۇغۇچىلار بىلەن خىمىيە تەجرىبىسىنى ئىشلەپ بولۇپ قايتىۋاتاتتى. بىر توپ ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىشىپ بۈگۈنكى تەجرىبە ئۈستىدە قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقاندا، ئىشخانا تەرەپتىن چىققان پاتىگۈل ئۇلارغا يېتىشىۋېلىپ نىجاتنى چاقىردى:

— نىجات مۇئەللىم، سىزگە ئېيتىدىغان بىر گەپ بار ئىدى.

ئوقۇغۇچىلار بىرىغىراق مېڭىپ يەنە توختاشتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ نىجاتتىن سورايدىغان يەنە سوئاللىرى باردەك ئىدى.

— بۈگۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىن مۇدىر ئىشخانىسىدا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يىغىنى بار، — دېدى پاتىگۈل ئۆزىنى جىددى تۇتۇشقا تىرىشىپ،— سىزنىڭ قاتنىشىشىڭىزنى ئۇقتۇرۇش ۋەزىپىسىنى مەن ئالغان ئىدىم. ۋاقتىدىراق كېلەرسىز...

— پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يىغىنى؟...، — دېدى نىجات ھەيرانلىق بىلەن. — مەن...

پاتىگۈل بىردىنلا كۈلۈۋەتتى.

— نېمىگە ھەيران بولۇۋاتىسىز نىجات ئاكا.—دېدى

ئۇ، ئەمدى «مۇئەللىم» سۆزى ئورنىغا «ئاكا» سۆزىنى ئىشلىتىپ، — يەنە باشقا نەرسىلەرنى ئويلاپ ئەنسىرەۋاتامسىز-يە؟

— ئەنسىرىمىدىم، — دىدى نىجات ئوڭايسىزلىنىپ، — دەيمەنكى، مەن تىبخى...

پاتىگۈل كۈلكىسىنى توختىتىپ، ئەتراپىغا ئىتتىك قارىۋالغاندىن كېيىن، نىجاتنىڭ ئۆزىلا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئاستا پىچىرلىدى:

— بۈگۈن دەل سىز ئۆمۈر بويى ئارزۇقىلغان ئەڭ شەرەپلىك ئىش مۇزاكىرە قىلىنىدۇ، يولداش نىجات مۇئەللىم!

نىجاتنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. ئىللىق بىر سىيزىم پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ، يۈرىگى هاياجان ئىلكىدە دۈپۈلدەيتتى، خوشاللىق ئىچىدە دولقۇنلىنىۋاتقان بەختىيار قەلبى شۇ تاپتا نىمە قىلىشىنى، نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي «مەن... ئاخىر، مۇشۇ كۈننى قانچە كۈتكەن ئىدىم - هە!» دەپ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلايتتى.

ئايرۇپىلان موتورىنىڭ كۈچلۈك گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى كۈتۈش ئۆيىدە ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرىنى ئۈزۈۋەتتى، هەممە كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ يەرگە قونۇۋاتقان بۇ هەيۋەتلىك كۈمۈش لاچىنغا قاراشتى.

— نىجات ئاكا، رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بولدۇم، — دىدى قارا كۆك سارجا رەختتە كاستيوم - يوپكا كىيگەن

كېلىشكەن قامەتلىك ئۇزۇن چاچ، ئاق يۈزلۈك كەلگەن ياش ئايال ئىسسىق چىرايى بىلەن كۈلۈمسىرەپ، نىجات، ئابدۇرەززاق ئاكا، تۇرسۇن ئاكا، ھەجەرخان ئانا، نىجاتنىڭ دىخان دوستلىرى — ئۆمەرجان، باتۇر ۋە يەنە ئۈچ - تۆت ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراشتى، بۇ — پاتىگۈل ئىدى

— ئايروپىلان بىرىم سائەتتىن كېيىنلا ئۇچىدىكەن...، — دېدى ئۇ، ئالدىراپ سۆزلەپ، — ئازراق تاماق يەۋالسىڭىز بولاتتى.

— شۇنداق قىلىڭ بالام، — دېدى ھەجەرخان ئانىمۇ كېلىنىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— بىر نەرسە يېگۈم يوق، — دېدى نىجات ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ ۋە ھەجەرخان ئانىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپتى، — مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرگە ئەخمەتنى كۈتۈۋالسام بولامدۇ؟

ھەجەرخان ئانا نىجاتنىڭ شۇ سۆزى بىلەن ئىتتىك ئايروپىلان سۇپىسىغا قارىدى، يەرگە قونۇپ ئۇچقاندەك تېز مېڭىپ كېتىۋاتقان ئايروپىلان قاتتىق ئاۋاز بىلەن گۈكىرەپ، مەيداننى ئايلىنىپ كەلدى - دە، توختاش سۇپىسىغا كېلىپ ئاستا قوندى. كۈتۈش ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، كىشىلەر سىرتقا ئايروپىلان قونغان مەيدان تەرەپكە چىقىشتى.

نىجات، ھەجەرخان ئانا، پاتىگۈل، ئابدۇرەززاق ئاكا-لارنىڭ كۆزى ئايروپىلان شوتىسىدىن چۈشۈۋاتقان كىشى-

لەردە ئىدى. مانا، ئاخىرى، ئۇلار كۈتكەن كىشى — ئەخمەت چىرايلىق - ئەپچىل چامادانىنى كۆتىرىپ چىقىپ كەلدى.

— ئەخمەت ... بالام! — دېدى ھەجەرخان ئانا بوش ئاۋاز بىلەن ئوغلىغا قاراپ، شۇ تاپتا ئانا كۆزلىرى بىلەن ئەمەس، يۈرىگى بىلەن ئوغلىنى كۆرۈۋاتاتتى.

ئەخمەت سالماق قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كېلىپ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشتى. نۆۋەت نىجاتقا كەلگەندە كۈلۈمسىرىگىنىچە بىردەم قاراپ قالدى ۋە كەڭ قۇچاقلىرىنى ئېچىپ نىجاتنى مەھكەم قۇچاقلىدى.

— ناھايىتى خوشالمەن! تەبرىكلەيمەن، تەبرىكلەيمەن ئاكا! — دەيتتى ئۇ نىجاتقا تويماستىن يېنىشلاپ قاراپ.

نىجاتتىن كېيىن نۆۋەت ئانىغا كەلدى، باياتىن ئۇنىڭ نىجات بىلەن كۆرۈشۈشىگە يول قويۇپ، سەۋرى قىلىپ بىر چەتتە تۇرغان ئانا ئۇنى — پولك كومىسسارى بولۇپ يېتىلگەن سۆيۈملۈك ئوغلىنى — خۇددى كىچىك بالىنى قۇچاقلىغاندەك باغرىغا ئېلىپ، يۈز - كۆزلىرىگە سۆيدى. ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشكە ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇراتتى. نىجاتنىڭ ئېسىگە ئىختىيارسىز بۇنىڭدىن 20 - 19 يىللار ئىلگىرىكى، تۇنجى قېتىم ئەخمەت بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتتىكى ئىشلار چۈشۈپ كەتتى. يېڭى مۇئەللىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە ھارۋا ئېلىپ كىرگەن ئەخمەت مائارىپ بۆلۈمىنىڭ كادىرى چىقىشىپ قىلغان «...ھە، ئەخمەت

نوچى، يولۋاسكاڭنىڭ ھارۋىسىنى ئىگىلەبسەن - دە؟...» دىگەن سۆزىگە، «بەددىكىنى؟... يولۋاسكامنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قاپتىكەن. ئورنىغا كىردىم... بىزدەكلەرگە مەكتەپنىڭ ھارۋىكەشلىگىنى قىلىش نەدە تۇرۇپتۇ...» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. بۈگۈن... ئاشۇ ۋاقىتتىكى جۇلدۇر كىيىملىك يىتىم يىگىت خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر پولكىنىڭ سىياسى كومىسسارى بولۇپ يىتىشىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. نىجات ئۆز قەلبىنىڭ غايەت زور پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرى ئىچىدە سەممىمى خوشاللىقتا چۆمۈۋاتقانلىغىنى سەزدى.

كۈتۈش ئۆيىگە چىقىپ ئولتۇرغاندىن كىيىن ئەخمەت، نىجاتقا قاراپ ھاياجانلانغان ھالدا دىدى:

— يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ سىزگە «ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى» دىگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەنلىگىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خوشال بولدۇم ئاكا. بۇ سىزگە — پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ بەرگەن ئالى ئىنئامى، — ئۇ بىردەم توختۇۋىلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ قېتىم «ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى»لارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا بارىدىغانلىغىڭىزنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇرسەن بولدۇق، — ئۇنىڭ «...خۇرسەن بولدۇم» دەپلا ئېيتماي «... خۇرسەن بولدۇق» دەپ ئېيتىشى روشەنكى، ئەمدى ئۇنىڭ گەپنى ئۆز نامىدىنلا ئەمەس يەنە باشقا... يىراقتىكى كىشىلەر نامىدىمۇ قىلىۋاتقانلىغىنى بىلدۈرەتتى. نىجات بۇنى شۇ ھامان سەزدى، ئۇ ئىتتىك ئەخمەتكە قاراپ قويدى.

— بۈگۈن مۇشۇ سىز كەلگەن ئايروپىلاندا ئۇچىدۇ، — دېدى ئابدۇرەززاق ئاكىمۇ سۆز قىستۇرۇپ ۋە ئەخمەتكە يەنە بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. — نىجات يېقىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

— پاھ، بۇ خەۋەرنى نېمىشكە بالدۇرراق دېمەيسىلەر، — دېدى ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ، نىجاتنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، — ماڭا بۇ تېخىمۇ قالتىس خۇش خەۋەر ئەمەسمۇ؟

مىكرافوندىن: «بۈگۈنكى ئايروپىلاندا ئۇچىدىغان يولۇچىلار تەييارلىنىڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ۋاقىتنىڭ بۇنچە تېز ئۆتۈپ كېتىشىنى ھېچكىممۇ تۇيالمىغان ئىدى.

ئەخمەتنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كېلىپ، قانداقتۇ بىر نەرسىنى ئىزلىگەندەك ئىتتىك ئەتراپقا قارىدى.

— سومكىڭىزنى ئىزلەمسىز؟ — دېدى ھەجەرخان ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان پاتىگۈل ۋە ئەخمەتنىڭ «ھەئە» دېگەندەك قارىشىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىتتىك سومكىنى سۇندى.

— نىجات ئاكا، — دېدى ئەخمەت سومكىنى ئېچىۋېتىپ، — مېنىڭدىمۇ سىزگە بېرىدىغان مۇھىم ئامانەتلەر بار، — ئۇ شۇ گەپنى قىلىپ، ئىككى پارچە خەتنى ئېلىپ نىجاتقا سۇندى ۋە مەسلىك قىلىپ مۇنداق دېدى، — سىزنىڭ يىغىنىغا بارىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ

ۋېي خۇرۇك شۇجىغا تېلېفۇن بەرگەن ئىدىم، ئەتىسى ئەتىگەندە ۋېي شۇجى رەيھان ھەدەمنى ئېلىپ كىچىك ماشىنا بىلەن ئۇزاتقىلى كەپتۇ، ۋېي تاغام سىزگە كۆپ سالام ئېيتقاندىن كېيىن رەيھان ھەدەمنىڭ سىزنى ئۈرۈمچىگە بېرىپ كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى دېدى. رەيھان ھەدەم ياتىقىمدا ئولتۇرۇپلا بۇ خەتنى ئالدىراش يېزىپ سىزگە يەتكۈزۈپ بېرىشىمنى تاپشۇردى. گېپىدىن قارىغاندا، ئۈرۈمچىگە بېرىپ، تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن يەنىلا داشۆدە ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشمەكچى ئىكەن.

نىجات ئۇ بەرگەن خەتلەرنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىترەيتتى.

ئايرۇپىلانغا چىقىش ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى. نىجات سومكىنى ئېلىپ ئۇزاتقۇچىلار بىلەن خوشلاشتى.

ئايرۇپىلان ئورنىدىن ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن گۈركىرەپ قوزغالدى. نىجات ئايرۇپىلان تۈزلىنىپ تەكشى ئۇچۇشقا باشلىغاندا يانچۇقىدىن ئەخمەت بەرگەن خەتلەرنى ئالدى. ئۇ ئالدى بىلەن قېلىن كونۋېرتتىكى ۋېي تاغىسىنىڭ خېتىنى ئاچتى:

«ئوغلۇم نىجات، — دەپ يازغان ئىدى ۋېي خۇرۇك تاغىسى، — يېقىندا يازغان خەتلىرىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ، كېيىنكى چاغلاردىكى تۇرمۇش، خىزمەت ئەھۋالىڭدىن خەۋەر تاپتىم. كومىسسار ئەخمەت ماڭا سېنىڭ ھەققىڭدە كۆپ نەرسىلەرنى، بولۇپمۇ بېشىڭغا چۈشكەن ئېغىر قىسمەتلەرنى

تەپسىلى ھېكايە قىلىپ بەردى ... مەرھۇم ئاتاڭ نۇرپۇر،
قۇربان بولغان ۋاقىتتا يولداش ئىسلام ئىككىمىز (ئۇ ھا-
زىرمۇ سىنىڭ يۇرتۇڭدا ناھىيە باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتى-
دۇ) ساڭا ئۆز ئوغلىمىز سۈپىتىدە ئىگىدارچىلىق قىلىپ تەر-
بىيىلەشنى ۋەدىلەشكەنىمىز. بۇنى سەنمۇ بىلىسەن! ...
ئەپسۇسكى — سەن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن بىزنى نا-
ھايىتى ئاز ئىزالەپلا قالماستىن بەلكى، ئىنتايىن ئاز خەت
يازدىغان، كېيىنكى چاغلاردا بولسا پۈتۈنلەي يازمايدىغان
بولۇۋالدىڭ. بىز سېنى خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولۇپ
ۋاقىت چىقىرالماي قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان ئى-
دۇق، ھازىر بىلسەم، سەن ئۆز بېشىڭغا كەلگەن بالايى-
ئاپەتلەرنى بىزدىن يوشۇرۇپسەن، بۇ قىلغىنىڭ ئۈچۈن
گەرچە سېنىڭدىن رەنجىگەن بولسامۇ، لېكىن ئاشۇ چاغ-
لاردىكى ئەمىلىي ئەھۋالىڭنى، روھىي ھالىتىڭنى ئويلى-
غاندا، سېنى ئەيىپلىگىلىمۇ بولمايدۇ ... ئاڭلىشىمچە 20 يىل-
دىن بۇيان سەن خىزمەت ئورنۇڭدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلماي ئىشلەپ-
سەن، نۇرغۇن تۆھپىلەرنى يارىتىپسەن. سېنىڭ كىشىلەرنى چوڭ-
قۇر تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش - پائالىيەتلىرىڭنى ئاڭلاپ ئىخ-
تىيارسىز ئاتاڭ كۆز ئالدىمغا كېلىپ كۆزلىرىمدىن ئىسسىق
ياشلىرىم تامچىلىدى. ئاتاڭ كومپارتىيىنى، خەلق ھۆكۈمى-
تىنى قولىمۇ قىزغىن سۆيەتتى. ئۇ ھايات بولۇپ ئۆزىنىڭ
ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ چېچەكلەپ مېۋە بەرگەنلىكىنى كۆر-
گەن بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولار ئىدى! ...» ئىجاتنىڭ

كۆزلىرىگە لىققىدە ياش تولغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى باسال-
ماي بىر ھازاغىچە خەتنى تۇتۇپ ئولتۇردى، كېيىن ئۆزىنى
زورىغا بېسىپ خەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا كىرىشتى ...
«ئوغلۇم! باشقىلار ئۈچۈن، ئەۋلادلار ئۈچۈن ھوزۇر - ھالا-
ۋەتلىك گۈلزارلىق ۋە مېۋىزارلىق يېتىشتۈرەلىگەن باغۋەن-
نىلا ھەقىقىي باغۋەن دەپ ئاتاشقا بولىدۇ ... ئوقۇتقۇچىلار
ھەقىقەتەنمۇ ئون قەدەم نېرىدىن سالام بېرىپ ھۆرمەتلىسە
ئەرزىيدىغان كىشىلەردۇر! سەن ئەنە شۇ ئۇلۇغ، شەرەپلىك
كەسىپ ئىگىسى. مەن ۋە باشقىلار چىن يۈرىكىمدىن ساڭا
ئوخشاش خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بولغانلىقىدىن پەخىرلە-
نىمىز! بىزنىڭ بۇ پەخىرلىنىشلىرىمىز — ۋەتىنىمىزنى زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش سەپىرى جەريانىدا ساڭا تېخىمۇ تۈرتكە
ۋە ئىلھام بولغۇسى!...»

ۋېي خۇرۇك شۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇنداق ئىشلار-
نىمۇ يازغان ئىدى: «ناھىيىلىك پارتكومىمىزنىڭ سىياسەت-
نى ئەمەللەشتۈرۈش ئىشخانىسى 1978 - يىلىنىڭ بېشىدىلا
يولداش رەيھاننىڭ مەسىلىلىرىنى تولۇق تەكشۈرۈپ چى-
قىپ، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان
ئىدى. سىلەرگە ۋە يەنە باشقا بىرقانچە كىشىلەرگە زىيان-
كەشلىك قىلغان قارا نىيەت ئوقۇتقۇچى ھامۇت ئۆزىنىڭ
باشقا نەق جىنايەتلىرى ئۈچۈن 1963 - يىلىلا تېگىشلىك
جازاسىنى تارتقان ئىكەن.

سىياسەتنى ئەمەللەشتۈرۈش ئىشخانىمىز يولداش

رەيھاننىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن جىددى
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقانىدا. ھامۇت ئۆزلۈگىدىن بۇ
ئىشخانىغا كېلىپ، ئۆز جىنايەتلىرىنى تاپشۇرۇپتۇ. ھامۇت
1962 - يىلى يەنىلا رەيھاننى قولغا چۈشۈرۈش قارا نىيە-
تىگە كېلىپ، ساڭا بىر پارچە خەت يازغان ئىكەن (بۇ خەت-
نى ئۇ، سىنىڭ يېقىن ساۋاقدىشىڭ نۇردۇننىڭ نامىدا ئە-
ۋەتكەن) خەتتە «رەيھان، ھامۇت بىلەن توي قىپتۇ» دېگەن
ئىغۋا بار ئىكەن. ئوخشاشلا سېنىڭ ئۈستۈڭدىنمۇ «توي
قىپتۇ» دەپ ئىغۋا توقۇلغان يەنە بىر پارچە خەتنى رەي-
ھانغا ئەۋەتكەن ... ئەمما، رەيھان يەنىلا ئۈمىت ئۈزمىگەن.
1966 - يىلىغا كەلگەندە سىلەرنىڭ مەكتەپتىن «پاتىگۈل»
دېگەن ئوقۇتقۇچى رەيھانغا بىر پارچە خەت يېزىپ، سې-
نىڭ ئومۇمى ئەھۋالىڭنى ۋە يەنە «توي قىلدى» دېگەن
گەپنىڭ يالغانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ ...»

ۋېي خۇرۇڭ خەتنىڭ ئاخىرىدا رەيھاننىڭ ھازىرقى
تۇرمۇشى، خىزمەت ئەھۋالى ئۈستىدە قىسقىچە بايان قىلى-
غاندىن كېيىن يەنە مۇنداق يازغان ئىدى:

«... رەيھان ساپنىيەتلىك، ئەقىللىق، ۋىجدانى-
لىق قىز، ئۇنىڭ ئىرادىسى بەكمۇ مۇستەھكەم.
سېنىڭ رەيھاندەك مۇشۇنداق ياخشى قىزنىڭ
ساپ مۇھەببىتىگە، ئەقىدىسىگە نائىل بولغانلى-
قىڭ مېنى خوشال ۋە خاتىرجەم قىلدى. ئۇ سې-

نى كۈتۈۋېلىشقا باردۇ. بەختلىك ئۇچرىشىشـ
لارنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تىلەيمەن!

قولۇڭنى سىقىپ:

تاغاڭ ۋېيخۇرۇڭ

1980 - يىل 8 - ئىيۇل

نىجات كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇنىڭ خىيال ئـەينىكىدە، ئەخمەت، ئابدۇرەززاق ئاكا، ۋېيخۇرۇڭ، ئاقكۆڭۈل قىز پاتىـگۈل ... لەر كـۆرۈنۈشكە بـاشلىدى. «نىمە دېگـەن ئېسىل پەزىلەتلىك، كۆيۈمچان كىشىلەر - ھە! ...» دەيتتى ئۇ كۆڭـلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن.

نىجات بىردەم تـۇرۇۋېلىپ 2 - خـەتنى — رەيھانـنىڭ خېتىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تونۇش، ئەمما بەكمۇ قىسقا يېزىلغان پۇچۇركا ئۈستىدە يۈگۈردى.

«سالام، سۆيۈملۈكۈم!

ئەزىز ھاياتىنىڭ بەخت خوشلۇقى بىزگىمۇ قۇچاق ئاچىدىغان مۇبارەك كۈنلەر يېتىپ كەلدى. بۈگۈن - ئەتە ئىچىدە كۆرۈشىدىغانلىقىمىز چۈشۈم ئەمەستۇ - ھە؟

21 يىللىق سېغىنىش تەشنالىقى ماڭا بۇ خەتنى ئـالدىن يېزىشقـا ھـەيدەكچى بولدى. يـۈرەكتىكى

سۆزلىرىمنى قانداقمۇ يېزىپ تۈگەتكىلى بولسۇن؟!
مەن سىزنى سېغىندىم! شۇڭا ئالدىڭىزغا بېرىپ كۆ-
تۈۋالماقچىمەن.

سىزگە، سېغىنغان يۈرەكنىڭ بەختلىك ۋىسال ئالدىدىكى يالقۇنلۇق سالىمىنى يوللايمەن:

رەيھانىڭىز

**1980 - يىل 10 - ئىيۇل**

نىجات خەتنى لەۋلىرىگە يېقىپ سۆيدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىگىدىكى ھېسسىياتىنى تىل بىلەن ئىپادىلەشمۇ، قەلەم بىلەن تەسۋىرلەشمۇ قىيىن ئىدى ... ئۇ كۆزلىرىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىنى سەپەرداشلىرىدىن يوشۇرۇپ دەرىزە تەرەپكە قارىۋالدى.

بىردىن ئايروپىلان يېنىككىنە سىلكىنگەندەك بولۇپ كەتتى. نىجات ئۇنىڭ تۆۋەنلەپ ئۇچۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ يېنىپ دەرىزىدىن تۆۋەنگە قارىغىنىدا ئاستا - ئاستا چوڭىيىپ كۆرۈنۈشكە باشلىغان تاغ تىزمىلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئاقىرىپ، تىلىم - تىلىم كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغان سىپايان يارداڭلىقلارنى پەرق ئېتەلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەنە شۇ چۆل، يارداڭلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئەگرى - بوگرى بولۇپ كېتىپ ئۆتكەن بىر ئۇزۇن سىزىقنى

گۆرگەندەك بولدى. بۇ نېمىكىنە؟ ئۇ تېخىمۇ دىققەت بىلەن ئاق سىزىققا سەپسالدى. ۋاھ، بۇ يول ئەمەسمۇ؟ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئاتا ـ بوۋىلار ئىز سېلىپ بېسىپ ئۆتكەن تۈگىمەس ئۇزۇن يوللار مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ ... ئۇنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. كۆزلىرى بولسا كىچىككىنە سىزىقتەك كۆرۈنۈۋاتقان ئاشۇ يوللاردىن ئۈزۈلمەيتتى. ئۇنىڭ خىيال ئەينىكىدە ئۆزى كۆرۈپ ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز كارتىنىلىرى غىل ـ پاللا قىلىپ كەينى ـ كەينىدىن تىزىلىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاھ، ئۇ ئۆز بېشىدىن ئاز ئىشلارنى ئۆتكۈزدىمۇ؟ چېكىنى كۆرۈش تەس بولغان ئىگىز ـ پەس، ئەگرى ـ توقاي چېغىر يوللاردا ئاز ماڭدىمۇ بۇ؟!... ئۇ خىيالىدا غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان ئاشۇ چەكسىز يوللارنى، شۇ تاپتا كۆزىدىن نېرى قىلماي كېلىۋاتقان يەردىكى ئاۋۇ يوللارغا سېلىشتۇراتتى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانچىلىك ئوخشاشلىق باركىنا؟ ئۇ بۇنى بىر بىرلەپ سېلىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمىدى. ئايروپىلان تېخىمۇ تۆۋەنلەپ، يول خېلىلا ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. يول شۇنچىلىك ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىدىكى، ئۇ ئايروپىلان دەرىزىسىدىن ھەرقانچە تىكىلىپ قاراپمۇ ئۇنىڭ نېرىسىنى كۆرەلمىدى. پاھ، بۇ نېمە دېگەن ئۇزۇن يول ـ ھە! ... ئايروپىلان ئەمدى بىپايان تۈزلەڭلىكنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ بېرىۋاتاتتى. نىجات بىردىنلا يىراقتىكى كۆكىرىپ تۇرغان دەرەخزارلىقلارنى، ياپ ـ يېشىل مەخمەلدىن تون يېپىلغان شاخمات تاختىسىدەك پايانسىز

ئېكىنزارلىقلارنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ باياتىن كۆزىدىن يوقات-
ماي كېلىۋاتقان يول تۈپ - تۈز بولۇپ، ئەنە شۇ ياپ-
يېشىل يۇرت ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ دەرىزىگە
چېكىسىنى تىرەپ كۆزلىرىنى ھامان پەسكە — سۆيۈملۈك
ئانا زېمىنگە تىكەتتى. يول بارا - بارا چوڭىيىپ، كېڭەيمەك-
تە. نىجات خۇددى ئۇنىڭمۇ نېرىسىنى كۆرمەكچى بولغاندەك
كۆزلىرىنى ئىشەنچ بىلەن چوڭ ئېچىپ ئالدىغا — تې-
خىمۇ يىراقلارغا تىكەتتى.

1981 - يىل، ئۈرۈمچى



信 念 （维吾尔文）
托合塔吉·肉孜著 责任编辑：亚生

新疆青年出版社出版 （乌鲁木齐市建设路九号）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆八一印刷厂排版 乌苏县印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 8.5印张
1985年9月第1版 1985年9月第1次印刷
印数：1 — 6,200

统一书号： M 10124·157 定价：0.65元

مۇقاۋا ۋە قىستۇرما رەسىملىرىنى:
مەمەت ئايۇپ ئىشلىگەن

نومۇرى: M10124·157
باھاسى: 65 پۇڭ